# BULAK




# بۇلاق

4

1996



تانیدی کاکل دلارامین اونیندکینا — اوزینی تاشلادی ات اوستیندین

بو حالتنی کوروب نوروز نوشاد — اتیندین ساچراب اغداق قیلیدی فریاد

کرکالدی بارچه ایل حیرت اچیندا — کرنی بولدی بو سر ساعت اچیندا

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

17-يىل نەشرى

ئومۇمىي 57-سان

1996

باش مۇھەررىر : ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ، پەرىدە ئىمىن




1996 - يىل 4 - سان

# مۇندەرىجە


### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«شەھنامەئى تۈركىي» دىن ..........مۇھەممەتئىمىنئاخۇا شاھ ھىجران ( 5 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

گۇل ۋە نەۋرۇز ..............................لۇتفى (28)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ھاجى نۇرھاجى

مۇخەممەسلەر ..........................قۇل ئەلىم ئامى زەئىف (71)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەد سالىھ ھاجى

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

غەزەللەر ..................................كامران مىرزا (104)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەھىم ئىبلھاجى

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

تەسەۋۋۇپنىڭ ئەدىبىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى ..........
..............ھۇرمەتجان ئابدۇراخمان(118)

ھكايەئى لەزىزەئى شەككەرىستان (داستان) ........................................................(142)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : بارات رەجەپ
كەشمىر سۇلتانىنىڭ قىزى (چۆچەك) ........................................................(154)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : پەرىدە ئىمىن
لەتىپىلەر ........................................................(170)
تەرجىمە قىلغۇچى : ئەكبەر غۇلام
بېيىت ـ قوشاقلار ........................................................(175)
توپلاپ رەتلىگۈچى : غۇجىمەمەت مەمەت .

*   *

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقىي .
نەققاش : تۇردى قادىر نازىرى .
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ماۋ يۈيلۇڭ .
قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى : جەۋلان جلىل .

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : لۇتفى پورترېتى (1985 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «لۇتفى شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى) رەسسام : م . م . ۋورونسكىي .

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ بېتىدە : «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ ھىجرىيە 914 ـ يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن قول يازمىسىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەتلەر . لوندون برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان Add 7914 ـ نومۇرلۇق قول يازمىدىن ئېلىنغان .

# «شەھنامەئى تۈركىي»دىن

## موللا مۇھەممەد ئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## يىگىرمە ئالتىنچى داستان

**گۇدەرز ئىبنى گەشۋادنىڭ چۈش كۆرۈپ، پالۋان گىۋنى تۈركىستانغا كەيخۇسرەۋنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكى، پالۋان گىۋنىڭ كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن كەيخۇسرەۋنى تېپىپ ئەپقاچقانلىقى، پالۋان نەستىھەن بىلەن پالۋان گۈلبادنىڭ قوغلىشىپ بارغانلىقى ۋە يەنە پالۋان پىراننىڭ پىرسىپ گىۋ بىلەن جەڭ قىلىپ، گىۋنىڭ قولىغا تۇتقۇن بولۇپ قالغانلىقى، ئەفراسىيابنىڭ كەيخۇسرەۋ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغانلىقى ۋە كەيخۇسرەۋ ھەم كەيكاۋۇس پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغانلىقى، ئاندىن كەيخۇسرەۋنىڭ دەۋرى بەھمەن ئاتلىق شەھەرگە پىرسىپ غالىبلىق بىلەن يانغانلىقى**

مەۋلانا فىردەۋسى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ :

بىر كېچىسى پالۋان گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد مۇنداق چۈش كۆردى : ئىران شەھىرىنىڭ ئۈستىدە بىر. پەرىشتە بىر پارچە بۇلۇتقا مىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پەرىشتە گۇدەرزگە : « ھەي گۇدەرز، ھوشۇڭنى ۋە قۇلىقىڭنى ئىشلەتكىن، ئەگەر بۇ تەڭلىكتىن، يەنى زالىم ئەفراسىيابتىن قۇتۇلاي دېسەڭ، شۇنى بىلگىنكى، تۇران زېمىنىدە بىر يېڭى پادىشاھ بار. ئۇ-نىڭ ئىسمى كەيخۇسرەۋ بولۇپ، سىياۋۇشنىڭ پۇشتىدىندۇر. ئۇ ئىنتايىن قابىل ۋە ئېسىلدۇر. ئۇ ئاتا تەرەپتىن كەيقۇباد پادىشاھنىڭ، ئانا تەرەپتىن تۇر ئىبنى فەرىدۇننىڭ نەسلىدىن. پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ مۇبارەك قەدىمى ئىران زېمىنىگە يەتكەن چاغدا، جاھاندا ھەرقانداق دۈشمەن بولسا، ئۇ جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئۇ ئاتىسى سىياۋۇشنىڭ قان - قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن بەل باغلايدۇ، تۇران زېمىنىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتى گوياكى قۇلزۇم دەرياسىدەك مەۋج ئۇرۇپ، ئۆزى ئەفراسىياب بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇ يىل بويى دۇبۇلغا، قۇياق ئىچىدە يۈرۈيدۇ. ئۇنى ئىران پالۋانلىرى ۋە بەگلىرىدىن ھېچ كىشى تا-پالمايدۇ. ئېھتىمال پالۋان گىۋ بارسا تېپىپ كېلەلىشى مۇمكىن. بۇ ئالەمنىڭ ۋە پەلەكنىڭ تەقدىر - ئىرادىسى شۇنداقدۇركى، كەيخۇسرەۋ ئىنتايىن ئادىل پادىشاھ بولغاي » دېدى.

گۇدەرز ئۇيقۇدىن ئويغاندى ـ دە، بۈيۈك تەڭرىگە يىغلاپ، ئاپئاق ساقىلىنى تۇپراققا سۈردى، ئۈمىدۋار بولدى.

قۇياش قاراڭغۇلۇق نۇقتىسىدىن باش چىقاردى. پالۋان گۇدەرز ئالتۇن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. كۇرسىلارنى قويدۇرۇپ، ئوردىسىنى ياسىدى. ئۇ كۆپ پىكىر ـ ئەندىشىلەر بىلەن ئوغلىنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ، كۆرگەن چۈشلىرىنى بايان قىلدى:

ـــ ھەي ئوغلۇم، سەن ئاناڭدىن تۇغۇلغان ۋاقتتىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە خەلق ساڭا ئاپىرىن ئېيتىشىپ كەلمەكتە. ھازىر تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ماڭا ئاجايىپ بىر ئىش ئايان بولدى. كېچىدىن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە: بىر يېغىنلىق بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە بىر پەرىشتە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ پەرىشتە ماڭا: «ھەي، سەن نېمە ئۈچۈن غەم يەيسەن، جاھان خەلقى نېمە ئۈچۈن غەم يېيىشىدۇ؟ سىزلەرگە بۇ تەڭلىك شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ پادىشاھ ئادىل ئەمەس، پادىشاھلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئورۇندىيالمايدۇ. ئەگەر قاچانكى كەيخۇسرەۋ ئىران شەھىرىگە كەلسە، ئۇ بارلىق جاپا ۋە كۈلپەت، گىنە ھەم ئاداۋەتلەرنى دۈشمەنلەر تەرىپىگە تاشلىغۇسىدۇر. كەيخۇسرەۋنى ھېچقانداق كىشى تاپالمايدۇ. بەلكىم پالۋان گەۋ بارسا تاپالىشى مۇمكىن» دېدى. ھەي ئوغلۇم، بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق ئوخشايدۇ. بۇ ئىشتىك يول سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئېچىلسا كېرەك. سەن ھەر قاچان ئىككى سەپ ئارىسىدىن ياخشى نام ـ ئاتىقىڭنى چىقارماقنى ئىستىسەڭ، مانا ھازىر ياخشى ئاتاققا ئېرىشىشنىڭ ئوبدان پۇرستى ئالدىڭغا كەلدى. ئەگەر بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىساڭ، سېنىڭ ياخشى ئىشىڭ بۇ ئالەم بىلەن تەڭ ياشايدۇ. بۇ ئىشىڭ بىلەن سەن گوياكى ئاسمان ۋە يەرنىڭ تىلسىماتىنى ئاچقاندەك بولىسەن. گەرچە بۇ ئىشتا سەن تولا رەنجۇ مۇشەققەت چېكىسەن، مال ـ مۈلكۈڭنى تاشلاپ بېرىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ياخشى ئات كۆتۈرۈش مال ـ مۈلۈككە ئېرىشكەندىنمۇ ياخشىدۇر. بۇ دۇنيادا ياخشى ئات قالدۇرۇپ كەتسەڭ، بۇ ھەمىشە ھايات ياشىغىنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر سەن ئۇ يېڭى پادىشاھنى بۇ ياققا كەلتۈرسەڭ، بۇ سېنىڭ ۋاپادارلىق دەرىخىدىن مېۋە كەلتۈرگىنىڭدۇر.

ـــ ئەي ئاتا، ـــ دېدى پالۋان گىۋ، ـــ سېنىڭ پەرمانىڭدىكى قۇلمەن، تىرىكلا بولسام بۇ ئىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن ۋە بۇ ياخشى نامنى ئېلىشقا خېرىدارمەن.

گىۋ شۇندىن كېيىن ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ، تۇرانغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. گىۋ ئاتىسىنىڭ كۆرگەن بۇ چۈشىگە ھەيران قالدى. ئەتىسى پالۋان يۇ ئىشقا بېلىنى مەھكەم باغلاپ، چاپقۇر ئېتىغا مىنىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ـــ ئەي دانىشمەن ۋە پالۋان ئاتا، تۇرانغا بېرىش ئۈچۈن سىرتماق ۋە ئېتىمنى ھازىرلىدىم، چۈنكى لەشكەر ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلسام خەق مېنى جەڭ قىلغىلى كەلدى، دەپ گۇمان قىلىدۇ. شۇڭا سىرتمىقىمنى غانجۇغامغا باغلاي ـ دە، ھىندىلىقلار سىياقىدا تون كىيىپ، تاكى ئۇ شاھزادە قولۇمغا كىرمىگۈچە تاغلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇراي. چۈنكى شەھەر ئىچىدە يۈرۈشكە بولمايدۇ، مۇبادا ئۇلار مېنى تونۇپ قالسا، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغىنىم بىلەنمۇ پايدىسى بولمايدۇ. ئەي پالۋان ئاتا، مەن ئۇ شاھزادىنى تېپىپ خۇشال ـ خۇرام بولۇپ قايتمىغىچىلىك سىزنىڭ تەختىڭىز ئالدىغا كەلمىگەيمەن. ئەمما، بىر

ئىلتىماسىم بار: ئوغلۇم بىجەن تېخى كىچىك، سىز ئۇنى ئۆز قوينىڭىزدا ساقلىغايسىز. ئۇنىڭغا ئۆز ھۈنەرلىرىڭىزنى ئۆگەتكەيسىز. بىجەن تېخى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پالۋانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەي ئاتا، بۇندىن كېيىن سىز بىلەن كۆرۈشەلەمدىمەن ـ يوق، بۇنى بىلمەيمەن، شۇڭا مېنىڭدىن رازى بولۇڭ. بۇ ئالەمنى ۋە كۈچلۈك ـ كۈچسىزلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭرى ياراتقان، شۇڭا بارلىق ئۈمىدىمنى تەڭرىگە باغلايمەن. ئۇلۇغ تەڭرى ماڭا ئۇ شاھزادە تەرىپىگە يول كۆرسەتكەي.

گىۋ شۇ سۆزلەردىن كېيىن گۇدەرز بىلەن خوشلاشتى. ئۇ زار ـ زار يىغلىغان ھالدا ئا-تىسى ئالدىدىن چىقىپ كەتتى. گۇدەرزنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ياش بىلەن تولغانىدى. ئوغلىدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن بۇمۇ زار ـ زار يىغلىدى، گۇدەرز ئوغلىنى قايتا يەنە كۆرەلىشى ياكى كۆرەلمەسلىكىنى بىلمەيتتى. ئېسىت، بۇ ئالەمدە ۋاپا يوق. ئىلگىرى ئۆتكەن تالاي كىشىلەر ياخشىلىقنى ئىزدەپ، تولا رەنجۇ مۇشەققەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئاخىرى تۇپراق ئاستىدا قالدى. ئەي ئەزىز، سىز ھامان بۇ ئالەمدە تۇرۇپ قالالمايسىز، يەنە نېمىشقا بۇ ئالەمگە ھېرىسمەنلىك قىلىسىز؟ ھېرىسمەنلىكنى تاشلىغايسىز. چۈنكى بۇ ئالەمدە ئۆزىڭىز يەپ ئىچكىنىڭىز ۋە باشقىلارغا بەرگىنىڭىزنىڭ ئۆزى نېسىۋىدۇر. شۇنچە رەنجۇ مۇشەققەت تارتى-شىڭىز يەنە بىر كىشى ئۈچۈندۇر. سىز جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن مال ـ مۈلۈك تاپىسىز، ئەمما ئۇنى يەنە بىر كىشى مۇشەققەتسىز ھالدا، ئاسانلىق بىلەن يەيدۇ. سىزنىڭ قېرىلىقىڭىزغا ھەرگىز قارىمايدۇ، ئۇ كىشىمۇ ئۆلىدۇ، تۇپراق ئاستىغا بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى ئويلىشى كېرەك. ھەممىڭىزلار بۈيۈك تەڭرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە تەييارلىق قىلغايسىزلەر، ھەممە خەلققە ياخشىلىق قىلغايسىزلەر، نىجاتلىقنىڭ يولى ئەنە شۇدۇر. سىز قانچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈڭ، يەنە ئاخىرى ئۆلىسىز. ئۆلگەندىن كېيىن قايتا يەنە بۇ ئالەمگە يېنىپ كەلمەيسىز. بۇ كونا دۇنياغا كۆڭۈل بەرگۈلۈك ئەمەس. شۇ بۇ جاھاندا ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلمىغايسىز. مەسىلەن، ئەفراسىياب بۇ دۇنيادا ھەممىدىن زىيادە بولىمەن دەپ، شۇنچە ياش شاھزادىلەرنى ئۆلتۈردى. ئۇلۇغ تەڭرى ئاشۇ شاھزادىنىڭ پۇشتىدىن بىر پادىشاھ ياراتتى ۋە ئەفراسىيابتىن ئۇ شاھزادىنىڭ ئۆچىنى ئالدى. ئەسلى سۆزىمىزگە كې-لەيلى:

ئەلقىسسە، پالۋان گىۋ ئىراندىن تۇرانغا باردى. ئۇ يولدا ھەرقانداق ئادەم ئۇچرىسا، تۈركىي تىل بىلەن سۆزلەيتتى ۋە كەيخۇسرەۋنى سورايتتى. ئەگەر ئۇ كىشى كەيخۇسرەۋنى بىلمەيمەن دېسە، دەرھال بېشىنى كېسەتتى ـ دە، تۇپراققا كۆمەتتى. بىر كىشى پالۋان گىۋغا يولچى بولۇپ بارۇر ئىدى. گىۋ بىر كۈنى ئۇ كىشىگە:

— مەن سەندىن بىر سۆز سورايمەن، ئەگەر يالغان ئېيتماي راست سۆزلىسەڭ، سې-نىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايمەن، جاھاندا سېنى زەردار قىلىۋېتىمەن، — دېدى.

— مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىمەن، ئەگەر مەن بىلىدىغانلا ئىش بولسا، ساڭا ئېيتاي، — دېدى ئۇ كىشى.

— راستى بىلەن جاۋاب بەرگىن، كەيخۇسرەۋ قەيەردە؟

— مەن، — دېدى ئۇ ئادەم، — بۇنداق ئاتلىق ئادەمنى پەقەت ئاڭلاپ باقمىغان.

گىۋ دەرھال تىغ تارتىپ، ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۆزى بىچارە ۋە ساراسىمە بولغان ھالدا تۇران ئۆلكىسىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئۆز ۋاقتىدا رۇستەم تۇران ئۆلكىسىدىن يېنىپ كەتكەندە، ئەفراسىياب ئۆز ئوردىسىغا كېلىپ، پىرانغا پەرمان چۈشۈرۈپ:

— كەيخۇسرەۋنى ماچىن شەھىرىدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئانىسىغا قوشقىن، ئۇلار تۇرغان شەھەرنىڭ ھەممە تەرىپىدىكى يوللارنى قامال قىلغىن، — دېگەنىدى. پىران ئادەم ئەۋەتىپ، كەيخۇسرەۋ ئىبنى سىياۋۇشنى ماچىن شەھىرىدىن كەلتۈرۈپ ئانىسىغا قوشۇپ قويغانىدى. پالۋان گىۋ شۇ ئۆلكىدە يۈرىۋاتاتتى. ئۇ ھەمىشە غەم ـ ئەندىشىدە ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بىر جاڭگالغا يەتتى. گىۋ غەمكىن ھالدا ئۇ جاڭگالغا كىردى. ئۇ بۇ يەرنىڭ ناھايىتى خۇشھاۋا ئوبدان جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشتى. گىۋ ئاتنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزى ياتتى ۋە خىيالغا كەتتى: « ئاتام كۆرگەن چۈش شەيتانىمىدىكىن، يەتتە يىلدىن بىرى بۇ ئۆلكىدە يۈرۈپ، كەيخۇسرەۋدىن ھېچ بىر نام ـ نىشان تاپالمايۋاتىمەن. شۇ تاپتا مېنىڭ يارەنلىرىم خۇشالمىكىن، ياكى غەمكىنمىكىن؟ ئېسىت! بەختىم گۈمبەز ئىچىگە ياڭاق چاچقاندەك چېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆمرۈم زايا بولۇدىغان ئوخشايدۇ. ئەمما كەيخۇسرەۋ ئانىسىدىن تېخى تۇغۇلمىغانمىكىن ياكى تۇغۇلسىمۇ ئۆلۈپ كەتكەنمىكىن؟ مېنىڭ ئۇنى ئىزدىگىنىمنىڭ رەنجۇ مۇشەققەتتىن باشقا پايدىسى بولمايۋاتىدۇ.» گىۋ شۇنداق خىيال بىلەن يەنە ئاتقا مىنىپ، ئۇ كۆكلەمزارنى تاماشا قىلىپ يۈردى. ئۇنىڭ توساتتىنلا بىر بۇلاققا كۆزى چۈشتى. بۇلاق بېشىدا بىر يىگىت ئولتۇراتتى، ئۇ يىگىتنىڭ قەددى ـ قامىتى ئەركىن ئۆسكەن سەرۋى دەرىخىدەك، يۈزلىرى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك، چاچلىرى ئېپاردەك ئىدى؛ قولىدا مەي توشقۇزۇلغان ئالتۇن جامنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھىدىدىن ئېپاردەك خۇش بۇي پۇراقلار كېلىپ تۇراتتى. گىۋ كۆڭلىدە: « بۇ يىگىت پادىشاھتىن باشقا كىشى ئەمەس، مۇنداق گۈزەللىك باشقا ھەرقانداق كىشىدە بولمايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ، تېزلا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. كەيخۇسرەۋمۇ پالۋان گىۋنى كۆردى ـ دە، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى؛ ئۇ كۆڭلىدە « پالۋان چوقۇم گىۋدىن باشقا كىشى ئەمەس، چۈنكى بۇ ئۆلكىدە مۇنداق پالۋان يوق ئىدى. ھەقچان بۇ پالۋان مېنى ئىرانغا ئېلىپ بېرىپ پادىشاھ قىلىش ئۈچۈن كەلدى» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاندىن پالۋان گىۋ سۆز باشلاپ:

— ئەي شاھزادە، سىز سىياۋۇش پادىشاھنىڭ ئوغلى بولۇپ قالماڭ يەنە، — دېدى.

— ئەي پالۋان، — دېدى كەيخۇسرەۋ، — سىزنى گۇدەرزنىڭ ئوغلى گىۋمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— مېنىڭ گۇدەرزنىڭ ئوغلى گىۋ ئىكەنلىكىمنى سىزگە كىم ئېيتتى؟ — دېدى گۇدەرز.

— ئەي پالۋان، ماڭا كۆڭلۈم ئېيتتى، — دېدى كەيخۇسرەۋ، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاتام ئانامغا: « سەندىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ ئېتىنى كەيخۇسرەۋ قويغىن، كەيخۇسرەۋ چوڭ بولغاندا ئىراندىن گىۋ ئاتلىق بىر پالۋان كېلىدۇ، ئۇ پالۋان كەيخۇسرەۋنى ئىرانغا ئېلىپ بېرىپ پادىشاھ قىلىدۇ، ئوغلۇم جاھانغا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن،

دۈشمەنلىرىمدىن مېنىڭ ئۆچۈمنى ئالىدۇ » دېگەن ئىكەن .

— ئەي شاھزادە قىياپىتىڭىزدىن پادىشاھلىق نىشانى ئايانىدۇر . ھالبۇكى ، سىياۋۇشنىڭمۇ بىلىكىدە پادىشاھلىق بەلگىسى بولغان قارا مېڭى بار ئىدى . ھازىر سىزمۇ بىلىكىڭىزنى ئېچىپ ماڭا كۆرسىتىڭ ، — دېدى گىۋ .

كەيخۇسرەۋ شۇ ھامان بىلىكىنى يالىڭاچلاپ كۆرسەتتى . گىۋ قاراپلا كۆردى . كەيخۇسرەۋنىڭ بىلىكىدىمۇ ئېپىردەك قاپقارا بىر دانە مەڭ تۇراتتى . ئۇ مەڭ كەيقۇباد پادىشاھتىن مىراس قالغان بولۇپ ، پادىشاھنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى كىشىلەر ئاشۇ مەڭدىن بىلەتتى . پالۋان گىۋ كەيخۇسرەۋدىكى نىشانىنى كۆرۈش بىلەنلا يۈزىنى يەرگە ئۇرۇپ زار — زار يىغلىدى . كەيخۇسرەۋمۇ گىۋنى قۇچاقلاپ ، خۇشاللىق بىلەن ئاپىرىنلار ئېيتتى . ئىراننىڭ تىنچ — ئامانلىقىنى ، كەيكاۋۇس پادىشاھنىڭ ۋە رۇستەم ، گۇدەرز قاتارلىق سەردارلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى .

— ئەي شاھزادە ، — دېدى پالۋان گىۋ ، — سىزنىڭ يۈزىڭىزنى كۆرۈش نېسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن چەكسىز خۇشالمەن . ئەگەر كەرەملىك تەڭرىم ھەممە بېھىشتىنى ۋە يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىقىنى ماڭا بەرگەن تەقدىردىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتمەس ئىدى . بۈگۈن سىياۋۇشنى ھايات كۆرگەندىنمۇ بەك خۇرسەن بولدۇم . خۇداغا شۈكرى ، مېنىڭ شۇنچە تارتقان رەنجۇ مۇشەققەتلىرىمنى زايا قىلمىدى ، ئاخىر مېنى بۇ قەدەر خۇشال قىلدى .

ئۇلار ئىككىسى جاڭگالدىن يولغا چىقتى . يولدا كېتىۋېتىپ ، كەيخۇسرەۋ كەيكاۋۇس پادىشاھنى ، ئۇنىڭ يەتتە يىل مابەينىدە نېمە رەنجلەرنى تارتقانلىقىنى ، ئۇنىڭ يېمەك — ئىچمەك ۋە كىيىم — كېچەك ئەھۋالىنى سورىدى . گىۋ ئۇنىڭغا ئۆتكەن ئەھۋاللارنى ، يەنى گۇدەرزنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ يەتتە يىل جاپا — مۇشەققەت چەككەنلىكىنى ، يىلپىزلارنىڭ گۆشىنى يەپ ، تېرىسىنى كىيگەنلىكلىرىنى ، كەيكاۋۇس پادىشاھنىڭ سىياۋۇشتىن ئايرىلغاندىن بېرى پىراق ئازابىدا قانات — قۇيرۇقى يۇڭدالغان قۇشقا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ، پۈتكۈل ئىران مەملىكىتىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى باشتىن ئاخىر غىچە سۆزلەپ بەردى . بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ كۆڭلى غەمگە چۆكتى .

— ئەي پالۋان ، — دېدى ئۇ گىۋگە ، — ئىلگىرى تارتقان جاپالىرىڭىزنىڭ مېۋىسىنى ئەمدى كۆرگەيسىز . بۇندىن كېيىن سىز ماڭا ئاتا بولۇڭ ، ھېچكىمگە سىرىمنى ئېيتماڭ .

پالۋان گىۋ قولىغا ھىندى قىلىچىنى ئېلىپ ماڭماقتا ئىدى . ئالدىغا كىم ئۇچرىسا ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسەتتى . ئۇلار شۇ يوسۇندا يول يۈرۈپ سىياۋۇشئابادقا كەلدى — دە ، فەرەڭگىسنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى . فەرەڭگىسمۇ ئۇلارغا يار بولدى . ئۇ ئۈچەيلەن ئەلدىن يوشۇرۇن ھالدا يولغا چىقىش مەسلىھىتىنى قىلىشتى . فەرەڭگىس مۇنداق دېدى :

— ئەگەر بىز بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرساق ، ئاتام ئەفراسىياب ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا ، يېمەك — ئىچمەكنى قويۇپ ، بىزنىڭ پېيىمىزغا چۈشىدۇ . ئۇ چاغدا بىزنى تىرىك قويمايدۇ . بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە دۈشمەندۇر . ئەفراسىياب بىزنى تۇتۇۋالسا ، كۆيدۈرۈۋېتىشتىن

يانمايدۇ. مۇشۇ يېقىندا بىر چىمەنزار بار. ئەي ئوغلۇم، سىلەر پالۋان گىۋ بىلەن بىللە ئىگەر ـ يۈگەننى كۆتۈرۈپ، شۇ جايغا بېرىڭلار بىر ئېگىز جايغا چىقىپ قارىساڭلار بىر مۇرغىزار كۆرۈنىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى يېقىملىق بولۇپ، بىر ئېرىقتا سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. كۆن كەچ بولغاندا ھەممە يىلقىلار شۇ يەرگە سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ. ئاتاڭ سىياۋۇشنىڭ بېھزاد شەبرەڭ ناملىق ئېتىمۇ شۇ يەردە. سەن ئۇنىڭغا ئىگەر ـ يۈگەننى كۆرسەتكىن. ئۇ سېنى كۆرۈش بىلەنلا يۇۋاش بولىدۇ. سەن ئۇنى مىنىپ كەلگىن. قاچانكى ئۇ ئات سېنىڭ يېنىڭغا كەلسە، ئوچۇق چىراي كۆرسەتكىن، مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن يۈزلىرىنى سىلىغىن. ئاتاڭ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن ۋاقتىدا بېھزاد شەبرەڭگە: «ھەي ئېتىم، مۇندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمىگىن، تاغ ۋە چىمەنزارلاردا يۈر، ئوغلۇم كەيخۇسرەۋ سېنى ئىزدەپ كەلگەن ۋاقتىدا ئۇنى ئۈزۈڭگە مىندۈرگىن. ئۇ سېنى مىنىپ، دۈشمەنلەرنى قىرغۇسىدۇر» دېگەنىدى.

كەيخۇسرەۋ ئانىسى فەرەڭگىسنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئاتلاندى. گىۋ ئۇنىڭ بىلەن پىيادە ماڭدى. ئۇلار چىمەنزارغا يېتىپ باردى. دېگەندەك ئۇ يىلقىلار كەچتە ئېرىق ياقىسىغا كېلىپ، سۇ ئىچىپ ياندى. بېھزاد شەبرەڭنىڭ كۆزى كەيخۇسرەۋگە چۈشۈش بىلەنلا ئۇنتالمىغان دەردلىك ۋە قايغۇلۇق ھالدا بىرنى كىشنىدى. كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭغا سىياۋۇش مىنگەن ئىگەر، ئىشلەتكەن يۈگەن ۋە چاناقنى كۆرسەتتى. ئات شۇ ھامان ئۆز ئورنىدا توختىدى ـ دە، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىمىدى. كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلاپ، يايلى ۋە قۇيرۇقلىرىنى قاشلىدى. ئاندىن ئىگەرنى توقۇپ، ئۈستىگە مىندى. ئات شۇ ھامان شامالدەك ئۇچقان پېتى پالۋان گىۋنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولدى. پالۋان گىۋ كەيخۇسرەۋنىڭ غايىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھېسابسىز غەمگە چۆكتى. ئۇ خۇدانى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «ھەي ئېسىت، بۇ ئات سۈرىتىگە كىرىۋالغان جادۇگەر ئىكەن، ئەمدى كەيخۇسرەۋنىڭ مىڭ جېنى بولسىمۇ، بىرى ساق قالمايدىغان بولدى. مېنىڭ تارتقان شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتلىرىم زايا بولدى» دېدى.

كەيخۇسرەۋ يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئاتنىڭ چولۋۇرىنى تارتتى. گىۋ كەيخۇسرەۋنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلدى. كەيخۇسرەۋ گىۋگە:

— ئەي پالۋان، كۆڭلۈڭىزدە كەچكەن سىرنى ئېيتايمۇ؟ — دېدى.

— ئەي شاھزادە، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى سىرنى سىز بىلەلەمسىزمۇ؟ — دېدى گىۋ.

— مەن بۇ ئاتنى مىنگەندىن كېيىن، سىز كۆڭلىڭىزدە: «بۇ ئات سىياقىغا كىرىۋالغان جادۇگەر كەيخۇسرەۋنى ئېلىپ قاچتى. شۇنچە رەنجۇ مۇشەققەتلىرىم بىكار بولدى» دەپ ئويلىدىڭىز.

گىۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئاتتىن چۈشۈپ، كەيخۇسرەۋگە تەھسىن ۋە ئاپىرىنلارنى ئېيتتى:

— ئەي شاھزادە، سىزنىڭ پاراستىڭىزگە باركاللا، سىزگە يامانلىق سانىغۇچىلار-نىڭ كۆزى كور بولسۇن. — دېدى گىۋ.

ئۇلار ئوردا تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ، فەرەڭگىسنىڭ ئالدىغا كەلدى. كەيخۇسرەۋ

يولنىڭ ئۇزاقلىقىنى بىلدى ۋە ئانىسىغا جېكىلەپ :

— ھېچ كىشى مېنىڭ سىرىمنى بىلىپ قالمىسۇن ، — دېدى .

فەرەڭگىس بېھزاد شەبرەڭنى كۆرۈپ زار - زار يىغلىدى . يۈزلىرىنى ئاتىنىڭ يايلىلىرىغا سۈرتكەن ھالدا سىياۋۇشنى ئەسلەپ نالە - زار قىلدى . ئاندىن مەلىكە فەرەڭگىس خەزىنە تەرەپكە يول ئالدى . ئۇردا ئىچىدە بىر پىنھان خەزىنە بار ئىدى . ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن گۆھەردىن تارتىپ تاكى تىغ ، نەيزە ، گۈرزا ، ئۇلپاق ، شەمشەرلەرگە قەدەر ھەممىسى بار ئىدى . فەرەڭگىس بۇ خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ ، كەيخۇسرەۋگە كۆرسەتتى ۋە پالۋان گىۋغا :

— ھەي پالۋان ، كۆپ رەنجۇ مۇشەققەتلەر تارتىپ كەپسىز ، بۇ ئالتۇن كۈمۈش ، ئۈنچە ، گۆھەر ، ياقۇت ، مارجان ، تەخت ۋە تاجلاردىن قايسىسىنى خالىسىڭىز سىزنىڭ بولسۇن ، چۈنكى سىز جان ۋە تېنىڭىزنى بىز ئۈچۈن پىدا قىلىپسىز ، — دېدى .

— ئەي جاھان ئاغىچىسى ، — دېدى گىۋ يەر سۆيگەن ھالدا ، — بۇ يەر يۈزى سىز تۈپەيلى بېھىشتتەك بولغۇسدۇر . جاھان پالۋانلىرى سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ ئالدىدا قۇل بولغۇسدۇر . سىزگە يامانلىق ئويلىغۇچىلار يەر بىلەن يەكسان بولسۇن .

گىۋ خەزىنە ئىچىگە قارىدى - دە ، ئۇنىڭ ئىچىدىن سىياۋۇشنىڭ شەمشىرىنى تاللىدى . ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدە بارلىكى بولغان قىممەت باھا مال - دۇنيالارنىڭ ھەممىسىنى ئالدى . ئۇنىڭ ئىچىدىكى دۇبۇلغا ، كەستۈن ۋە قورال - ياراقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ جابدۇندى . كەيخۇسرەۋ ئاندىن ئۇ خەزىنىنىڭ قۇۋۋۇقىنى مەھكەم تاقىدى . ئاندىن شامال ئاياغ ئاتلارغا مىندى . مەلىكە فەرەڭگىسمۇ بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ ، راسلاندى . ئۈچۈيلەن ئەلدىن يوشۇرۇن ھالدا شامالدەك تېز سۈرئەت بىلەن ئىران تەرەپكە راۋان بولدى .

« كەيخۇسرەۋ ئىران تەرەپكە يۈزلىنىپتۇ » دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئەلدىن پىنھان قالمىدى . ھەتتا بىر كىشى كېلىپ پىرانغا :

— ئىران شەھىرىدىن پالۋان گىۋ كېلىپ ، كەيخۇسرەۋنى ئېلىپ ، ئىران پادشاھلىقى تەرەپكە قاراپ قاچتى ، فەرەڭگىسنىمۇ ئېلىپ كەتتى ، — دېدى .

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پىران ۋىسە دەرەى ياپرىقىدەك تىترەپ كەتتى . ئۇ ئىنتايىن غەمكە پاتقان ۋە چېچىلغان ھالدا ، ئىككى پالۋاننى تاللىدى . ئۇلاردىن بىرى گۇلباد ، ئىككىنچىسى نەستېھەن ئىدى . پىران ئۇلارغا ئۈچ يۈز پالۋان قوشتى . نەستېھەن بىلەن گۇلباد جەڭدە پىلىنمۇ يىڭەلەيدىغان باتۇرلاردىن ئىدى .

پىران ئۇلارغا خىتاب قىلىپ :

— ھەي بۇرادەرلەر ، گىۋنىڭ بېشىنى كېسىپ ، نەيزىگە سانجىڭلار ، فەرەڭگىسنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ، تۇپراق ئاستىغا كۆمۈڭلار ، كەيخۇسرەۋ دېگەن شۇمنى تۇتۇپ باغلاڭلار . ئۇ بەدبەختلەر دەريادىن ئۆتۈپ كەتسە ، بۇ شەھەرلىكلەرنىڭ بېشىغا نېمىلەرنى سالمايدۇ دەيسەلەر ؟! — دېدى .

بۇ ئىككى پالۋان لەشكەر تارتىپ يۈرۈپ كەتتى . فەرەڭگىس ئوغلى بىلەن ئۇخلاپ ياتاتتى . ئۇلار يول يۈرگەندە ۋە كېچىسى ياتقاندا گىۋ مۇھاپىزەت قىلاتتى . ئانا - بالا ئىككىسى

ئۇخلاۋاتقىنىدا، گىۋ يولغا قاراپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. گىۋنىڭ ئېتىغا زىلچا يوپۇقلار يېپىلغان ھالدا ياتاتتى. گىۋ ئۇستىبېشىغا ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيىپ جەڭگە تەييار ھالدا تۇراتتى. تۇساتتىن يىراقتا كېلىۋاتقان تۇران لەشكەرلىرىنى كۆردى. ئۇ دەرھال تىغ يالىڭاچلاپ، بۇلۇت گۈركىرىگەندەك نەرە تارتقان ھالدا تۇران لەشكەرلىرى ئارىسىغا قويۇندەك يېتىپ كەلدى. بىر پەستە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە تۇتۇش قىلدى. بەزىلىرىنى گۈرزى بىلەن يەنجىيتتى. تۇران لەشكەرلىرى گىۋنىڭ مۇنداق گۈرزى ئۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ، ھەممىلىرىنىڭ بېشى ئايلاندى. جەڭ قىلىشتىن تويدى. گىۋ بارغانسىرى روھلاندى. ئۇ تۇران لەشكەرلىرى ئارىسىدا دەريانىڭ كۆزىدىكى بۇلاقتەك كۆرۈنەتتى. تۇران لەشكەرلىرى گىۋنى ئارىغا ئېلىپ ئوق ياغدۇرۇشتى. ئېتىلغان نەيزىلەرنىڭ توللىقىدىن يەر قومۇشلۇققا ئوخشاپ قالدى. چاڭ - توزانلار قۇياش نۇرىنى توستى. پالۋان گىۋ ئۇلاردىن كۆپىنچىسىنى يىقتتى. گۇلباد نەستىھەنگە:

— گىۋنىڭ قول ۋە بىلەكلىرى تاشتىن پۈتكەن نېمىدۇر ؟! — دېدى.

پالۋان گىۋ شىردەك نەرە تارتىپ ئۆزىنى ئۇلەشكەرلەرگە ئۇراتتى. تاغ - تۈز ۋە باياۋانلار جەسەت دۆۋىلىرىگە ئايلاندى. پۈتۈن باياۋان ئادەم قانلىرىدىن ئەرغىۋان گۈلدەك قىزاردى. قالغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى گىۋنىڭ ئالدىدىن قاچتى. ئۇلار بارچىسى يارىلانغان ۋە كۆڭۈللىرىگە غەم، شىكەستە يەتكەن ھالدا پىراننىڭ ئالدىغا باردى.

گىۋ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزاسى قانغا چۈمۈلگەندەك بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى گىۋ مەمنۇنىيەت بىلەن، — كۆڭلىڭىزنى خۇشال تۇتۇڭ، مەن پالۋانلىقتا رۇستەمدىن باشقىسىنى تونۇمايمەن. گۇلباد بىلەن نەستىھەن لەشكەر باشلاپ كەلگەنىكەن. ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ھايات قالغانلىرىمۇ يارىلىنىپ پاراكەندە ھالدا قېچىپ كېتىشتى. ھەممىسى ئۆزىنىڭ تېنىدىكى جاراھىتىدىن ئىڭراۋاتسا كېرەك.

كەيخۇسرەۋ گىۋدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇلار تېپىلغان ئازراق ئوزۇق - تۆلۆكنى يەپ، يوللىرىغا راۋان بولدى.

قاچقان لەشكەرلەر پىراننىڭ ئالدىغان كېلىشتى، ئۇلار يىغلاشماقتا ئىدى. پىران پەرىشان بولۇپ گۇلبادقا:

— كەيخۇسرەۋگە سىلەر قانداق چارە قوللاندىڭلار، ئۇ قانداق تاقابىل تۇردى ؟ ھەممىنى راستى بىلەن ئېيت، — دېدى.

— ئەي سەردار، — دېدى گۇلباد ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، — ئەگەر مەن ئېغىزىمنى سۆزگە ئېچىپ، گىۋنىڭ بىزگە نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى ئېيتىدىغان بولسام، سىزنىڭ كۆڭلۈگىز جەڭ قىلىشتىن سوۋۇپ كېتىدۇ. گىۋ مېنىڭ قولۇمدىن مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق گۈرزى يېدى. ئەمما، ئۇنىڭ بېشى تاشتىن پۈتكەندەك، قول - بىلەكلىرىنىڭ چىشى باردەك بۇنىڭغا زادى پەرۋا قىلمىدى. رۇستەمنىڭ جەڭلىرىنىمۇ تولا كۆرگەنمەن، يەنە باشقا پالۋانلارنىمۇ تولا ئاڭلىغانىدىم. ئەمما، رۇستەمنىڭمۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرىشتە گىۋدەك مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەگەر ئاشۇ گۈرزىلارنى تاشلارغا ئۇرغان بولسام، مۇمدەك بولغان

بولاتتى. بىراق گىۋنىڭ بىلەكلىرىگە كار قىلمىدى. گىۋ ھەر قېتىم نەرە تارتسا، دەريالار قاينام ھاسىل قىلىپ، شاۋقۇن سالدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پىران غەمگە چۆككەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئۇ پالۋاننى تەرپلەشتىن باشقا ئېيتىدىغان سۆزلىرىڭ يوقمۇ؟ سەن ئەمدى گىۋ بىلەن جەڭ قىلىش كويىدا بولما. سەن ۋە نەستىھەندەك ئىككى پالۋان شۇنچە كۆپ لەشكەرنى باشلاپ بېرىپمۇ، گىۋنى يېڭەلمەي، ئۇنى كۆچ قۇۋۋەتتە گوياكى بىر مەست پىلدەك قىلىپ، ماختاپ كېلىپسىلەر. ئەمدى سىلەرنىڭ پالۋانلار ئارىسىدا ئابرويۇڭلار تۆۋەنلىدى. ئەگەر ئەفراسىياب بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا، ئىككى پالۋاننىڭ شۇنچە لەشكەر بىلەن بېرىپ، بىر كىشىنىڭ ئالدىدىن قاچقانلىقىنى، نۇرغۇن پالۋانلارنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە يارىدار بولغانلىقىنى بىلسە، سىلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ، «قورال - ياراق تۇتۇپ جەڭ قىلىش لاياقىتىڭلار يوقكەن» دەپ قارايدۇ.

پىران يەنە مىلك نەپەر داڭدار پالۋاننى ئىلغاپ، ئۇلارغا:

— يۇرۇڭلار، كېچە - كۈندۈز شىردەك يۈگۈرۈڭلار، ئەگەر كەيخۇسرەۋ ئىرانغا يېتىپ بارغۇدەك بولسا، ئىراننىڭ خوتۇن خەقلىرىمۇ گويا يولۋاسنىڭ ئۆزى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. ئەفراسىيابمۇ بۇ دەرد - ئەلەمدىن ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچار بولىدۇ، — دېدى.

مىلك نەپەر پالۋان پىراننىڭ پەرمانى بىلەن كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، بىر كەڭ ئېقىن بويىغا يەتتى. بۇ لەشكەرلەر يەككە - يەككە ھالدا يۈرگەنىدى. بۇ چاغدا فەرەڭگىس كۆزەتتە تۇرۇۋاتاتتى. كەيخۇسرەۋ بىلەن گىۋ ئۇخلاپ ياتماقتا ئىدى. فەرەڭگىس تۇساتتىنلا پىراننىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن كىشىلەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھال گىۋ ياتقان جايغا بېرىپ، ئۇنى ئويغاتتى.

— ئەي جاپا - مۇشەققەت تارتقان پالۋان، — دېدى ئۇ گىۋنى چاقىرىپ، — ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. سىزدىن ئۈچ ئالدىنقىلار يېتىپ كەلدى. ئەگەر ئۇلار سىزنى ئۇخلاپ ياتقان ھالدا كۆرسە، دەرھال ئۆلتۈرىدۇ. سىزنىڭ دەردىڭىزدىن بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى قايغۇ - ھەسرەتكە تولدۇرىدۇ. مېنى ۋە ئوغلۇمنى زار - زار قاخشىتىپ تۇرۇپ باغلاپ، ئەفراسىيابنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇندىن كېيىن بېشىمىزغا نېمىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

— ئەي مەزلۇملارنىڭ ئۇلۇغى، نېمە ئۈچۈن غەم قىلىسىز؟ سىز ئوغلىڭىز بىلەن ئېگىز تاغقا چىقىپ تۇرۇڭ، پىراندىن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن ھېچ ۋەھىمە قىلماڭ، خۇدا ماڭا ياردەم قىلىدۇ، — دېدى گىۋ.

كەيخۇسرەۋ مۇنداق دېدى:

— ھەي پالۋان، سىز مېنى بالادىن قۇتقۇزىمەن، دەپ نېمە ئۈچۈن ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئۆزىڭىز يالغۇز بارىسىز؟ ئەمدى سىز بارماڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ، شەمشەر بىلەن قانلىرىنى تۆكەي.

— ئەي شاھزادە، — دېدى گىۋ، — جاھاننىڭ سىزگە ئېھتىياجى چۈشتى. مېنىڭ ئاتاممۇ پالۋان، ئۆزۈممۇ پالۋان، مېنىڭ يەتمىش سەككىز بىر تۇغقان قېرىندىشىم بار. ئۇلار-

نىڭ ھەممىسى پالۋان. بىراق سىزنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىڭىز ناھايىتى ئاز. مەن ئۆلۈپ كەتسەم، باشقا قېرىنداشلىرىم بار، ئەمما سىز قازا تاپسىڭىز باشقا پادىشاھ قالمايدۇ. مېنىڭ يەتتە يىلدىن بېرى تارتقان رەنجۇ مۇشەققەتلىرىم بىكار بولىدۇ. سىز يۇقىرىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، جەڭ ئەھۋالىنى كۆرۈڭ. خۇدا ماڭا يار بولغاي.

گىۋ ساۋۇت - قۇياقلىرىنى كىيىپ، تېزلىكتە ئېتىغا مىندى. ئۇ گوياكى بىر زور شىردەك شىددەت بىلەن يۈرۈپ كەلدى. گىۋ بىر تەرەپتە تۇردى. يەنە بىر تەرەپتە پىراننىڭ لەشكەرلىرى تۇردى. گىۋ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك نەرە تارتىپ، پىرانغا جەڭ ئېلان قىلدى.

پىران بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى.

— ھەي تېگى پەس، — دېدى ئۇ گىۋنى ھاقارەت قىلىپ، — ئۆزۈڭ يالغۇز شۇنچە لەشكەر بىلەن جەڭ قىلىشقا كەلدىڭمۇ؟! ئەمدى سېنىڭ يەيدىغان غىزايىڭ قىسقا قىلىچنىڭ ئۇچى بولىدۇ. كىيىدىغان كېپىنىڭ قان، زەرداپ بولىدۇ. ئەگەر سەن تۆمۈر تاغ بولغان تەقدىرىڭدىمۇ، مىلىك پالۋان سېنى قورشىسا، سېنى پارە - پارە قىلىۋەتمەي قويمايدۇ. ئۆز ئەجىلىڭ سېنى بۇ پالۋانلارنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كېلىپتۇ.

گىۋ پىران لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— ئەي سەرۋازلار، بۇ ئېقىندىن ئۆتۈپ، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىش، بۇ بىر ئاتلىقنىڭ باشلىرىڭغا نېمە كۈلپەتلەرنى سالغانلىقنى كۆرۈپ بېقىش. گەرچە مەن يالغۇز بولسامۇ، سېنىڭ مىلىك پالۋىنىڭنىڭ باشلىرىنى ئاستىمغا باسمەن، گۈرزىمنى كۆتۈرسەملا، ھەممىڭلار-نىڭ باشلىرىنى ئايغىم ئاستىغا كەلتۈرۈمەن.

پىران بۇ سۆزدىن قەھرى غەزەپكە كېلىپ، گۈرزىسىنى كۆتەرگىنىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ سوغا كىردى. گىۋ پەرۋا قىلماستىن تۇرۇۋەردى. پىران سۇدىن ئۆتتى. گىۋ پىراننىڭ ئالدىدىن قاچتى. پىران ئۇنى قوغلىدى. گىۋ قېچىپ يۈرۈپ پىراننى ئېقىن بويىدىن ۋە لەشكەرلىرىدىن يىراقلاشتۇردى. پىران گۈرزىنى كۆتۈرۈپ گىۋغا يېقىن باردى. گىۋ پىراندىن قېچىپ يۈرۈپ، غانجۇغىسىدىكى سالمىنى قولىغا ئالدى - دە، ئايلاندۇرۇپ پىراننىڭ بېشىغا تاشلىدى. سالما پىراننىڭ بوينىغا چۈشتى. گىۋ سالمىنى بىرلا تارتقانىدى. پىران ئىگەردىن يەرگە يىقىلدى. گىۋ پىراننى پىيادە ھالدا خارۇ - زارلىق بىلەن سۆرەپ يۈرۈپ، ئېقىن بويىدىن تېخىمۇ يىراق بىر جايغا ئېلىپ باردى. ئاندىن پىراننى ياتقۇزۇپ، پۇت - قوللىرىنى مەھكەم باغلىدى. گىۋ پىراننىڭ جەڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۆزى كىيدى ۋە ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ، بايرىقنى كۆتۈرگىنىچە ئېقىن بويىغا قايتىپ كەلدى. تۇرانلىقلار ئۆز قوماندانىنى كۆرۈپ ھەممىسى ئالدىغا كېلىشتى. ناغرا، كارناي، سۇناي ۋە بەربەتلەرنى چې-لىشىپ نەغمە قىلىشتى. ئۇلار سۇدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن گىۋ ئېغىر گۈرزىسىنى قولىغا ئالدى. تۇرانلىقلار گىۋنى كۆرۈپ ھەيران قىلىشتى. گىۋ تۇرانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلى-دى. جەسەتلەردىن دۆۋىلەر ھاسىل بولدى. ئۇنىڭ گۈرزا ئۇرۇشلىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن تۇرانلىقلار ئارقىغا يېنىپ، قاچتى. گىۋ ئۇلارنى گوياكى قوتاندىكى قوينى قوغلى-غان شىردەك قوغلاشقا باشلىدى. لەشكەرلەرنىڭ قاچىدىغىنى قېچىپ كەتتى. گىۋ ئارقىغا ياندى - دە، سۇدىن ئۆتۈپ، پىراننىڭ قېشىغا كەلدى. پىران پۈتىنى باغلاقتىن بوشىتىپ

قېچىۋاتقانىكەن. گىۋ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قوغلاشقا باشلىدى. پىران بىھوش كىشىلەردەك قاچماقتا ئىدى.

— ھەي ئادەمنىڭ ئەسكىسى، — دېدى گىۋ پىرانغا، — سىياۋۇش سەن ۋاپاسىزنىڭ سۆزى بىلەن ھالاك بولدى. ئەمدى سېنىڭ بېشىڭنىمۇ شامالغا ئۇچۇرىمەن. پىران كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغان كېلىپ زار - زار يىغلىدى.

— ئەي دانىشمەن شاھزادە، — دېدى پىران يەر سۆيۈپ تۇرۇپ، — سىزگە قانداق ياخشىلىقلارنى قىلغانلىقىمنى بىلسىڭىز ئىدى، مەن سىزنى دەپ ئەفراسىياب بىلەن قانداق ئازارلاشقانلىقىمنىمۇ بىلىسىز. ئەمدى مېنى بۇ ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ قويۇڭ.

گىۋ بۇ چاغدا نېمىنى پەرمان قىلىدىكىن، دەپ كەيخۇسرەۋنىڭ چىرايىغا قارىدى. بۇ چاغدا فەرەڭگىس ئەفراسىياپقا لەنەتلەر ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

— ئەي جاپا مۇشەققەتلىك ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن پالۋان، — دېدى فەرەڭگىس گىۋگە قاراپ، — بۇ پالۋان بولسا ياشىنىپ قالغان ئادەم. بۇ ناھايىتى دانىشمەن، بىلىملىك كىشى. بىزنى خۇدانىڭ مەرھەمىتى بىلەن مۇشۇ پالۋان ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان.

گىۋ فەرەڭگىسكە مۇنداق دېدى:

— ئەي مەزلۇملارنىڭ سەرۋىرى، — مەن جەڭدە بۇنى يېڭىۋالسام، ئۇنىڭ قېنىدىن يەر يۈزىنى لالە رەڭگىدە قىلىشقا قەسەم ئىچكەنىدىم.

— ئەي پالۋان، — دېدى كەيخۇسرەۋ مەسلىھەت بېرىپ، — قەسەمنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنى خەنجەر بىلەن تەشكىن، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن چىققان قان يەرنى قىزىل بويىسا قەسىمىڭ ئادا بولغان بولىدۇ.

پالۋان گىۋ خەنجەر بىلەن پىراننىڭ قۇلىقىنى تەشتى. پىران كەيخۇسرەۋگە:

— ئەي پادىشاھ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز، ئەمدى ئېتىمنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشكە پەرمان بېرىڭ.

— ئەي پالۋان، — دېدى گىۋ پىرانغا، — سەن جەڭدە يېڭىلدىڭ. ئىككى قولۇڭنى ئۆزۈڭنىڭ سالمىسى بىلەن مەھكەم باغلاپ، ئاندىن ئېتىڭغا مىندۈرۈپ يولغا سېلىپ قويىمەن. لېكىن بىر شەرتىم بار، يولدا قولۇڭنى ھېچكىمگە يەشتۈرمەيسەن. ئۇدۇل خوتۇنۇڭ گۈلچېھرەنىڭ ئالدىغا بارىسەن. سېنىڭ قولۇڭنى ئايالىڭ گۈلچېھرە يەشسۇن. ئايالىڭ بولسا بارلىق خوتۇنلارنىڭ ئۇلۇغىدۇر. سېنىڭ ئەقىللىق ۋە دانىشمەن بولۇشۇڭ شۇ سەۋەبتىندۇر.

پىران:

— سېنىڭ باغلىغان باغلىقىڭنى يولدا ھېچكىمگە يەشتۈرمەيمەن. ئۇنى پەقەت گۈلچېھرەنىڭ ئۆزىگىلا يەشتۈرىمەن، — دەپ قەسەم قىلىپ بەردى.

گىۋ ئۇنىڭ ئېتىنى قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى باغلاپ، ئاتقا مىندۈرۈپ، قويۇپ بەردى.

ئەفراسىياب ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭغا يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى. ئۇ غەزەپتىن ئوت بولۇپ يانغاندى. دەرھال لەشكەرلەرنى يىغىپ، ناغرا، كارنايلارنى چالدۇرغان ھالدا ئوردىدىن چىقتى. ئۇ ئىككى مەنزىلنى بىر مەنزىل ئورنىدا بېسىپ، يادىن چىققان ئوقتەك ئىلگىرىلىدى. ئەفراسىياب لەشكەرلىرىنى ئەنە شۇنداق سۈرئەت بىلەن يۈرۈش قىلدۇرۇپ، گۇلباد لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغان جايغا ئېلىپ كەلدى. قارىسا، ھەر تەرەپتە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكى دۆۋە ـ دۆۋە بولۇپ يېتىپتۇ. ئەفراسىياب:

— ئىران تەرەپتىن قايسى پالۋان لەشكەر ئېلىپ كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

بىر پالۋان ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ:

— بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز شۇ قەدەر قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پالۋان گىۋغا تەڭ كېلەلمىدى، — دېدى.

سۇھرەم ناملىق پالۋان بارلىق ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى:

— ئىراندىن بىر پالۋان كەپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمى گۇدەرز ئىبنى گىۋ ئىكەن. ئۇ يالغۇز كەپتۇ. ھېچقانداق ياردەمچىسى يوق ئىكەن. بىراق بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشتا ئاجىز كەلدى. گىۋ فەرەڭگىس بىلەن كەيخۇسرەۋنى ئېلىپ كەتتى.

ئەفراسىياب سۇھرەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. يىراقتىن بىر توپ لەشكەر يېتىپ كەلدى. ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا باش كۆزى، ساقاللىرى ۋە بېلەكلىرى قانغا بۇلغانغان پىران ۋىسە كەلمەكتە ئىدى. ئەفراسىياب كۆڭلىدە: « بۇلار گىۋنى تۇتۇپ، غالىپلىق بىلەن يېتىپ كەلدى » دەپ ئويلىدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە قارىسا، ھەممە لەشكەر پۈتۈنلەي يارىدار بولغان ۋە روھى چۈشكۈن ھالەتتە ئىدى. پىرانغا قارىسا، ئۇنىڭ قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغان، ئۆزى ئىگەرگە چىرمىلاپ تېڭىلغان، پۇتى ئۇزەڭگىگە باغلانغان ھالدا كەلمەكتە. ئەفراسىياب ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. ھەممە ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئەجەبلەندى ۋە ناھايىتى غەمكىن بولدى، چېچىلدى.

— ئەي پادىشاھىم، — دېدى پىران ۋىسە، — ئەركەك شىر ياكى يولۋاسلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن بولغان تەقدىردىمۇ جەڭ سېپىدە ئۇلار يالغۇز گىۋگە تەڭ كېلەلمەيدىكەن. جەڭ كۈنى گىۋنىڭ ئاچچىقى كەلسە، سۇدىن چىققان شىر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ غەزەپ ئوتلىرىدا كۆيمەي قالمايدۇ. ئۇ جەڭگە كىرگىنىدە، ئېغىر گۇرزىنى كۆتۈرۈپ، تۆمۈرچى بازغان ئۇرغاندەك سوقۇپ، بىزنىڭ پالۋانلارنى يەنجىپ ئۆلتۈردى. بىزنىڭ پالۋانلىرىمىزدىن ھېچبىر ئەندىشە قىلمىدى. بىز ئۇنىڭغا بۇلۇتدىن يامغۇر ياغقاندەك تىغ ياغدۇردۇق. بىراق ئۇنىڭ تېنى گۇرزى بىلەن بىرلىشىپ قالغاندەك، بىزنىڭ تىغ ۋە ئوقلىرىمىزدىن ئەسلا غەم قىلمىدى. ئاخىر ھەممە لەشكەرلىرىم ياندى. ئۇنىڭ ئالدىدا مەندىن باشقا جەڭ قىلىدىغان كىشى قالمىدى. گىۋ مەندىن قېچىپ يۈرۈپ، ماڭا سالما تاشلىدى. سالما بوينۇمغا چۈشتى. مېنىڭ ئەقىل ـ ھوشۇم قالايمىقانلىشىپ يىقىلدىم گىۋ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، مېنىڭ قوللىرىمنى باغلىۋالدى. ئاندىن ئۇ ئېتىغا مىندى. ماڭا سېنىڭ جېنىڭنى،

قوياش ۋە ئاينى ، تاج ۋە تەختنى ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىشنى شەرت قىلدى . مەن ئۆزۈمنىڭ بەخت ــ تەلىيىم يانغانلىقىنى كۆرۈپ ، بۇ باغلاقتىن ئۆزۈمنى تاكى ئوردىغا بارمىغۇچە يەشتۈرمەسلىككە ئانت ئىچتىم . بۇ پەلەكنىڭ گەردىشىدە نېمە ئويۇنلارنىڭ بارلىقىنى بىلمىدىم . ئۇ مېنى بۇنداق تۇتقۇنلۇققا دۇچار قىلغانىنى ئاز دەپ ، يەنە ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى يەشتۈرمەسلىككە قەسەم ئىچۈردى . يالغۇز بىر ئاتلىق كىشىنىڭ شۇنچە كۆپ ئاتلىق قوشۇنغا تەڭ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مەن زادىلا ئۇقالمىدىم .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئافراسىيابنىڭ غەزەپتىن كۆزلىرىگە ياش يۇگۈردى . پىراننى بىر ۋارقىراپلا ئالدىدىن قوغلىدى . پىران جىمىپ قالدى . لېكىن ئىچىدە ئەفراسىيابنى تىللىدى .

ئەفراسىياب : « گىۋ ئىبنى گۇدەرز دېگەن ئەگەر دېۋە ياكى گۆر كىرىۋېدىغان بوران بولغان تەقدىردىمۇ ، ئاسماندا بولسىمۇ يەردە بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ ، ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى شەمشەر بىلەن كېسىپ ، بېلىقلارغا تاشلاپ بېرىمەن » دەپ قەسەم قىلدى .

كەيخۇسرەۋ ، فەرەڭگىس ۋە گىۋ قاتارلىقلار جەيھۇن دەرياسى تەرەپكە قاراپ يۈردى ، دېگەن خەۋەر كەلدى .

ئەفراسىياب ھۇمانغا :

ــ سەن ئىلدام يۈرگىن . ئەگەر ئۇلار جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا ، بىزنىڭ تارتقان بارلىق رىيازەتلىرىمىز بىكار بولىدۇ . ھەممە تىرىشچانلىقلىرىمىز باياۋاندىكى شامالدا سورۇلۇپ تۈگەيدۇ . ئۇ چاغدا مۇنەججىملەرنىڭ : « پادىشاھ كەيقۇباد بىلەن تۇراننىڭ ئۇرۇغىدىن بىر ئېسىلزادە پادىشاھ تۇغۇلىدۇ . ئۇ پۈتكۈل تۇران زېمىنىدىكى ئۆلكە ۋە شەھەرلەرنى قويماي خاراب قىلىدۇ » دېگەن سۆزلىرى راستقا ئايلىنىدۇ ، ــ دېدى .

گىۋ پىراننى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ، كەيخۇسرەۋ بىلەن فەرەڭگىسنى ئېلىپ ، جەيھۇن دەرياسىغا يېتىپ كەلدى ئۇلار سۇدىن ئۆتۈشكە تەرەددۇت قىلىشۋاتاتتى . ئۇ يەرگە ئەفراسىيابنىڭ دەريادىن ئۆتكەنلەردىن باج ئېلىشقا بەلگىلەنگەن كىشىسى يېتىپ كەلدى . ئۇلار باج ئالىدىغان كىشىدىن :

ــ كېمە قاياقتا ؟ ــ دەپ سورىدى .

ــ ئاۋۋال باج بېرىڭلار ، ئاندىن كېمىنى ھازىر قىلاي ، ــ دېدى باج ئالغۇچى .

ــ بىزدىن نېمە ئالساڭ ئال ، ــ دېدى گىۋ ، ــ بىراق بىزنى دەريادىن چاپسانراق ئۆتكۈزۈپ قوي . چۈنكى ئارقىمىزدىن لەشكەرلەر قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇلار يېقىنلىشىپ قالدى .

ــ ماڭا بۇ تۆت نەرسىدىن خالىغان بىرىنى بەرسەڭلەر بولىدۇ ، ــ دېدى باج ئالغۇچى ، ــ يا ماۋۇ ئاتنى ، ياكى ئاۋۇ مەزلۇم كېنىزەكنى ، يا بۇ تاجنى ياكى مۇنۇ ئالتۇن جامنى بېرىڭلار .

ــ ھەي كەم ئەقىل ! ــ دېدى گىۋ ئۇنىڭغا ، ــ ھالىڭغا بېقىپراق سۆزلىسەڭچۇ ؟!

ئۆزۈڭگە مۇۋاپىق نەرسىنى تىلىمەي، پادىشاھنىڭ ئانىسىنى، بىباھا تاجىنى، ئۇچقۇر ئېتى شەبرەڭ بىھزادنى ۋە ئۇنىڭ دائىم ئىشلىتىدىغان ئالتۇن جىمنى تىلەۋاتىسەن! بۇ كېمەڭ ھازىرچە ئۆزۈڭدە قالسۇن. بىزمۇ سېنىڭ كېمەڭدە ئولتۇرمايلى!

گىۋ ئاندىن كەيخۇسرەۋگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئەي شاھزادە، ئەگەر سىز راست كەيخۇسرەۋ بولىدىغان بولسىڭىز، بۇ سۇدا سىزگە ياخشىلىقتىن باشقا ئەھۋالغا دۇچ كەلمەيسىز. پەرىدۇن پادىشاھ ئارۋەند دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەن ئىكەن. ھەممە ئالەم ئەھلى ئاشۇ پادىشاھنىڭ چاكىرى بولغان ئىكەن. سىزمۇ ئىران مەملىكىتىگە پادىشاھ بولىدىغان تۇرسىڭىز، بۇ سۇدىن نېمىشقا قورقىسىز؟ ئەگەر مەن بۇ دەرياغا چۆكۈپ كەتسەم، سىلەر بۇنىڭدىن پەرىشان بولماڭلار. چۈنكى جاھان ئانىسىز ئەمەس ئىدى، مەملىكەت تەختى پادىشاھتىن خالىي ئىدى. مېنى ئانام سىز ئۈچۈن تۇغۇپتۇ. ماڭا شۇنىسى شەكسىز ئايانكى، ئەفراسىياب كەينىمىزدىن قوغلاپ، ھازىرلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. مېنى تېرىك تۇرغۇزۇپ دارغا ئاسىدۇ. سىزنى ۋە ئانىڭىزنى دەرياغا تاشلاپ، بېلىقلارغا يەم قىلىدۇ، ياكى بولمىسا، ھەممىمىزنى ئات ئايىغىدا يەنجىپ ئۆلتۈرىدۇ.

كەيخۇسرەۋ:

— بۇ گەپ توغرا، ماڭا يار - يۆلەك بولغۇچى خۇدايى تائالاغا سېغىناي، — دەپ ئاتتىن چۈشتى. سۇ لېۋىدە يۈزىنى تۇپراققا سۈرتۈپ، زار - زار يىغلىدى. مۇنداق مۇناجات ئوقۇدى: «ئەي ئىلاھىم، سەن مېنىڭ پۇشتى - پاناھىمسەن! سۇ ئىچىدە كۆڭلۈمنى يورۇتقۇچىمۇ، قورۇقلۇقتا ماڭا يول كۆرسەتكۈچىمۇ ئۆزۈڭسەن!»

كەيخۇسرەۋ شۇندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بىھزاد شەبرەڭگە مىندى. ئاندىن ئۇنى دەرياغا ھەيدىدى. ئات دەرياغا كىرىپ، كېمىدەك ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن فەرەڭگىس بىلەن پالۋان گىۋمۇ قىلچە ئەندىشە قىلماستىن دەرياغا كىردى. ئۈچەيلەن ساق - سالامەت ھالدا دەريادىن ئۆتتى. ئۇلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بىر قۇمۇشلۇققا چىقىپ، تەڭرى تائالاغا شۈكرى - سانالار ئېيتىشتى. كېمىچى بۇ ئەھۋالدىن ھەيران قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يارەنلىرىگە:

— ۋاھ، ئەجەب، جەيھۇن دەرياسىدەك تېز ئاقىدىغان دەريادىن تۆمۈر ساۋۇت، دۇبۇلغا - قۇياقلىق ئۈچ كىشى شۇنچە ئاسان ئۆتۈپ كەتتىيا؟! — دېدى. ئۇ ئىلگىرى قىلغان بىھۇدە گەپلىرىگە خىجىل بولۇپ، پۇشايماندا قالدى. دەرھال كېمىسىنى تەييار قىلىپ، ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئوق، ياي، سۇپەر ۋە تاجلارنى ئېلىپ كېلىپ، كەيخۇسرەۋگە ھەدىيە قىلماقچى بولدى.

— ئەي كەم ئەقىل، — دېدى گىۋ، — سەن «بۇ دەريادىن ھېچ كىشى سالامەت ئۆتەلمەيدۇ، غەرق بولماي قالمايدۇ» دېمىگەنمىدىڭ؟! مۇشۇنداق بىر شاھزادە سەندىن كېمە تىلىسە، سەن بەرمىدىڭ، ئەمدى بىزگە سېنىڭ ھەدىيەلىرىڭنىڭ لازىمى يوق. ئۆچ ئالدىغان كۈنى كەلگەندە قىلغان - ئەتكەنلىرىڭ يادىڭغا يېتىدۇ!

كېمىچى خارلىق بىلەن ياندى. شۇ چاغدا تۇران لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. ئەفراسىياب دەريا ياقىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە يا ئادەم ياكى كېمىنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ ھېلىقى باج ئالىدىغان كېمىچىگە ۋارقىرىدى:

— ئۇلار بۇ دەريادىن قانداق ئۆتتى؟!

— ئەي پادىشاھىم، — دېدى كېمىچى، — ئاتاممۇ مۇشۇ دەريادىن كېمىگە ئولتۇرۇپ ئۆتكەنلەردىن باج ئالاتتى. مەنمۇ ئۆزۈمدىن بىرى مۇشۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتىمەن. بىراق مەن جەيھۇن دەرياسىدەك بۇنداق ئۇلۇغ سۇدىن گويا قۇرۇقلۇقتا ماڭغاندەك ئاسان ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى زادى كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم. ھازىر باھار ۋاقتى، يامغۇر پەسلى بولغاچقا، دەريا شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ تۇرۇپتۇ. بىراق ئۇ ئۈچ ئاتلىق كىشى دەريادىن گويا شامالغا مىنىۋالغاندەك شۇنچە ئوڭايلا ئۆتۈپ كەتتى.

— دەرھال كېمىنى سۇغا سالغىن! — دېدى ئەفراسىياب ئۇنىڭغا، — بېرىپ قاراپ باققىن، ئۆتۈپ كەتكەنلەر ئۆلۈكمۇ ياكى تىرىكمۇ؟ قەيەردە يېتىپتۇ؟ بىزگە تېزدىن خەۋەر بەرگىن! ئاندىن بىز بارايلى!

ھۇمان ئەفراسىيابقا مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھىم، ئېھتىيات قىلغىن، ئۆزۈڭنى كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە تاشلىمىغىن. ئەگەر سەن مۇشۇنچىلىك ئاتلىقلار بىلەنلا ئىران زېمىنىغا ئۆتسەڭ، ئۆزۈڭنى شىرنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بەرگەن بولىسەن. چۈنكى بۇ چاغدا پىل تەنلىك رۇستەم، گۇدەرز، تۇس، كەركىن ۋە باشقا پالۋانلارنىڭ ھەممىسى يېتىپ كېلىدۇ. شىرنىڭ ئاغزىغا كىرىمەن دەيدىغانغا سەن تېخى تەختىڭنى چۈشكىنىڭ يوققۇ. چىنى ماچىن سېنىڭ مەملىكىتىڭدۇر. تۇران شەھىرىنى ۋە تەختىڭنى ساقلىغىن. چۈنكى ھازىرچە ساڭا ئىراندىن ھېچقانداق زىيان يەتمەيدۇ.

ئەفراسىياب دەرغەزەپ بولغان ھالدا يېنىپ كەتتى.

گىۋ، كەيخۇسرەۋ، فەرەڭگىس قاتارلىقلار ئىراننىڭ ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلدى. «كەيقۇباد نەسلىدىن بولغان بىر پادىشاھ تۇران دۆلىتىدىن ئىرانغا كەلدى» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە مەكتۇپ يازدى. بۇ ئۆلكىدىن بىر ئەقىللىق پالۋاننى تاللاپ، ئۇنىڭغا مەكتۇپنى بەردى. ۋەقەلەرنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئۇ پالۋانغا:

— ئەمدى سەن ئىسفەھان شەھىرىگە بېرىپ، گۇدەرزگە: «ئەي پالۋان، كەيخۇسرەۋ كەلدى» دېگىن! — دېدى.

گىۋ يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، بىر پالۋاندىن كەيكاۋۇس پادىشاھقا ئەۋەتتى. «پادىشاھ كەيخۇسرەۋ كېلىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئالەمگە يېيىلدى.

پالۋان گىۋ ئەۋەتكەن كىشى پالۋان گۇدەرزنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. گىۋنىڭ خەۋىرىنى ئېيتىپ مەكتۇپنى بەردى. گۇدەرز مەكتۇپنى بېشىغا قويدى. ئۇ سىياۋۇش ئۈچۈن زار ـ زار يىغلىدى. ئەفراسىيابقا لەنەتلەر ئوقۇدى.

يەنە بىر ئەلچى كەيكاۋۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى. شادلىق تۈپەيلىدىن كەيكاۋۇس

پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن شاۋقۇن ـ سۈرەن چىقىپ كەتتى. كەيكاۋۇس ئەلچىنى ئالدىغا چاـ قىرىپ، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپى ئۈچۈن گۆھەرلەرنى چاچتى. بەزمە ـ مەجلىسلەرنى تۈزۈپ، تەنتەنە قىلدى.

بۇ تەرەپتىن بارلىق كاتتا ـ ئۇلۇغ كىشىلەر ئىسفەھان شەھىرىگە كەلدى. گۇدەرز يۈكسەك ئوردا ئىچىنى ياساپ، زىننەتلىدى. گۇدەرز ئۆزى قول سىلىپ ئىشلەپ، ھەممە ئۇلۇغلار بىلەن بىرلىكتە بىر شاھانە تەخت تەييارلىدى. گۆھەردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج، ئالتۇن بىلەيزۈك، ۋە يىگانە ئالتۇن ھالقىلارنى تەييار قىلدى. ھەممە شەھەرلەرنى تازىلاپ، ئەينەكتەك پاكىز قىلدى، ھەر بىر شەھەردە ئازادە مەيدانلارنى بەرپا قىلدى، گۇدەرز ئۆزى ئاتلىنىپ، ھەممە ئۇلۇغلار بىلەن بىرلىكتە كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن يا- ساندى.

پۈتكۈل خالايىق كەيخۇسرەۋنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يەتمىش پەرسەخ يەرگىچە ئالدىغا چىقتى. دۆلەت كاتتىلىرى كەيخۇسرەۋ، گىۋ ۋە فەرەڭگىسنى كۆردى. ھەممىيلەن ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە ھالدا مېڭىشتى. كەيخۇسرەۋ بىلەن گىۋنى كۆرگەن گۇدەرزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقتى. ئۇ سىياۋۇشنى ئەسلىدى. كەيخۇسرەۋدىن زوقلىنىپ، ئۇنى كۆپ ماختىدى.

ـــ ئەي شاھزادە، ـــ دېدى گۇدەرز ئۇنىڭغا، ـــ سەندىن يامان كۆزلەر يىراق بول- سۇن. ساڭا سىياۋۇشنىڭ روھى مەدەتكار بولسۇن. داۋاملىق بەختىيار بولغايسەن. جاھاننىڭ ئىگىسى بولغان خۇدايى تائالا گۇۋاھ بولسۇنكى، ئەگەر سىياۋۇش تىرىك قايتىپ كەلگەن ھا- لەتتىمۇ بۇنچىۋالا خۇشال بولمىغان بولاتتىم. خۇدا ھەققى، سېنىڭ يۈزۈڭ مېنىڭ يولۇمنى كۆرسەتكۈچى نىجاتكار بولدى.

ئىراننىڭ بارلىق ئۇلۇغ زاتلىرى بىر ـ بىرلەپ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدا يۈزىنى يەرگە قويۇپ، تۇپراققا يۈزىنى سۈرتتى. ئۇلۇغلار شۇ تەرىجىدە ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، خۇشال ـ خۇرام ھالدا قايتىشتى. گۇدەرز گىۋنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيدى. ئۇنى:

ـــ ئالەمدىكى دۈشمەنلىرىمىز ئۈستىدىن غالىپ كېلىپسەن، ـــ دەپ ماختىدى.

پالۋانلار گۇدەرزنىڭ ئوردىسىغا كېلىشتى. ھەممىسى خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇشتى. ئۇلار بىر ھەپتىگىچە مەي ئىچىپ يايرىدى. سەككىزىنچى كۈنى كەيكاۋۇس پادشاھ تەرەپكە راۋان بولدى.

كەيخۇسرەۋ كەيكاۋۇس پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. شەھەرنىڭ پۈتكۈل تاملىرى گەج بىلەن يېگىدىن ئاقارتىلىپ، ئىشكلەرمۇ يېڭىدىن سىرلانغانىدى. شەھەر پۈتۈنلەي يېپيېڭى تۈسكە كىرگەنىدى. ھەممە يەردە سازەندىلەر ئولتۇرۇپ، ساز چېلىپ غە- زەل تووۋلىماقتا، سۈرەن سېلىشماقتا، سورۇن تۈزۈپ شادلىق شارابلىرىنى ئىچىشمەكتە ئىدى. ئۇلار بارلىق ئاتلارنىڭ يايلى ۋە قۇيرۇقلىرىغا ئىپار ـ زەپەرلەرنى چېچىشتى.

كەيكاۋۇس كەيخۇسرەۋنى كۆرۈش بىلەنلا كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكتى.

تەختدىن چۈشۈپ، كەيخۇسرەۋنىڭ يۈزىگە يۈزىنى، كۆزىگە كۆزلىرىنى ياقتى. كەيخۇسرەۋ بوۋىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. كەيكا-ۋۇس ئۇنىڭدىن پادىشاھ ئەفراسىيابنى ۋە تۇرانلىقلارنى سورىدى.

كەيخۇسرەۋ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ ئەقىلسىز دائىم زالىملىق قىلدۇ. ئۇ مېنى نەچچە قېتىم سۆزلىتىپ باقتى. مەن ئەقىل ۋە ھۈنىرىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇردۇم. «بوۋامنى ئۆلتۈرگەن كىشى ماڭا قانداق دوست بولار» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلاتتىم. ئۇنىڭ پەيلىدىن قورقاتتىم. پالۋان مەن بىلەن تۇراندا تۇرغان مەزگىلدە تولا رەنج - ئەلەملەرنى تارتتى. نۇرغۇن تىغ ۋە ئەلەملەرنى تارتىپ، مېنى تۇراندىن ئېلىپ كەلدى، تۇراننىڭ ئىككى نەپەر داڭلىق پالۋىنى لەشكەر تارتىپ، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلدى. مەن گىۋدىن شۇنداق ئەنسىرىدىمكى، ھىندىستانلىقلار مەست پىلدىنمۇ شۇنچىلىك ئەندىشە قىلماس. سۇدىن چىققان شىرمۇ ئۇنىڭچىلىك جەڭ قىلالمايدۇ. ئاخىر پىران خۇددى بىر زەربەردەست شىردەك يېتىپ كەلدى، گىۋ سالما تاشلاپ، پىراننىڭ بوينىغا ئىلدۇردى. ئاندىن ئۇنى ئېتىدىن يىقىتىپ، باغلىۋالدى. مەن ئۇنى تىلىۋالدىم. ئەگەر تىلىمىگەن بولسام، ئۇنىڭ بېشىنى كەسكەن بولاتتى. پىران ئاتام ئۈچۈن قايغۇراتتى. ئېچىناتتى. مېنىمۇ زىنھار يامان دەپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆلۈمدىن تىلىۋالدىم. گىۋ شۇ يوسۇندا جەڭ قىلىپ تاكى جەيھۇن دەرياسىغا يېتىپ كەلگۈچە گۇرزا ئۇرۇشتىن توختىمىدى. جەيھۇن دەرياسىدىنمۇ ئات بىلەن ئۈزۈپ ئۆتتى. سۇنىڭ خەتىرىگە قارىماي، ھەتتا كېمىگىمۇ كۆز قىرىنى سالماي، سۇ ئىچىگە خۇددى لەھەڭگە ئوخشاش كىردى. ئاخىر دەريادىن ساق - سالامەت ئۆتتى. كىشىنىڭ گىۋدەك پالۋىنى بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەمىشە خۇشال ۋە غۇبارسىز بولغۇسىدۇر.

گۇدەرز ئېبنى گەشۋادنىڭ ئىستىخارە شەھرىدە بىر ئوردىسى بار ئىدى. ھەممە پادى-شاھلار ئۇ ئوردىغا ھەۋەس قىلىشاتتى. كەيخۇسرەۋ بىلەن گۇدەرز، گىۋ قاتارلىقلار كەيكاۋۇسنىڭ ئالدىدىن قوپۇپ، ئاشۇ ئوردىغا بېرىش ئۈچۈن ياساندى. ئۇلار يولغا چىقىپ ئوردىغا يېتىپ باردى. ئۇلار ئوردا ئىچىدە جايلاشتى. كەيخۇسرەۋ ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئورۇن ئالدى. ھەممە خالايىق كەيخۇسرەۋنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى ئالقىش-لىدى. بارلىق ئىران پالۋانلىرى كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدا كەمەر باغلاپ، خىزمەتتە تۇردى. پەقەت تۇس ئېبنى نەۋدەرلا ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتىن بويۇن تولغىدى. تۇس ناغرا - كار-نايغا ۋە ئالتۇن كېپىشكە ئىگە پالۋان ئىدى. كاۋەدىن قالغان تەۋەرۈك تۇغ (بايراق) مۇ ئاشۇ پالۋاننىڭ قولىدا ئىدى. گۇدەرز تۇسنىڭ بويۇنتاۋلۇق قىلغانلىقىدىن ئاچچىقلاندى. ئۇ ئوغلى گىۋنى تۇسنىڭ ئالدىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى.

— سەن بېرىپ تۇسقا ئېيتقىن، — دېدى گۇدەرز گىۋگە، — ئۇ مۇنداق خۇشال پەيتتە ئازارلىققا باھانە ئىزدىمىسۇن. ئىراننىڭ بارلىق ئۇلۇغلىرى كەيخۇسرەۋنىڭ پادىشاھ بو-لۇشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ئۇ نېمىشقا شەيتاننىڭ پەرمانىغا كىرىپ، پادىشاھ

كەيخۇسرەۋنىڭ پەرمانىدىن بويۇن تولغايدۇ ؟! ئەگەر ئۇ پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئەمرىدىن تاشقىرىغا چىقىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئادەۋەت چۈشۈپ، جەڭگى ـ جېدەل كېلىپ چىقىدۇ.

پالۋان گىۋ ئاتىسىنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ، تۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى، تۇسقا ئاتىسى ئېيتقان ئاچچىق سۆزلەرنى ئېيتتى. تۇس جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى.

ــ مېنى كەمسۇندۇرۇشۇڭلار، مەسخىرە قىلىشىڭلارغا تاقەت قىلالمايمەن. ئىراندا پىل تەنلىك رۇستەمدىن قالسا، مېنىڭدەك پالۋان يوق. مەن بولسام تىغ بىلەن ئالەمنى ئۆزىگە تەۋە قىلغان مەنۇچېھرە پادىشاھنىڭ نەۋرىسى بولىمەن. جەڭ كۈنى شىر بىلەن ئېلىشىشنى ئىستەيمەن. پىللارنىڭ كۆكرەكلىرىنى يارىمەن. ئەگەر سىلەر مېنىڭ ماقۇللۇقۇمنى ئالماستىن، باشقىچە يول تۇتۇپ، پادىشاھنى يېڭىۋاشتىن تۇرغۇزىمىز دېسەڭلار، مەن سىلەر بىلەن ھەرگىز ھەمكارلاشمايمەن. مېنىڭ ئالدىمدا كەيخۇسرەۋ ھەققىدە گەپ قىلماڭلار. ئۇ پادىشاھ بولسا ئەفراسىيابنىڭ نەسلىدىندۇر. ئۇنى پادىشاھلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزساق تەلىيىمىز ئۇخلايدۇ. بىز پەشەڭنىڭ ئورۇقىدىن پادىشاھ سايلاشنى ھەرگىز خالىمايمىز. سەن كۆپ رەنجۇ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، كەيخۇسرەۋنى ئېلىپ كەپسەن. ئۇنى پالۋان دەۋاتىسەن. ئەمما پادىشاھ بولماقچى بولغان كىشى چوقۇم ئەقىللىق، ھۈنەرۋەن ۋە ئېسىل ئادەم بولۇشى كېرەك. فەرىبىز كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى. شاھلىققا كەيخۇسرەۋدىن فەرىبىز لايىقراق. چۈنكى ئۇنىڭ نەسلى ھېچبىر تەرەپتىن دۈشمەن تەرەپكە چېتىلمايدۇ.

گىۋ تۇسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، پەرىشان ھالەتتە قايتىپ چىقتى. قايتىپ كېلىپ گۇدەرزگە:

ــ ئەي ئاتا، تۇسنىڭ پەقەت ئەقلى يوقكەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزى كور بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئىران زېمىنىدا كەيخۇسرەۋدەك ئېسىل پادىشاھ يوقلۇقىنى بىلمەيدىكەن، ئۇ شاھلىق ئورنىغا فەرىبىزنى تاللاپتۇ، ــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۇدەرز قاتتىق چېچىلدى. ئوغۇللىرىغا:

ــ تۇسدەك ئادەم بۇ جاھاندىن قايتىپ كەتسۇن، ــ دېدى.

گۇدەرزنىڭ يەتمىش سەككىز ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارغا پەرمان بېرىپ، دۇمباق چالدۇردى. ئون ئىككى مىڭ پالۋان جەم بولۇپ، جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار تۇسقا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئۇ تەرەپتىن تۇس بارلىق پىللارنىڭ ئۈستىگە دۇمباقلارنى باغلاپ، ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كاۋە تۇغىنى كۆتەرگۈزۈپ، سەپ تارتىپ تۇردى. گۇدەرز بۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرنى كۆرۈپ، كۆزلىرى خىرەلەشتى.

تۇس قارىسا گۇدەرز تەرەپتە بىر پىلنىڭ ئۈستىگە تەخت قويۇلۇپتۇ. پادىشاھ كەيخۇسرەۋ بېشىغا ئالتۇن تاجنى كىيىپ، ئۇ تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز جەڭ پىلى دائىرە ھاسىل قىلىپ تۇرۇپتۇ. كەيخۇسرەۋ ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك

جىلۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. تۇس ئۇنى كۆرۈپ غەمگە پاتتى. ئۇ: « ئەگەر مەن بۇگۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسام، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرىدىن كۆپ كىشى ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىران زېمىنىدىن بۇ ئاداۋەت ھەرگىزمۇ كۆتۈرۈلمەيدۇ. بۇ دەل ئەفراسىيابنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئىش بولىدۇ. پادىشاھلىق تەختى تۇرانلىقلارغا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى بەرباد بولىدۇ » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. تۇس شۇندىن كېيىن بىر ئەقىللىق كىشىنى كەيكاۋۇسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. تۇس ئۇ كىشىگە: « ئەگەر مەن گۇدەرز بىلەن جەڭ قىلىدىغان بولسام، پۈتكۈل ئىران شەھەرلىرىنى پىتنە ـ پاسات ۋە گىنە ـ ئاداۋەت قاپلاپ كېتىدۇ. ئەفراسىيابقا نىسبەتەن بۇ بىر چۈشىدىمۇ كۆرۈش نېسىپ بولمىغان خۇشاللىق بولىدۇ. » دېدى. ئۇ ئەلچى پادىشاھ كەيكاۋۇسنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، تۇسنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

كەيكاۋۇس بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تۇس بىلەن گۇدەرزنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرتتى. كەيكاۋۇسنىڭ ئەلچىسى گۇدەرزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پالۋان، جاھان ئەھلىنىڭ ئىشىغا زەھەر سالماڭ. تىغىڭىزنى غىلاپىغا سېلىڭ، سىزنى ۋە بارلىق پالۋانلىرىڭىزنى كەيكاۋۇس پادىشاھ چاقىرىدۇ، — دېدى.

تۇس بىلەن گۇدەرز پادىشاھ كەيكاۋۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. تۇس ئىبنى نەۋدەر مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، ئەگەر سەن پادىشاھلىق تەختىدىن تويغان بولساڭ، جاھان شاھلىقىنى، تاجۇ تەختىڭنى ئۆز پەرزەنتىڭ فەرىبۇزگە بېرىشىڭ كېرەك. ناھايىتى دۆلەتمەن ۋە شىرى غەررانىدەك ئوغلۇڭ فەرىبۇز تۇرغان يەردە، نېمە دەپ شاھلىق تاجىنى نەۋرەڭ كىيگۇدەك؟

— ھەي كەم ئەقىل، — دېدى گۇدەرز تۇسقا، — جاھاندا سەندەك تەلۋە، ئەقىلسىزدىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ. كەيخۇسرەۋ بولسا سىياۋۇشنىڭ پۇشتى. ئۇ ئانا تەرەپتىنمۇ تۇران شاھىنىڭ نەسلىدىندۇر. تۇراندىمۇ، ئىراندىمۇ ئۇنىڭدەك ئېسىلزادە پادىشاھ يوق. سەن نېمىشقا بۇنداق خام سۆزلەرنى قىلىسەن. كەيخۇسرەۋنىڭ ئايدەك يۈزى ۋە قەددى ـ قامىتىنى نېمىشقا كۆرۈڭ كۆرمەيدۇ. ئۇ پادىشاھلىق قۇۋۋىتى تۈپەيلىدىن جەيھۇن دەرياسىدىن گويا بوۋسى پەرىدۇن ئارۇن دەرياسىدىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپتۇ. بۇ خۇدايى تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ۋە كەيخۇسرەۋنىڭ ئەرەنلىكىدىن بېشارەت ئەمەسمۇ؟! خۇدا ئۇنى ھەممە يامان كۆزلەردىن يىراق قىلسۇن.

تۇس غەزەپلىنىپ:

— ھەي بەتبەخت ئىت! نېمىشقا بۇنچىۋالا ئەقىلسىزلەرچە ۋالاقلايسەن. سېنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭ ئىسفەھاننىڭ تۆمۈرچىسى ئىدى. پادىشاھ نەسلىمۇ، بەگ نەسلىمۇ ئەمەس ئىدى. بىزگە قۇللۇق قىلغاندىن كېيىن سىپاھبەگ بولدى. تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىن چىقىپ، زەردار بولدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سەن مېنىڭ بىلەن تەڭلىك تالىشۋاتامسەن؟! ئە-

جىبا، ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەمسەن ؟!

— ئەي يېڭىلتەك ئەخمەق! — دېدى گۇدەرز، — مەن تۆمۈرچىلىكتىن نومۇس قىلمايمەن. ئادەمگە ئەقىل، ھۈنەر ۋە ئەرەنلىك كېرەك. مېنىڭ بوۋام كاۋە بىر تۆمۈرچى بولسىمۇ، لېكىن ئەرەنلىكتە ئۇنىڭدەك ئەر پۈتكۈل ئىراندا يوق ئىدى. بوۋام نىجىس ئەجدىھادىن قورقماستىن، زەھھاكنىڭ ئەھدىنامىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. كاۋە تۇغىنى كۆتۈرۈپ، زەھھاك زالىمنى تەختىدىن يىقىتتى. پەرىدۇن پادىشاھنى بوۋام تەختكە ئولتۇرغۇزدى. پەرىدۇن پادىشاھ ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. بىز پەرىدۇن زامانىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە ئاتا تەرەپتىنمۇ، ئانا تەرەپتىنمۇ پالۋان نەسلىدىنمىز. بوۋام كاۋە، رۇستەم، زال، سام، نەرىمان، گۇرشاست، ئاتام گەشۋاد؛ مەن ھەممىمىز پادىشاھنىڭ ئالدىدا پالۋانلىقتا كەمەر باغلاپ كەلگەنمىز. سەن نەۋدەرنىڭ ئوغلى. ئاتاڭ بىر ئاچچىقى يامان كىشى ئىدى. سەنمۇ بىر تەلۋە كىشى. شۇ تاپتا مۇمكىن بولسىدى سېنىڭ قول-پۇتلىرىڭنى قانغا غەرق قىلىپ، بۇ بىھۇدە سۆزلىرىڭدىن قۇتۇلغان بولاتتىم. سەن مەمەدانلىق قىلىپ، پادىشاھلىقىمىز ئىچىدە دۈشمەنلىك تېرىماقچى بولۇۋاتىسەن. پادىشاھلىقنى كىمگە بېرىشنى پادىشاھ كەيكاۋۇس ئۆزى بىلىدۇ. سېنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ ؟!

— چوڭ سۆزلەۋاتىسەن، — دېدى تۇس، - ئەقىلگە سىغقۇدەك گەپنى قىلغىن. ئەگەر سېنىڭ تىغىڭ تۆمۈرچىلەرنىڭ سەندىلىنى يارسا، مېنىڭكى كوھىقافنى يارىدۇ. ئەگەر سېنىڭ گۇرزاڭ بىر تاغدەك بولسا، مېنىڭ تىغىم قۇياشنىڭ يۈرىكىگە قادىلىدۇ. سەن گەشۋادنىڭ نەسلىدىن بولساڭ، مەن پادىشاھ نەۋدەرنىڭ نەسلىدىنمەن!

— تولا سۆزلەۋەرمە، مېنىڭ ئالدىمدا مېنىڭ بىلەن تەڭ سۆزلەشكۈدەك ھېچبىر ئىناۋەت-ئابرويۇڭ يوق! بىز نېمىگە جېدەل قىلىمىز ؟! كىمنى تەختكە چىقىرىشنى كەيكاۋۇس پادىشاھ ئۆزى بىلىدۇ، — گۇدەرز شۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، كەيكاۋۇسقا قاراپ، — ئەي پادىشاھىم، سەن توغرا يولدىن، توغرا قائىدە-يوسۇندىن كۆڭلۈڭنى قايتۇرمىغىن. ئىككى پەرزەنتىڭنىڭ قايسىسىغا شاھلىق تەختى لايىق ئىكەنلىكىنى بىلەي دېسەڭ، ئۇلارنى ئالدىڭغا چاقىرىپ، سىلىشتۇرۇپ كۆرگىن، — دېدى.

كەيكاۋۇس مۇنداق دېدى:

— ئەي پالۋان، بۇ ئېيتقىنىڭ بويىچە قىلسام مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ پەرزەنتىم. ئەگەر ئۇ ئىككىيلەننى ئالدىمغا چاقىرىپ، بىرىنى تاللىسام، يەنە بىرىنىڭ كۆڭلىدە ماڭا نىسبەتەن ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىشتا مەن ئامالسىز قالدىم. ئانداق بولسا ھەر ئىككىيلەن مەندىن ئاغرىنمىسۇن. بۇ ئىشنىڭ چارىسى شۇكى، مېنىڭ ئىككى پەرزەنتىم ئىككى بۆلەك لەشكەر ئېلىپ يولغا چىقسۇن. بىر ئۆلكىدە دوز بەھمەن ئاتلىق شەھەر بار، ئۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە دېۋىلەر ياشايدۇ. پۈتكۈل خالايىق ئۇ دېۋىلەردىن رەنج ۋە كۈلپەتلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ. ھېچ كىشى شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ. ئىككى پەرزەنتىمنىڭ قايسىسى ئاشۇ شەھەر قەلئەسىنى تىغ بىلەن ئالسا، پادىشاھلىقنى شۇنىڭغا بې-

رەي .

گۇدەرز بىلەن تۇس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەر ئىككىسى بۇ شەرتكە قايىل بولدى. ئۇلار شۇنداق پۇتۇشۇپ، شاھنىڭ ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىقتى.

ئەتىسى قۇياش ئەسەد بۇرجىدىن باش چىقاردى. فەرىبۇز بىلەن تۇس پادىشاھ كەيكاۋۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇس مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھىم، مەن ئالدى بىلەن لەشكەر باشلاپ، كاۋە تۇغىنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارىمەن. ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ ياقۇتتەك يۈزىنى بىنەپشىدەك كۆكەرتىمەن. فەرىبۇز مەن بىلەن بىللە بارسۇن. ئۇ مۇشۇنچىۋالا دۆلەتمەن ئوغۇل تۇرۇپ، نېمىشقا پادىشاھلىق كەمىرىنى باغلىيالمايدىكەن؟!

كەيكاۋۇس ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سەن ئىلگىرى لەشكەر تارتىپ بېرىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كەلسەڭ، قۇياش ۋە ئاينى ياراتقان خۇدانىڭ رايى بويىچە، شاھلىق تەختىنى فەرىبۇزگە بېرىمەن. فەرىبۇزنىڭ مەسلىھەتى بىللە بېرىش بولسا، بېرىڭلار، — دېدى.

تۇس ناغرا- كارنايلارنى چالدۇرۇپ، كاۋە تۇغىنى بېشىغا سايىۋەن قىلىپ، ئايىغىغا ئالتۇن كېپىشنى كىيىپ يولغا چىقتى. ئۇلار كېمە ئارقىلىق دەريا ئىچى بىلەن يۈرۈش قىلدى. تۇس پىل قوشۇنلىرى بىلەن ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

تۇس دوز بەھمەنگە يەتكەندىن كېيىن، لەشكەرلەرنى شۇ يەرگە چۈشۈردى. ئۇلار تەييارلانغاندىن كېيىن، تۇس لەشكەرلەرنى باشلاپ، جەڭ قىلىش ئۈچۈن سېپىل تەرەپكە ماڭدى. لەشكەرلەر قورغان يېنىغا يەتكەندە، يەر يۈزى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. نەيزىلەرگە ھارارەت ئوتلىرى تۇتاشتى. دۇبۇلغىلارنىڭ ھەممىسى يالقۇنلىغان ئوتتەك بولدى. ھاۋا دۇبۇلغىلارنىڭ يۈزىدەك قارايدى. سېپىلنىڭ قوقتىلىرى پەلەككە يەتكەنىدى. تۇس فەرىبۇزگە مۇنداق دېدى:

— پالۋانلار گۇرزا ۋە سالما بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇلارغا قانداق زەرەر يەتكۈزەلىسۇن. بۇ سېپىلنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق يول يوق ئىكەن. قەلئەنىڭ ئىسسىقلىقىدىن قۇياق - ساۋۇت ئىچىدە ئادەملەر ۋە يويۇق- كىستىۋان ئىچىدە ئاتلار كۆيمەكتە. بۇ قەلئەنى ھېچ كىشى ئالالمىغۇدەك.

ئۇلار سېپىل ئەتراپىنى بىر ھەپتە ئايلاندى. ئىچىگە كىرىشكە ھېچقانداق يول ياكى يوچۇق تاپالمىدى. ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ يېنىپ كەتتى.

گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد فەرىبۇز بىلەن تۇسنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ پىيادە قوشۇنلارنى تەييارلىنىشقا بۇيرۇدى. كەيخۇسرەۋنىڭ بارلىق لەشكىرىنى يىغدى. پىللارنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن زەربەرجەتتىن كۆز قويۇلغان تەختلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. كەيخۇسرەۋ ئايىغىغا ئالتۇن كېپىش كىيىپ، ئالتۇن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ كاتىپنى ئالدىغا چاقىرىپ، قەغەزگە مۇنداق نامە يازدۇردى: « خۇدايى تائالانىڭ بەندىسى پادىشاھ

كەيخۇسرەۋ شۇنداق دەپ جاكارلايدۇكى، خۇدا ھەممىشە ھازىردۇر، ياخشىلىق ئاتا قىلغۇچى ۋە توغرا يولغا كىرگۈزگۈچىدۇر. قۇياش ۋە ئاينى، يۇلتۇزلارنى ياراتقۇچىدۇر. ئۇ ماڭا ئىززەت – ھۆرمەتنى، پادىشاھلىقنى، پالۋانلىقنى ئاتا قىلغۇچىدۇر. بۇ قەلئەنىڭ ئىچىدىكى دېۋىلەرنىڭ ھەممىسى خۇدايى تائالانىڭ دۈشمىنىدۇر. مەن خۇدايى تائالانىڭ پەرمانى بويىچە بۇ دېۋىلەرنىڭ بېشىنى گۈرزا بىلەن يەنجىپ، تۇپراق قىلىۋېتىمەن. ئەگەر سېپىل ئىچىدە جادۇگەرلەر بار بولسا، ئۇلارنىڭ بېشىنى سالما بىلەن ئۈزۈپ تاشلايمەن. بۇ قەلئە ئىچىدە پەرىشتىلەر بار بولسا، خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، قەلئەنى بوش قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىڭلار. مەن بۇ شەھەردە دېۋە – شەيتاننىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتىۋېتىمەن» بۇ نامىنى ئۇزۇن نەيزىنىڭ ئۇچىغا باغلىدى. ئۇنى ئەلەم كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ماڭدى. پالۋان گىۋ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. كەيخۇسرەۋ ئۇنىڭغا:

— ئەي پالۋان، مېنىڭ نەسىھەتنامەمنى سېپىل تەرەپكە ئېلىپ بارغىن. ئۇ نەيزىنى شۇ يەردە سانجىپ قويۇپ، خۇدانىڭ ئىسمىنى ئوقۇغىن، — دېدى.

گىۋ نەيزىنى قولىغا ئېلىپ، خۇدانى ياد قىلغان ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىدى. نەسىھەتنامە ئېسىلغان نەيزىنى سېپىلنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويدى. ئۆزى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ تۇردى. شۇ چاغدا سېپىل ئۈستىدە بىر قۇيۇن پەيدا بولدى. قۇيۇندا كەيخۇسرەۋنىڭ خېتى غايىپ بولدى. سېپىل ئىچىدىن قىقاس – چۇقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. توپا توزۇپ، تاراق – تۇرۇق ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى. گويا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك سادالار چىقتى. سېپىل ئىچى ۋە سىرتىنى گويا كى قىشنىڭ زۇلمەتلىك كېچىسىدەك قاپقاراڭغۇلۇق قاپلىدى. كەيخۇسرەۋ لەشكەرلىرىنىڭ توللىقىدىن پۈتكۈل جاھان ئادەم بىلەن تولغانىدى. كەيخۇسرەۋ دەرھال ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ، لەشكەرلەرگە:

— ھەممىڭلار سېپىلگە قارىتىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

پۈتكۈل لەشكەرلەر سېپىلنى ئوققا تۇتتى. ناھايىتى كۆپ دېۋىلەر ئوق تېگىپ ھالاك بولدى. شۇ چاغدا بىر يورۇقلۇق پەيدا بولۇپ، ھاۋانىڭ تەلەتى سۈزۈلدى. ھايات قالغان بارلىق دېۋىلەر كەيخۇسرەۋنىڭ پەرمانى بويىچە بۇ شەھەردىن كەتتى. شۇندىن كېيىن دوز بەھمەن شەھىرىنىڭ ئىشىكى تېپىلدى. كەيخۇسرەۋ گۇدەرز، گىۋ قاتارلىق پالۋانلار بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقتى. بۇ سېپىلنىڭ ئىچى پايانسىز كەڭرى بىر شەھەر ئىدى. ئۇ شەھەردە باغلار ۋە ئوردىلارنى كۆردى. كەيخۇسرەۋ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇ يەردە بىر گۈمبەز بىنا قىلدۇردى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ۋە قۇببىسى ئون گۈمبەز بويى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تاق ۋە راۋاقلارنى ياساتقۇزدى. ئۇ گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا مۇنەججىملەر ۋە تەبىرچىلەر ئورۇنلاشتى.

كەيخۇسرەۋ بۇ شەھەرىستاندا بىر يىل تۇردى. ئاندىن لەشكەر تارتىپ، بارگاھلىرىنى يۆتكەپ يولغا چىقتى. كەيخۇسرەۋنىڭ غالىبىيەت بىلەن كەلگەنلىك خەۋىرى ئىرانغا يېتىپ كەلدى. پۈتكۈل خالايىق ھەيران قالدى. يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى چاچقۇ ئېلىپ

چىقىپ، شاد ـ خۇراملىق بىلەن كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا باردى. فەرپىزمۇ تامام لەشكەرلىرى بىلەن ئىستىقبالغا چىقتى. كەيخۇسرەۋ ئالتۇن تەختتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتىسىنىڭ قېرىندىشى فەرپىزنى قۇچاقلىدى. ئۇنى يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيگەن ھالدا تەختكە ئولتۇرغۇزدى. تۇس كاۋە تۇغىنى كۆتۈرگەن ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدا كاۋە تۇغىغا مەسئۇل تۇغچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قوللۇق بىلدۈرۈپ يەر ئۆپتى. تۇس كەيخۇسرەۋگە:

— بۇ كاۋە تۇغى ۋە ناغرىلارنى قايسى پالۋان مۇۋاپىق بولسا، شۇنىڭغا بەرگىن، — دېدى ۋە ئىلگىرىكى قىلغان سۆزلىرى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتتى.

پادىشاھ كەيخۇسرەۋ پالۋان تۇسنىڭ كۆڭلىنى ياساپ كۆلۈمسىرىدى. ئۇنى تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا:

— كاۋە تۇغىنى تۇتۇشقا سەندىن لايىق كىشى يوق. سەن يات كىشى بولمساڭ، نېمىشقا بۇنچە ئۆزرە ئېيتىپ كېتىسەن؟ — دېدى.

ئۇلار بىرلىكتە پارس مەملىكىتىگە راۋان بولدى. سىياۋۇش ئوغلى كەيخۇسرەۋنىڭ مۇبارەك قەدەم بىلەن يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى پادىشاھ كەيكاۋۇسقا يەتتى. كەيكاۋۇس ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. كەيخۇسرەۋ بوۋىسى كەيكاۋۇسنى يىراقتىن كۆرۈپ شادلىققا چۆمدى. كەيكاۋۇس نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى.

— غالىبلىق بىلەن قايتىپ كەلدىڭ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلدىڭ.

ئۇ بۇ يەردىن ئوردا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پادىشاھلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، پىيادە ماڭدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەيخۇسرەۋگە ئاپىرىن ئېيتىشتى. كەيكاۋۇس تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. كەيخۇسرەۋنىمۇ قولىدىن يېتىلەپ ئەكىلىپ، ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. خەزىنىچىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئالتۇن تاجنى ئاچىقتۇردى ـ دە، يەر سۆيگەن ھالدا ئۇنى كەيخۇسرەۋنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىدا كەيخۇسرەۋنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى تەختتىن چۈشتى. قىممەت باھالىق خەزىنىلەرنى ئاچىقتۇرۇپ، كەيخۇسرەۋنىڭ بېشىدىن چاچتى. پادىشاھلار ھەممىسى ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنى چېچىشتى. كەيكاۋۇس سىياۋۇشنى ناھايىتى كۆپ تەرىپلىدى. ئاندىن مۇنداق خىتاب قىلدى:

— كەيخۇسرەۋ سىياۋۇشقا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇ جاھاننىڭ رەسىم ـ قائىدىسى شۇكى، بىرەۋنىڭ قولىدىن تارتىۋالغاننى يەنە بىرەۋگە بېرىدۇ. ئەي ئەزىزلەر، كۆڭلۈڭلەرنى خۇشال تۇتقايسىلەر. زىيادە نەرسەڭلەرنى خۇدا يولىدا سەرپ قىلغايسىلەر. خۇدايى تائالا سىلەرگە رىسق بەردى. پەرزەنتىڭلارغىمۇ ئەلۋەتتە بېرىدۇ. خۇدايى تائالانىڭ رەھمىتى، ياخشىلىقى كېمەيمەيدۇ. ئۆزۈڭلەرگە نېسىپ بولغان رىسقتىن زىيادىسىنى ئىزدىمەڭلا، ئىزدىگىنىڭلار بىلەنمۇ ھەرگىز تاپالمايسىلەر. تەگرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# گۇل ۋە نەۋرۇز

مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ھاجى نۇرھاجى

**مۇھەررىردىن :** ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفى مىلادى 1366 ـ يىلى ھىرات شەھىرى يېقىنىدىكى دىھكەنار دېگەن جايدا تۇغۇلغان ، 1465 ـ يىلى 99 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خۇراسان ۋە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ ، زور شۆھرەت قازانغان . كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىدىن مۇتلەق كۆپچىلىكى لۇتفىنى ئۆزىگە ئۇستاز ھېسابلىغان ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۈلگە ۋە ئىلھام ئالغان . لۇتفىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى ئىچىدە لىرىك شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان بىر دىۋانى بىلەن « گۇل ۋە نەۋرۇز » داستانى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە .

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىدا «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىن ئايرىم پارچىلار بېرىلگەن . ئەمما بۇ داستانىنىڭ تولۇق نۇسخىسى تېخى كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەنىدى . بۇ سانىمىزدا «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ بىرقەدەر تولۇق دەپ قارالغان تېكىستىنى ئېلان قىلدۇق . بۇ نۇسخا لۇتفى دىۋانىنىڭ بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان Add7914 – نومۇرلۇق قول يازمىسىدىن ئېلىنغان مىكرو فىلىم نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى .

Add7914 – نومۇرلۇق قول يازما مىلادى 1557 ـ يىللاردا ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى ئىچىدە بىر قەدەر قەدىمىي نۇسخىلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە قىسمەن كەم مىسرالار بايقالدى . بۇ مىسرالار لۇتفىنىڭ 1989 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان « سەنسەن سېۋەرىم » ناملىق كىتابىغا ئاساسەن تولۇقلاندى . تولۇقلانغان سۆز ، ياكى مىسرالار ئوتتۇرا تىرناق ([]) ئىچىگە ئېلىندى .

* *

سپاس ئول كىردىگارى زۇلمىنەنغە ،
كى جان ھەمدەملىغىنى بەردى تەنغە .
كۆكۈل گەنجىندە قويدى ئىشق گەنجىن ،
قىلىپ راھەت مۇھەببەت دەردۇ رەنجىن .
ياراتتى ئەيشۇ مېھنەت ، شادىيۇ غەم ،

تۆرەتتى نىشۇ نۇشۇ زەخمۇ مەرھەم .
فەلەككە سەير بەردى ، يەرگە ئارام ،
ئەناسىرنى قىلىپ بىر ـ بىرىنە رام .
مۇنىگئەك تۆرت ئانا ، توققۇز ئاتادىن ،
چىقاردى ئۈچ مۇلەۋۋەت ئول ئارادىن .

ياسادى ھېكمەتى بۇ مۇنچە تەركىب ،
كى دىنىنىڭ مەدارى تۇتتى تەرتىب .
تىلەدى قىلسە ئۆز سىررىنى ئىزھار ،
بەنى ئادەمغە بەردى گەنجى ئەسرار .

زەمىرى قىلدى مۇشكىللەرغە مىفتاھ ،
نۇفۇسىن قىلدى مەئىنلەرغە مىسباھ .
ۋۇجۇدى ئىچرە كۆڭلىن قىلدى سۇلتان ،
كى بولدىلار ئاڭا مەئمۇرى فەرمان .

## نۇبۇۋۋەت بىلە ۋەلايەت مەرتەبەسى

بۇ مەئىندىن يىبەردى ئەنبىيانى ،
كى ئىرشاد ئەتتىلەر دىنى ھۇدانى .
يۇرۇتۇپ ئەلگە تەڭرى يارلىغىنى ،
تانىتىپ بىرلىكىيۇ بارلىغىنى .
ئانىڭتەك تىلەسە بىردەمى ئىچرە ،
قىلۇر سەير ئون سەكىزمىڭ ئالەم ئىچرە .
زەمانى ئەرشى ئەئلا جىلۋەگاھى ،
زەمانى فەرشى ئەدنا خاكى راھى .
دەمى سۇبھۇھىلەر بىرلە ھەمئاغۇش ،
گەھى قۇددۇسلەر بىرلە قەدەھ نۇش .
ئەگەر مەيل ئەتسە ئەئلا ئەللەيىنغە ،
كۆز ئۇچى بىرلە باقماس ھۇرى ئەينغە .
ئەگەر نەفسى دەمىغە بولسە ھەمدەم .
زەرائەتدىن ئۇرۇر دىنىنى بەرھەم .
ھەقىقەت يولىنى كۆركۇزمەك ئۇچۇن ،

ھەر ئىشنىڭ خەيرۇ شەررىن تۇزمەك ئۇچۇن .
قىلىپ مەجمۇئىنى ھۇرمەت ھەرىمى ،
تەقەررۇپ مەھرەمى قۇربەت مۇقىمى .
بېرىپ ھەر بىرىنە تۇرلۇك مەراتىب ،
ئەدەب نىسبەت بىلە مەنسەب ـ مەناسىب .
ئوقۇپ سەنئەت بىلە بىرىن سەفى دەپ ،
يەنە بىرىن نىجات ئۇچۇن نەجى دەپ
خەلىللاھ تەپ بىرىن تەئزىم بىرلە ،
كەلىما تەپ بىرىن تەكلىم بىرلە .
بىرىن رۇھۇل ـ قۇدۇس تەپ ئىززەت ئۇچۇن ،
دەمىن جان بەخش ئېتىپ بىر ئىللەت ئۇچۇن .
ئاغىرلاپ بارچەسىن ئەئزاز بىرلە ،
سورۇپ ھەر بىرىنى بىر راز بىرلە .
قىلىپ فەھمۇ خىتابۇ نامۇ ئەئلام ،
بېرىپ ئەئجازۇ دىنۇ شەرئۇ ئەھكام .

## نەئتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ
## ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئالار بارچە نىگىن ئېردى مۇسەللەم ،
مۇھەممەد ئول نىگىندە خەتمى خاتەم .
ئالار جىسىم ئېردىيۇ ئول جانى مۇتلەق ،
ئالار جان بولسە ئول جانانى مۇتلەق .
ھەقىقەت ئەنبىيانىڭ سەرۋەرى ئول ،
نېكىم كەۋنۇ مەكانىنىڭ مەھتەرى ئول .
چۇ ئۇردى ھىممەتى گۇلباڭى لەۋلاك ،
مۇھەببەت ئۇستىدىن چەرخ ئۇردى ئەفلاك .
مەسىھ ئىچرە فەسىھ ئول ئېردى ئەفساھ ،
مەلىھ ئىچرە ئەزىز ئول ئېردى ئەملاھ .
بىشارەت گەنجى ئىبنى ئادەم ئىردى ،
نېچۇن « كۇنتۇ نەبىيەت » دىن دەم ئۇردى .
جەھانىنىڭ ئىچىدىن ئول ئېردى مەقسۇد ،

ئانىڭ ئىشقىندا ئالەم بولدى مەۋجۇد .
كۆزى مازاغۇ قاشى قابۇ قەۋسەين ،
ساچى ۋەللەيلۇ يۇزى قۇررە تۇل ـ ئەين .
بۇراقى توزى ئادەم تۇتىياسى ،
ئاياقى ئىزى ئالەم خۇن بەھاسى .
يولىندا بىر قەدەم بۇ يەتتى مەيدان ،
قاتىندا بىر تەبەق بۇ توققۇز ئەيۋان .
سەۋۇپ ئول مۇستەفاۋۇ مۇجتەبانى ،
ياراتتى ئۆز سەۋۇكلۇكىندىن ئانى .
مۇھەببەتتىن باشىنە تاج ئۇردى ،
ھەبىبۇللا ئېتىپ مېئراج ئۇردى .
چۇ ئول ئېردى ھەبىبى ھەبىبى مەقلۇب ،
ئانىڭ ھەبىبى ئىدى مەقسۇدى مەتلۇب .

تۇمەن تۇرلۇك تەھىيەت بىرلە رىزۋان ،
ئايۇرمەن رەۋزەسىنە ئەز دىلۇ جان .
ئەگەر ئاسىيىۇ جافىي ئۇممەتىمەن ،
نې بولسۇن ئەھلى بەيتىنىڭ ئىتىمەن ،
نې ئىتكىم ئىتلارى قەدرىن ئىتۇردۇم ،
ئۆزۈمنى ، كۆر ، نې مەنزىلغە يېتۇردۇم .

## مۇناجات

خۇدايا ، لىمەئەللاھ رازى ھەققى ،
ھەبىبىڭ قۇربىنىڭ ئەئزازى ھەققى .
نۇبۇۋۋەت نۇرىنىڭ مىسباھى ئۇچۇن ،
ۋەلايەت گەنجىنىڭ مىفتاھى ئۇچۇن .
كى شەكنى بۇ يەقىنىمدىن كۆتۇرگىل ،
يىراقلىقتىن يەقىنىڭغە يېتۇرگىل .
يەقىن بىرلە يارۇت جانىمنى ، يا رەب ،
خەلەلدىن ساقلا ئىمانىمنى ، يا رەب .
ھەۋا بىرلە ھەۋەس ئوتىنى سۇندۇر ،
كۆنەندۇرۇپ كۆنى يولۇڭغە كۆندۇر .
ئوشۇل دەمكىم دەممىدىن قالسە بىر ئاھ ،
قىل ئول دەم بىرلە ھەمرەھلىقنى ھەمراھ .

## پادشاھ ئىسكەندەر مەدھى

كەل ، ئەي جان بۇلبۇلى ، پەرۋاز قىلغىن ،
شەھەنشەھ مەدھىنى ئاغاز قىلغىن .
ئىسكەندەر دىنىنىڭ پۇشتۇ پەناھى ،
تېگىشلىك يەر يۈزىنى پادشاھى .
ئەسالەت بىرلە سۇلتان ئىبنى سۇلتان ،
ئاتا ـ ئانا سەراسەر خانۇبىن خان .
جەلالى دىنۇ دۇنيا ، بۇلمۇزەففەر ،
بەھادۇر پادىشەھ سۇلتان سىكەندەر .
شەھىكىم ، ئەدلىدىن ئىرانۇ تۇران ،
ئېرۇر فىردەۋسى ئەئلا بىرلە يەكسان .
شەھىكىم ، جۇدىدىن قىلسام ھىكايەت ،
ئىشتكەن جۇنەدىن قىلغاي شىكايەت .
شەھىكىم بىرىنىڭ ۋەسفىنى قىلسەم ،
تۈگەنمەگەي تۈمەنىڭ يىل تېرىلسەم .
شەھەنشاھىكى ، قىلسام ئەرلىكىن ياد ،
ئېرىگەي مۇستەھىﺌ گەر بولسە پۇلاد .
شەھەنشاھىكى ، گەر لۇتىف ئەتسە ئىزھار ،
تامۇق سەھنىنى قىلغاي باغۇ گۇلزار .
ئەگەر قىلسە گۇزەر دەرياغە قەھرى ،
قۇرۇپ قالغاي نېچۇككىم لۇت شەھرى .
مەئارىف بىرلە ئىرفان ئىچرە مەئرۇف ،
ھەقايىق بىرلە بۇرھان ئىچرە مەۋسۇف .
قامۇق فەنلەرنى ساھىب فەندىن ئارتۇق ،
بىلىگ بىرلە بىلۇر بىلگەندىن ئارتۇق .
نې دانىش ، نې ھۇنەركىم ، دىنىدە بار ،
ئالۇر ئىلمۇ ئەمەل ئاندىن نەمۇدار .
ئەگەر زېھنى نېگە يۈزلەنسە بىردەم ،
ھەم ئول دەم ئەقلى كۇل تاپقاي مۇسەللەم .
ۋەگەر ئەندىشەسى قىلسە تەخەييۇل ،
بەدىھە زەبت قىلغاي جۇزۋىدىن كۇل .
نېكىم ئىلمۇ ئۇلۇمى ئىچرە ئەئلەم ،
ئالۇسلاپ ئىلمۇ مەئلۇماتدىن ھەم .
ۋۇجۇدىدىن مۇزەييەن دىنۇ دەۋلەت ،
نىگىنۇ تاجۇ تەختۇ مۇلكۇ مىللەت .
ئىلىگتەك سەلتەنەتقە قويدى بۇنياد ،
كى سۇلتانلىق ئەساسى بولدى ئاباد .
ئانىڭدەك يەرگە يەتكۇردى ھۇنەرنى ،
كى ئۆتكەردى مەلائىكدىن بەشەرنى .
ئانىڭدەك قىلدى يەر يۈزىنى مەئمۇر ،
كى ئەدلى بولدى يەر ئۈستىندە مەشھۇر .
تۇشۇپ ئاۋازەسى بارچە جەھانغە ،
يېتىلدى قىررىۋاندىن قىررىۋانغە .
قىلىچى ھەيبەتىندىن ئەژدەھا مۇر ،
ئوقىنىڭ زەخمىدىن بەھرام ئۆيى گور .
ئىلىندە ھەر قاچانكىم گۇرز تىترەر .
كۆرۈبان گۇرزنى ئەلبۇرز تىترەر .
ئوشۇل دەمكىم ئۇرۇشدا مەست بولغاي ،
زەمانە ھەيبەتىندىن پەست بولغاي .

نىكىم ئالسە قىلىچ زەربى كۈچىدىن ،
باغشلار بارچەنى قامچى ئۈچىدىن .
ئاياقدىن باش بويى فەزلۇ كەمالات ،
ۋۇجۇدى ھىكمەتى ئەقلۇ مەھالات .
زىھى سۇلتان ، زىھى خاقان ، زىھى شاھ ،
ھەقىقەت بىرلە زىللۇللاھى بىللاھ .
ئانىڭدەك كۆركەيۇر ئەلقابىدىن سۆز ،
كىم ئۆز سۆزلەرىنە ھەيران بولۇر ئۆز .
ئىرۇر ئەۋسافىدىن خۇتبە مۇزەييەن ،
ئىرۇر ئەلقابىدىن سىككە مۇئەييەن .

ھۇنەرمەندۇ ھۇنەرپەرۋەر ، ھۇنەر دوست ،
ھۇنەر ئىچرە ۋۇجۇدى مەغز دەر پوست .
ئىلاھا ، تا فەلەك بۇنيادى بولغاي ،
جەھان ئىچرە ھۇنەرنىڭ يادى بولغاي .
بۇ دەۋلەت سايەسى بولسۇن مۇخەللەد ،
بىلىگ بىرلە ھۇنەر ئىچرە مۇئەييەد .
بىلىگلىكلەر كۈنەنسۇن دەۋلەتىندە ،
ھۇنەردىن بەسكى ئۆرسۇنلەر ئاتىندە .
بولۇپ سەرخۇش نەۋايى باشلاسۇنلار ،
شەھەنشەھغە دۇئايى باشلاسۇنلار .

## سەبەبى نەزمى كىتاب

ئۇشۇل كۈنلەركى ۋەقتىم ئىردى ناخەش ،
بۇزۇلغان بۇ كۆكۈلدە مىڭ تۈمەن غەش .
پەرىشانلىق بىلە ئەقلىم مۇشەۋۋەش ،
تىرىكلىك نامۇلايىم ، ئۆمرى ناخەش .
نە بىر ھەمدەمكى ئۇل ھەمساز بولغاي ،
نە بىر مەھرەمكى ئۇل ھەمراز بولغاي .
مۇساھىب نازەنىنلەرنىڭ فىراقى ،
مۇئاسىر ھەمنىشىنلەر ئىشتىياقى .
ئاياق تۇتقۇچى بەندۇ ھەمدەمىم ئاھ ،
ئاياقلىق قان يۇتار شامۇ سەھەرگاھ .
كىناتە ئەختەرى بەخت ئولدى تالىئ ،
سەئادەت شەمئى ناگەھ بولدى لامىئ .
تولۇئ ئەتتى شەرەف بۇرجىندە ئىقبال ،
كۆكۈل خۇشلۇغىنە يۇزلەندى ئەھۋال .
ئۇيۇگان تالىئىم ناگەھ ئويياندى ،
يەنە ئۆچكەن مۇرادىم شەمئى ياندى .
بىشارەتنامە بەردى ھاتىفى غەيب ،
ھۇنەرقىلدى ھىدايەت فاتىھى غەيب .

مەگەر ئەختەر مۇبارەك ئۇردى فالىم ،
كى شاھەنشاھ ئۆگىنە سالدى ھالىم .
تەرەھھۇم قىلدى ئۆز ئەسكى قۇلىنە ،
نەزەر قىلدى نەۋاسىز بۇلبۇلىنە .
بۇيۇردىكىم : «بۇگۇل فەسلىندە دەرھال ،
گۇلۇ نەۋرۇزنىڭ ئەفسانەسىن سال .
ئايىت ئۇل قىسسەنى تۈركى تىلىنە ،
كى تاپقان تىل تاتىغدىن تىلىنە .
كى گۇل ۋەقتى قەفەسدە بولسە بۇلبۇل ،
تەقى كۆپرەك قىلۇر گۇلباڭۇ غۇلغۇل .
بۇ ئەفسۇن بىرلە بول بەند ئىچرە خۇرسەند ،
كى ئاقىل بەندىدۇر دىۋانەغە بەند . »
بۇ فەرماندىن سىنۇق كۆكلۈم سەۋۈندى .
بۇ مەئنىلىق ئاۋۇنچاقدىن ئاۋۇندى .
كىشۇۋردى فەھفەزىن مەئنى بۇراقى .
نەۋا تۈزدۈم ، قەدەھ چەۋۋردى ساقى .
مەگەر ئۇل نەغمەدىن بىردەم ئاۋۇنۇپ ،
نەۋا تاپقاي كۆكۈل غەمدىن سەۋۈنۈپ .

## گۇل ۋە نەۋرۇز كىتابىنىڭ ئەۋۋەلى

مەسىھا يەڭلىغ ئۇل خىزرى سۇخەنساز ،
ئانىڭدەك كۆرگۈزۈر بۇ پەردەدە راز .
كى نەۋشاد ئىلىدە بار ئىردى بىر شاھ ،
كىلۇردىن ۋاقىفۇ كەچكەندىن ئاگاھ .

ئاتى فەررۇخ ئۆزى فەرخۇندە ئەختەر ،
ئانىڭ ھۆكمىندە ئۇل ئىقلىمۇ كىشۋەر .
قامۇق ئالەمدە ئەدلۇ دادى مەشھۇر ،
چەرىكى بىنھايەت ، مۇلكى مەئمۇر .

جاھاندىن بىر ئوغۇلغە ئارزۇمەند ،
مۇڭى يوق ھېچ نېمەدىن غەيرى فەرزەند .
تىلەك ئۈستىندە چۈن سىدقى بار ئەردى ،
تىلەگەندەك مۇرادىن تەڭرى بەردى .
سېۋەر مەھبۇبى بار ئېردى ھەرەمدە ،
كى دائىم كۆڭلى ئېردى ئول سەنەمدە .
سەئادەت بىرلە يۈكلەندى ۋۇجۇدى ،
يېتىلگەچ ھەددى ھەملىنىڭ ھۇدۇدى .
ئوشۇل چاقتەكى ئالەم بولدى خۇررەم ،
سەبا ئۇردى دەمى ئىيسايۇ مەريەم .
چەمەنلەر بولدى جەننەتدىن نەمۇدار ،
ئاچىلدى گۈل ، ساچىلدى مۇشكى تاتار .
ياڭى يىلنىڭ باشىندا روزى نەۋرۇز ،
سەدەفدىن چىقتى بىر دۇررى شەب ئەفرۇز .
سەۋىنگەندىن ئاتاسى گەنجىن ئاچتى ،
نېكىم قازغانغانىن ئالەمغە ساچتى .
ئۈلۈق تويلار قىلىپ ئىشرەتلەر ئەتتى ،
ياراتقان بىرلە كۆپ نىيەتلەر ئەتتى .
ئۈلۈستە مۇستەھىقلەرنى قىلىپ شاد ،
كىم ئول دەم بەندىلەرنى قىلدى ئازاد .
چۇنەۋرۇز بولدى نەۋرۇز ئىچرە پەررۇز ،
ئاتادى ئوغلىنىڭ ئاتىنى نەۋرۇز .
سۈت ئەمگەندە سەئادەت دايە بولدى ،
تىلى چىققاچ ھۇنەر ھەمسايە بولدى .
تاپىپ نەشۋۇ نەما دەۋلەت ئىچىندە ،
يەگانە بولدى ئاز مۇددەت ئىچىندە .
كىچىك ياشدىن قامۇق فەنلەرنى بىلدى ،
كۆپىن ئۆز ئەقلى بىرلە فەھم قىلدى .
نى تۇردى بىر نەفەس ، نى ئۇردى بىردەم ،
تەمام ئۆگرەندى بىلدى بارچە ئەردەم .
گەھى قۇش قۇشلاماق ، گەھ ئاۋلاماقدە ،
كىيىك ئىملاماق ، ئارسلان قاۋلاماقدە .
كىچە بولسە تەنەئئۇم بىرلە مەشغۇل ،
مۇساھىبلار بارى مەۋزۇنۇ مەقبۇل .
يارۇلار سافۇ ساقىيلار گۈل ئەندام ،
تابۇقچىلار سەبۇك روھۇ دىلئارام .
مۇنىڭدەك خۇش كەچۈرۈپ ئۆمرىنى شاد ،
چىقىپ كېزەر ئىدى ئول سەرۋى ئازاد .
خۇش ئېردى بىر كېچە ۋەقتى بەغايەت ،
كېچىپ سۆھبەتدە ھەم تۈرلۈك ھېكايەت .
گەھ ئۆگدىلەر خوتەن زىيبالارىنى ،
زەمانى رۇمنىڭ رەئنالارىنى .
گەھى چىن خۇبلارىدىن سۆزلەدىلەر ،
گەھى ئۆزبەك پەرىلەر كۆزلەدىلەر .
ئېتىپ ھەربىرى بىر كىشۋەرنى تەھسىن ،
قىلا بىلمەدىلەر بىر ـ بىرنى تەئيىن .
مەلىكزادە بولۇپ خۇشۋەقتۇ خۇررەم ،
لەبى خەندان ، مۇسەلسەل زۇلفى دەرھەم .
دىماغى ھۇسن ئەۋسافى بىلە تەر ،
يىگىتلىك جۇشى بىرلە بادە دەر سەر .
مۇغەننى دەردمەندانە غەزەلخان .
تۈزۈپ بۇلبۇل نەۋاۋۇ قۇمرى ئەلھان .
بۇ ھالەتدە خىرامان بولدى ساقى ،
مەلىكزادەغە يەتتى دەۋر ئاياقى .

## نەۋرۇز ئۆز ئۆزىگە ئاشىق بولغانى

ئاياق ئالىپ ئىچەر ـ ئىچمەسدە ئول شاھ ،
چاغىردا كۆردى ئۆز ئەكسىنى ناگاھ .
ئانىڭدەك بولدى ئۆز كۆركىنە ھەيران ،
كى چاك ئەتتى ياقاسىن سەرۋى كەيۋان .
ئۆز ئۆزى بولدى كۆڭلى بىرلە مايىل ،
ۋەلى ئول دەم ئۇياتدىن بولدى ھايىل .
ئىجازەت بېرىپ ئەلگە ئۆزر قولدى ،
تۈشەك سالدىلار ئۇيقۇ ۋەقتى بولدى .
تىلەدى كۆزگۈۋۇ كۆردى يۈزىنى ،
ئۆزىدىن باردىيۇ سەۋدى ئۆزىنى .
سېۋەر ئېردى لەبىن يۈز ناز بىرلە ،
قۇچار ئەردى بىلىن مىڭ راز بىرلە .
گەھى ئىلتىپ ئاياغىنى يۈزىنە ،
گەھى سۈرتۈپ ئىلىكىنى كۆزىنە .

### [نەۋرۇز گۇلنى تۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولغانى]

مۇنگدەكتە چاغىر زور ئەتتى ناگاھ،
ئۇيۇدى نې كۆرەر ئۇيقۇسىدە شاھ:
بۇتى نې بۇت، مەگەر ھۇرۇ پەرىزاد،
لەبى نازۇك بويى چۇن سەرۋى ئازاد.
پەرىشان ساچلارى گۇل ياپراغىندە،
تۇمەن مىڭ شىۋەلەر ھەر باقماغىندە.
كۆزى قاشى قىلىپ مىڭ فىتنە ئەنگىز،
لەبى پۇر شىۋەۋۇ زۇلفى دىلئاۋىز.
قومۇنغان ئارەزى جانلارغە لايىق،
ئاياقدىن باش بويى خانلارغە لايىق.
ئىلىندە بىر قىيالە بادەئى ناب،

مۇنگدەك كەلدى ئول گۇل بەرگى سىيراب.
شەھەنشەھغە ئاياق تۇتتى: «كەل، ئىچكىل،
مىنى دەپ ئۆزگەدىن بىر يولى كەچكىل.»
چۇ نەۋرۇز ئول قەدەھنى نۇش قىلدى،
ئىچى قاينار قازاندەك جۇش قىلدى.
ئاياغىن ئۆپتىيۇ دىدىكى: «ئەي ماھ،
نې يەردىنسەنكى تۇشتۇڭ مۇندا ناگاھ.
تىلەرسەم مەن سىنى، قايدىن تىلەيىن،
سوراغىڭنى سورۇپ كىمدىن تىلەيىن.
ئەگەر جانسەن نىچۇك تەندىن يىراقسان،
ۋەگەر خۇد ھۇرسەنۇ تاپغايمۇ رىزۋان.

### گۇل ئۆز بەلگۇسىنى نەۋرۇزغە تۈشىندە ئايىتىشى

قىيا باقتى تەبەسسۇم بىرلە ئول ھۇر،
دىدىكىم: «ئەي ئۆزى ئۆزىنە مەغرۇر.
مەن ئول سەرفىتنەئى ئاخىر زەمانەمەن،
كى ھۇسن ئىقلىمىدە ساھىبقىرانەمەن.
كۆزۈم جادۇسىدىن كەشمىر پۇرشور،
ساچىمدىن چىن ئىچىندە غارەتى غور.
لەبىم نۇقلى شەكەرتەك ئاتەشئەنگىز،
سالۇر يۇز مىڭ كۆڭۈلدە ئاتەشى تىز.

[پەرىدۇرمەن ۋەلې ئەفسۇن سىۋۇمەن،
پەرىتەك تەگمە ئەفسۇن بىرلەيۇمەن.]
قەدىمنىڭ سەرۋىدىن تاپماس كىشى بەر،
مىنى تاپماس پەرىتەك ئادەملەر.
ئاتىم گۇلدۇر ۋەلې فەرخاردىنمەن،
نې ئول گۇلكىم، دىگەيسەن خاردىنمەن.»
چۇ سۆزلەدى بۇ سۆزنى ئول گۇلئەندام،
شەھەنشەھنىڭ ئىلىندىن ئالدى ئول جام.

### نەۋرۇز ئۇيقۇسىدىن ئويغانىپ بىھۇش بولمىشى

كەيىنتە سەسكەنىپ ئويغاندى نەۋرۇز،
ئانگدەك ئۇردى بىر ئاھى جىگەر سوز.
كىم ئۆرتەي يازدى ئالەمنى سەراسەر،
تىلەدى، كۆرمەدى گۇلنى بەرابەر.
ياقاسىن چاك ئىتىپ فەرياد قىلدى،
كۆيۈكلۈك نەۋھەلەر بۇنياد قىلدى.

ئۆزىن يەرگە ئۇرۇپ، كۆپ يىغلادى زار،
يىغىدىن ئۆزگە خۇد نې چارەسى بار.
تۈگەندى سەبر ئارامۇ قەرارى،
يىغى كۆپ بولدى، ھەددىن ئاشتى زارى.
چۇ پەيدا بولدى مىڭ تۈرلۈك ئەلامەت،
ئىتىپ «لاھەۋل» ئۆزىن قىلدى سەلامەت.

### نەۋرۇز تۈشىنىڭ تەئبىرىنى ئەلدىن تىلەگەنى

يەنە ئەل تىلىدىن ئەندىشە قىلدى،
زەرۇرەتتىن تەھەممۇل پىشە قىلدى.

ۋەلې ئەرتە ـ كىچە ئولتۇرسە ـ تۇرسە،
بۇ غەمدىن خالې ئىرمەس بىر دەم ئۇرسە.

جەھانكەشتە مۇسافىرلارنى ئىندەر ،
سورار بۇ تۇشنۇلۇك ئەھۋالىن سەراسەر .
تىلەپ . ئىستەپ نىشان تاپماس كىشىدىن ،
تاقى دەرماندەراق بولدى ئىشىدىن .
ئۆزىن ھەردەم بىر ئىش بىرلە ئاۋۇتۇر ،
تەسەللىلەر بېرىپ كۆڭلىن ساۋۇتۇر .
چۇ ناگەھ ئىشق ئوتى بىر شۇئلە ئۇرسە ،
يەقىندۇركىم كۆلىن كۆككە ساۋۇرسە .
تەھەممۇلسىز بولۇپ ئاتلاندى ئول دەم ،
چىقىپ سەيران بىلە دەفئ ئېتەر ئول غەم .
گەھ ئايتۇر بىنەۋا يانە سۇرۇدى ،
گەھ ئاقىزۇر سىرىشكى بىرلە رۇدى .
گەھى لالە بىلە باشلار ھىكايەت ،
گەھى گۈلنى كۆرۈپ سۆزلەر شىكايەت .
گەھى سەرۋىنى ئوخشاتۇر قەدىنە ،
سەمەننى مەگزەتۇر گاھى خەدىنە .
كى بۇ دەردىنە بىر كۈن ئاتلانىپ ئول ،
يۈرۈر ئىردى يولۇقتى بىر ئۇلۇق يول .
يۈرۈر ئېردى رەۋان ئول يول بىلە راست ،
يولۇقۇشتى شەھەنشەھ بىرلە بىخاست .
يىغىلىپ كارۋانىلار سەراسەر ،
قىلىپ شەھزادەغە تۇرلۇك دۇئالەر .
نىسار ئەفشان قىلىپ دۇررۇ جەۋاھىر ،
تاپۇقدا قىلدىلار ئىخلاس زاھىر .
يۈرۈپ نەۋرۇز ئالارنى گەرم سۇردى ،
تۇشۇپ بىردەم ئالار بىرلە ئوتۇردى .
سورارده ھەربىرىنىڭ زادۇ بۇدىن ،
كەيىنتە كۆردى بىر ساھىب ۋۇجۇدىن .
يۈرەكى قوپتى ، كۆڭلى بولدى خۇررەم ،
ئانى ئىندەپ دېدى : « ئەي يارى ھەمدەم .
بەغايەت كۆڭلۇم ئىچرە ئاشناسەن ،
دېگىل ، قايدىن كېلۇرسەن ھالىيا سەن ؟ »
يەر ئۆپتىيۇ دېدى : « ئەي خۇسرەۋى دەھر ،
كى فەرخار ئاتلۇ باردۇر بىر ئۇلۇق شەھر .
مەن ئول يەردىنمەنۇ ئاندىن كېلۇرمەن ،
ئول ئەلدىن ھەر نې سورساڭىز بىلۇرمەن .
ئېرۇر ئاتىم ئول ئەلدە بۇلبۇلى مەست ،
بىلۇرمەنكىم تۇمەن دەستان بىلەن دەست .
زەبۇر ئەلھانىلىق يەرلەر بىلۇرمەن .
نەدىملىق ئىچرە تەدبىرلەر بىلۇمەن .
بۇ سوز ئەنگىز مەنى ئەفسانە فەرداز ،
نەۋادا زۇھزەئى زۇھراغا دەمساز .
مەسىھاتەك دەمىمدىن جان تاپار ئەل ،
ئۇنۇمنۇڭ دەردىدىن دەرمان تاپار ئەل »
چۇ فەرخار ئاتىنى شەھ گۇش قىلدى ،
ئۆزىندىن بارديۇ بىھۇش بولدى .
تۇتۇپ بوينىن قۇچۇپ ، ئۆپتى يۈزىندىن ،
ئايىرماس بولدى بىر سائەت ئۆزىندىن .
ئالىپ كەلدى ئانى ئۆز مەسنەدىنە ،
ئىسىرغاندۇردى لۇتفى بىھەدىنە .
ئانى چۇن شاھ نەدىمى خاس قىلدى ،
ئىنايەت بىرلە خاسۇل ـ خاس قىلدى .

## نەۋرۇز گۈل خەيالى بىلە بۇلبۇل بىرلە ھىكايەت قىلغانى

چۇ بۇلبۇل بولدى نەۋرۇز ئاشناسى ،
ئاچىلدى مىڭدىن ئارتۇق پۇر نەۋاسى .
بەھەر مەجلىسكى قىلسە نەقش پەرداز ،
قىلۇر نەۋرۇز جان ئەفشانلىق ئاغاز .
قاچانكىم قىلسە بىر ئاھەڭگى تەركىب ،
تۇشەر شەھزادەغە ئارتۇقسى تەرغىب .
قىلۇر شەھ ئول نەۋالار بىرلە ئىشرەت ،
ئايۇر گۈل ئاتىنى سائەت بەسائەت .
ئىشتۇر بۇلسە گۈل ئاتىنى بۇلبۇل ،
ئوگىنە تۇشتى فەرخار ئىچرەكى گۈل .
قىلىپ ۋەسفىن تەرانە بىرلە تەقرىر ،
قىلىنى نەقش باغلاپ قىلدى تەھرىر .

## نەۋرۇز بۇلبۇل ئۆيىدە گۇل نىشانىنى تاپقانى

چۇشەھ بۇلبۇلدا تاپتى گۇل نىشانىن .
بۇكەز بۇلبۇلدىن ئارتۇردى فىغانىن .
دېدىكىم : « قىل بۇ تەسىرىنگنى تەكرار .
ئەت ئۆزىنۇ گۇلى تەقرىرىنگنى ئىزھار . »
ئايىتتى بۇلبۇلى شورىدە : « كەي شاھ .
كى شەرھىن سوردۇڭ ئېرسە بولغىن ئاگاھ .
كى فەرخار ئېلىدە بىر خانىمىز بار ،
شەھى مۇشكىن دېگەن سۇلتانىمىز بار .
ئېرۇر جەمشىد ئۇرۇغىدىن نىژادى ،
فەرىدۇندىن ھەم ئارتۇق ئەدلۇ دادى .
ئەدىمۇل ـ مىسل ئېرۇر ئىككى جەھاندا ،
تەڭگى يوقتۇر زەمىنۇ ھەم زەماندا .
ئۇغۇل قىزدىن گۇل ئاتلىق بىر قىزى بار ،
كىم ئەسرار خۇلقىدىن پىنھان پەرىۋار .
جەمالىندىن ھېكايەت قىلسە بولماس .
كەمالاتىن ھەقىقەت بىلسە بولماس
ئۆزارىن ئەكسىدىن كۈن خىيرە بولور .
يۈزى ئۆترۇسىدا ئاي تىيرە بولۇر .
سېۋەر ئول گۇل بۇ بۇلبۇلنىڭ نەۋاسى ،
كى بار بۇ بىنەۋا بىرلە ھەۋاسى . »
چۇشەھ ئۆز تۇشىنە تەئبىر تاپتى (1) ،
تىلەگەن ئىشىنە تەدبىر تاپتى .

## نەۋرۇز ئۆز سىرىنى بۇلبۇلغە ئايمىشى

قىلىپ بۇلبۇلنى ئۆز ھالىندىن ئاگاھ ،
ئايىتتى جۇملەئى ئەھۋالىنى شاھ .
كۆيۈپ بۇلبۇل ئىچى نەۋرۇز ئۇچۇن زار ،
دېدىكىم : « ئەي شەھەنشاھى جەھاندار .
ئاياقدىن بىر زەمان ئولتۇرمايىن خۇش ،
تىرىك بارىنچە بىردەم ئۇرمايىن خۇش .
چىداغانچە قىلىپ ئەفسۇنۇ نەيرەڭ ،
بارىپ ئەفزۇن ئېتەيىن مىڭ تۇمەن فەڭ .
مەگەركىم ئول پەرى تەسخىر بولغاي ،
زىلەيخا بىرلە يۇسۇف بىر بولغاي . »
چۇ بۇلبۇلدىن ئىشىتتى ۋەئدە نەۋرۇز ،
چىقاردى جانىدىن ئاھى جىگەر سوز .
ئۆپۈپ بۇلبۇل ئاياقىن يىغلادى زار ،
دېدى : « ئەي يارى ھەمدەردۇ ۋەفادار .
بېلىڭ باغلاپ ئاياق باسقىن كۆزۈمگە ،
رەۋان بولغىن ، قەدەم قويغىن يۈزۈمگە .
بۇ يول ئەمگەكىدىن فىكر ئەتمەگىن ھەچ ،
مۇرادىڭ تەگرى بەرسە قالماغىن كەچ .
بۇ توسقۇدىن ئاگا ھەم بىر ئاق تۇت ،
بۇساغاسىن ئۆپۈپ ، مەندىن قولاق تۇت .
مېنىڭ ھالىمنى بىر ياخشى مەھەلدە ،
تاپۇغىندا ئەدا قىل بىر غەزەلدە .

## نەۋرۇز بۇلبۇلنى گۇل تاپۇغىدا يىبەرگەنى

يەر ئۆپتى بۇلبۇلى شورىدە دەرھال ،
قىلىبان زەرقۇ كۇششتىن پەرۇ بال .
كۇنىن بولجاپ ھەم ئول كۈن يولغە تۇشتى ،
يۈرۈپ پەرخار مۇلكىنە ياۋۇشتى .
ئانىگتەك چاغدا يەتتى بۇلبۇلى مەست ،
كى گۇل ئىشرەتدە مەشغۇل ئېردى پەيۋەست .
بولۇپ پەرخار جەننەتدىن نەمۇدار ،
بىھىشتى ئەدىنتەك سەھراۋۇ گۇلزار .
ھەۋا ئىيسا دەمىتەك رۇھپەرۋەر ،
يىغاچلار تۇبىيۇ ئاقار سۇ كەۋسەر .

---

(1) قول يازما نۇسخىدا بۇ سۆز « قىلدى » دېيىلگەن . مەنە ھەم قاپىيە ئېتىبارى بىلەن « تاپتى » دەپ ئېلىندى .

چەمەنلەر ئىچرە قۇشلارنىڭ سەفرى.
يىغاچلار ئەۋجى گۇللارنىڭ سەرىرى.
يەنە دىۋانەلىق باشلاب خىرەدمەند،
بولۇپ دىۋانەلەرغە مەۋسۇمى بەند.
بۇ كۈنلەر گۇل قىلىپ گۇلشەن ھەۋاسىن،
تىلەدى خاتىرى بۇلبۇل نەۋاسىن.
تىلەبان تاپمادى ئۆز بۇلبۇلىن گۇل،
پىسەند ئەتمەدى كۆڭلى ئۆزگە بۇلبۇل.
بۇ كۈن ئىشرەتنى مەۋقۇف ئەتتى ئول ماھ،
كى ناگەھ يەتتى بۇلبۇل ئول سەھەرگاھ.

## بۇلبۇل گۇل ھىجرەسى تىگرەسىندە نەۋرۇز يادى بىلە سۇرۇد ئايغانى

قىلىپ گۇل چىھرەسى گەردىندە جەۋلان،
نەۋايى باشلادى گىريانۇ نالان.
رەۋان نەۋرۇز ئاھەڭگىنە تۈزدى،
ئىشتكەن خەلقىنىڭ باغرىنى بۇزدى.
ئانىڭتەك نالەلەر باشلادى پۇر دەرد،
كى سۇبھ ئول نالەئىدىن ئۇردى دەم سەرد.
چۇ گۇل ناز ئۇيقۇسىدىن بولدى بىدار،
كۆرەر بۇلبۇل قىلادۇر نالەئى زار.
نې ئاھەڭگىدۇرۇر نەۋرۇز بىرلە،
نەۋاسى بارچە دەردۇ سوز بىرلە.

## گۇل بۇلبۇل ئۈنى بىرلە نەۋرۇز سىفاتىنى ئىشتىب ئاشىق بولغانى

بۇيۇردى گۇلكى ساقىيلار ئويانسۇن،
قەدەھ گەردان بولۇپ، ئىشرەت ئولانسۇن.
گۇلى مىسكىن يانا ئوت ئۈستۈنىندە،
كۆزى ئەلدە، ئوڭى بۇلبۇل ئۈنىندە.
يۈرەكى ئۆرتەنۈر، كۆزدىن تۆكەر ياش،
ئاياغ ئىچكەنسايۇ ھەردەم قويار باش.
ئىنەكەسى بار ئېردى ئاتى سەۋسەن،
تىلى گەھ خەنجەر ئېردى، گاھى سوزەن.
ئانىڭ تۇققان، تۆرەگەن يېرى كەشمىر،
ئول ئەلدە كەسب قىلغان مەكرۇ تەزۋىر.
ھىيەل ئىچرە كىچىك شاگىردى ئىبلىس،
ئاياقدىن باش ۋۇجۇدى مەكرۇ تەلبىس.
نېچۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى ناگاھ،
كۆرەر گۇل زار - زار يىغلاپ ئۇرار ئاھ.

## سەۋسەن گۇلنى بۇ ئىشرەتتىن تىيغانى

ئۇرۇنۇپ سەسكەنىپ قوپتى يېرىدىن،
ئاچىقدىن ئوت ياقىلىپ كۆزلەرىدىن.
ھەم ئول دەم فىتنەئى ئاخىر زەمانتەك،
مۇنەققەش قىلدى گۇل ۋەقتىن خەزانتەك.
چۇ ھېچ قالمايدۇر ئېردى ئىختىيارى،
ئۆپۈپ بوينىن قۇچۇپ باشلادى زارى:
« كىم ئەي ئارقام، ئۇمىدىم، مېھرىبانىم،
يۈرەكىم قۇتىيۇ جانۇ جەھانىم.
تۆرە بىرلە ئانام دېسەم، ئانامسەن،
ئانادىن مېھرىبانراق دېسەم ھەمسەن. »

## گۇل ئۆز سۆزىنى سەۋسەنغە ئايتقانى

« نې ئوت تۈشتى ئىچىمگە بىلمان ئاخىر،
خەلاسىمنى تەسەۋۋۇر قىلمان ئاخىر.
كۆيەر جانىم، يۈرەكىم ئۆرتەنۈر زار،
نې سەبر ئەتسەم بولۇر، نې تاقەتىم بار.
نې كۆردۈم، بىلمەدىم بۇلبۇل ئۈنىندە،
كى تۈشتۈم بۇ ئۇلۇق مېھنەت كۈنىندە. »
قوپۇپ سەۋسەن چىقىپ بۇلبۇلنى كۆردى،
شىكايەت بىرلە ئەھۋالىنى سوردى:

« كى ئەي پۇر گويۇ بىمەغزۇ پەرىشان،
يەنە قايدىن كەتۇردۇڭ ئۇشبۇ دەستان ؟
بۇ نې ئاۋازەۋۇ نەۋرۇز كىمدۇر،
بۇ خۇرشىدى جەھان ئەفرۇز كىمدۇر ؟
بۇ ئاھۇ نالەدىن نېدۇر مۇرادىڭ،
ياشۇرماغىن نېكىمدۇر ئېئتىقادىڭ ؟ »

## بۇلبۇل نەۋرۇز ھكايەتىن سەۋسەنغە ئايتقانى

تەبەسسۇم قىلدىيۇ يەر ئۆپتى بۇلبۇل :
« كى مەن بىھۇدە قىلماسمەن بۇ غۇلغۇل.
ھەۋەس قىلدىمكى سەيرئەتتىم جەھاننى،
تاپىنسەم دىندە ياخشى ـ ياماننى.
تۇشۇپ نەۋشاد شەھرىنە گۇزارىم،
پىسەند ئەتتى ئول ئەلنى ئىختىيارىم.
ئول ئەلدە بىر ئەجەب شەھزادەئى بار،
سەئادەت بىرلە دەۋلەتقە سەزاۋار.
بەغايەت كۆكلۈم ئىچرە نازەنىندۇر،
لەتافەت ئىچرە چۇن دۇررى سەمىندۇر.
بۇيى باشتىن ئاياق رۇھى مۇجەسسەم،
دەمى جان بەخش چۇن ئىيسايۇ مەريەم.
ئۆزى نەۋرۇز ئاتاسى ئاتى فەررۇخ،
ئانىڭ گۇفتارىدۇر بۇ شېئرى تاگسۇخ. »

## سەۋسەن بۇلبۇلدىن نەۋرۇز سىفاتىن ئىشتىپ، گۇلگە ئايمشى

يانىپ گۇل ھەزرەتىندە باردى سەۋسەن،
ئىشتكەنىنى سۆزلەدى مۇئەييەن.
ئىشتتى ئېرسە گۇل سەۋسەن سۆزىنى،
ئېسى ئازدى تىيە بىلمەي ئۆزىنى.
ئانىگتەك سۇستايىپ تۇشتى ئاياقدىن،
كى ياش ئورنىندا قان ساچتى قاراقدىن.
كۆرۈپ سەۋسەن بۇ ئىشنى ھەيرەت ئالدى،
تەفەككۇردىن باشىن تۇتتىيۇ قالدى.

## سەۋسەن گۇلگە مەلامەت قىلغانى

مەلامەت باشلادىيۇ گۇلگە : « ئەي ماھ،
ئاتاقلىقىڭ تۇرۇر خاقان كەبى شاھ.
گەر ئاندىن فىكر قىلماسسەن سەن ئاخىر،
ئاتاڭ بىرلە ئاناڭدىن ئايمەن ئاخىر.
ئەگەر ئەندىشە قىلماسسەن ئۆزۈڭدەن،
يازۇقسىز بىزنى ئۆلتۈر تۇرمۇ سەنسەن ؟ »
مەلامەت بىرلە ئارتار ئىشقى پۇر شور،
نەچە تىيغانسايۇ ئانچە قىلۇر زور.
سەۋۋك سەۋگەن ئۆلۈمدىن فىكر قىلمەس،
ئەتىن قانچى بىلە توغراسە بىلمەس.

## گۇل سەۋسەنغە ئاچىغلانىپ ناز قىلغانى

چۇ گۇل مۇنداق قاتىق سۆزلەر ئىشتتى،
تەۋازۇئ بىرلە سەۋسەنغە ئايتتى :
« مېنى دەردىم بىلە قوي يىغلايىن زار،
جەراھەت بىرلە قىلماس مەرھەم ئازار.
چۇ مەرھەم بەرمەسەڭ نىش ئۇرماغىڭ نې،
نەمەك بەرسىنەنى رىش ئۇرماغىڭ نې ؟
مېنىڭ ئۇچۇن نې ئەمگەندىڭ نې كۆرۈڭ،
نې بىتمەي قالغان ئىشمنى بىتۇردۇڭ ؟
مېنى قويغىل تۇگەنمەس ئۇشبۇ غەمغە،
بارىپ ئايغىل ئاتام بىرلە ئانامغە.
ساڭا نېچە يالىنىپ يالبەرەيىن،
نېكىم كەلسە ئاياغىمنى كۆرەيىن. »
چۇ سەۋسەن كۆردى گۇل ۋەقتى پەرىشان،
ئايتغان پەندىدىن بولدى پۇشەيمان.

## گۇل سەۋسەن نەسىھەتىدىن كۆڭلى قالغانى

نېچە كىم ئالدادى، گۇل ناز قىلدى،
بۇرۇنقى ئىلتىفاتىن ئاز قىلدى.
ئۆزى بىرلە تەفەككۇر قىلدى سەۋسەن:
« كى سەن كىمسەنكى بولساڭ گۇلگە دۇشمەن.
بۇ دۇنيادا كىملىك بار ئاندىن ئۆزگە،
يەنە بىر ياشقە يەتكەن جاندىن ئۆزگە.
جەھاندا مۇنچە يىللار ئۆمر سۇردۇڭ.
نېچۇككىم بولسە دىنىني كەچۇردۇڭ.
يەنە بىر نەچچە يىلنى كەچتى تۇتقىن،
تىكەنلىكنى قويۇپ، گۇلنى ئاۋۇتقىن.»

## سەۋسەن گۇلنى ئاۋۇنسۇن تەپ بۇلبۇلنى شەفىئ كەلتۈرگەنى

ئىنايەت قىلدى ناگەھ باقتى سەۋسەن،
كى بۇلبۇلنى شەفىئى قىلدى سەۋسەن:
« قىلىپ گۇستاخلىق گۇل ھەزرەتىندە،
قاتىق سۆزلەر دەيەم بىلمەي قاتىندە.
كېلىپ گۇلدىن مېنى دەرخاست قىلغىن،
مېنىڭ بىرلە مەزاجىن راست قىلغىن.
تاپۇغىندە مۇلازىم بول نىھانى،
ئاۋۇتقىن ھەرنېچۇككىم بولسە ئانى.»
كېلىپ بۇلبۇل يەر ئۆپتى گۇل قاتىندە،
دۇئالار ئەرز قىلدى ھەزرەتىندە.
كۆرۈپ بۇلبۇلنى گۇل قىلدى تەبەسسۇم،
چىرايىن ئاچتى، باشلادى تەكەللۇم.

## بۇلبۇل سەۋسەننى گۇلدىن شەفائەت قىلغانى

چۇ بۇلبۇل گۇل بىلە ھەمراز بولدى،
رەۋان سەۋسەن تىلىندىن ئۆزر قولدى.
كى سەۋسەندىن ئېرۇر گۇلشەن رەۋاجى،
نېچۇككىم گۇل ئېرۇر سەۋسەن رەۋاجى.
گۇلى خەندان بولۇپ سەۋسەن بىلە خۇش،
ياراشتى بۇلبۇل ئول گۇلشەن بىلە خۇش.
كۇدۇرەت ئورتادا قالمادى باقى،
بۇ كەز ساقى يۇرۇتتى دەۋر ئاياقى.

## بۇلبۇل گۇل قاتىندا نەۋرۇز سىفاتىن قىلغانى

سورار گۇل ھەر زەمان نەۋرۇزدىن راز،
قىلۇر ھەرلەھزە بۇلبۇل بىر نەۋاساز.
نېچۇك نەۋرۇز گۇلنى تۇشتە كۆردى،
نې تۈرلۈك سىررىنى ئەلدىن ياشۇردى.
نې قىلغانىن نې دېگەنىن سەرا سەر،
ئايىتتى بارچەسىن گۇلگە بەرابەر.
ئىشىتكەنسايۇ گۇلنىڭ دەردى ئارتار،
سىرىشكى گەرمۇ ئاھى سەردى ئارتار.
ياقا يىرتىپ قاچانكىم ئۆرسە بىر ئاھ،
دەرىندۇر كىم جەھان ئۆرتۇنسە ناگاھ.
كۇنچە كەلتۈرۈپ بۇلبۇلنى خىلۋەت،
تۇتار نەۋرۇز ۋەسفى بىرلە سۇھبەت.
نەدىمى ھەمدەمى نەۋرۇز ئادى،
كېچە ـ كۇندۇز غەمى نەۋرۇز يادى.
نېكىم سۆزلەر، سۆزى نەۋرۇزۇ نەۋرۇز،
بىلىڭلاسە سۆزى نەۋرۇز بۇ رۇز.
گۇلى مۇشكىن بۇ دەرد ئىچرە گىرىفتار،
كۇنچە سەبر ئېتەر ناكامۇ ناچار.

## بۇلبۇلنى نەۋرۇز فىرخارغا يىبەرگەندىن سوڭرا، نەۋرۇز ھالى گۇل چاغىدا

نېچۇك بۇلبۇلنى پەدرۇد ئەتتى نەۋرۇز،
بۇ كەز ھەددىن ئاشۇردى ئاھى دىلسوز.

ئويۇماس بولدى، ئىشرەت خودنى بولۇر،
جانىندىن تويىدى، سۇھبەت خۇدنى بولۇر.
قۇلاغىنە سۇرۇدۇ رۇد ياقماس،
ئۆيۈنچىندىن كىشى يۈزىنە باقماس.
يىمەك ـ ئىچمەكدىن ئاچۇ ئۇمدىن سەر،
باغىردىن قان ئىچەر كۆڭلىدە غەم يەر.
ئۆزى خىلۋەتتە يالغۇز ئولتۇرۇر زار،
ئوڭىندا گۈل ۋە لېكىن كۆڭلىدە خار.
بۇلۇپ ئېردى بۇ سۆزدىن فەررۇخ ئاگاھ،
ھەمىشە فىكر ئېتەر ئېردىكى ناگاھ.
كېرەكمەگەيكى نەۋرۇزى پەرى روي،
ئەزىمەت ساز ئېتىپ كەتكەي پەرى جوي.
ئانىڭ فىكرىندە كەچكەندەك زەمانە،
كەيىنتە ئاتتى ئوقىن بىر نىشانە.

## نەۋرۇز ھەۋا قىلىپ كەتكەندە، فەررۇخ بارىپ ياندۇرغانى

تىك ئولتۇرغاچ ھەۋايى قىلدى نەۋرۇز،
ئايىرلاتتى ئاتىن با دەردى پۇر سوز.
مۇنىڭدەك يالغۇزۇن ئاتلاندى ـ چىقتى،
ئىشتىپ چەرخ بۇ غەمدىن تارىقتى.
نې تون كىيدىيۇ نې باغلادى بېلىن،
رەۋان ئاتلانغاچ ئاتلاندۇردى ئېلىن.
چاپىشتى ھەر كىشى بىر سارى، تۇرماي،
يارىم سائەت تۇرۇپ بىردەم ئوتۇرماي.
سوۋۇردى كەيپۇرىن قاۋمادى ياسىن،
كەيىن باقتى ئىسە كۆردى ئاتاسىن.
ياسىن تاشلادىيۇ ئوقىنى سالدى،
ئاتىندىن ساچراغاچ بورىكىنى ئالدى،
يەر ئۈستىن ئاغنادى تونىن قىلىپ چاك،
قىزىل قانغە بوياپ يۈزىن ـ باشىن پاك.
ئاتاسى تاشلاغاچ ئاتتىن ئۆزىنى،
ئاياغى ئىزىنە سۈرتتى يۈزىنى
ئانىڭدەك تولغاشىپ يىغلاشتىلار زار،
كى قان يىغلاماغان قالمادىيۇ يار.
بۇ ئىش بىرلە ئالىپ ياندۇردى ئوغلىن،
يانار ئوتقە سالىپ ياندۇردى ئوغلىن.

## فەررۇخ نەۋرۇز ئىشى ئۈچۈن بەگلەر بىلە كەڭەشكەنى

كەڭەشتى بەگ ـ بىگات بىرلە فەراۋان،
ھېچ ئىش بىرلە تىلەپ تاپمادى دەرمان.
ئانىڭدەك كۆردى ئوغلىنىڭ مەزاجىن،
كى گۈل ۋەسلىندىن ئىستەر ئۆز ئىلاجىن.
تىلەر فەرخار ئىقلىمىنە كەتسە،
بارىپ كۆڭلى تىلەگەنىگە يەتسە.
ھېچ ئىش بىرلە تەسەللى تاپقۇسى يوق،
ماۋۇق بىرلە يالىنىنى ياپقۇسى يوق.
بۇ كەز پەررۇخ كۆڭۈلىن بىرگە بەردى،
نېكىم فىكرىنى بىر تەدبىرگە ۋەردى.
ئېلىنىڭ كۈشلۈكىن فاخىرنى سۈزدى،
نېكىم يولغە كېرەك بارىنى تۈزدى.
ياسادى ھەر نېمەدىن بىر خەزىنە،
ئالىپ قالمادى بىر ئالتۇن ئۆزىنە.
بار ئېردى بەگلەرىندە بەھمەن ئاتلىق،
چىرايى ساپساۋۇق بەھمەن سىفەتلىق.
ئانى سالغادى ھەم نەۋرۇز بىرلە،
كۆچۈردى تالىئى بىرۇز بىرلە.

## فەررۇخ نەۋرۇزنى فەرخارغە ئۇزاتقانى

ئۇزاتتى ئوغلىنى بىر نەچچە مەنزىل،
قالىبان كۆز ياشىدىن پايى دەرگىل.
ئاتاسى يىغلە ـ يىغلاي ئەۋگە ياندى.
ئوغۇل ئويناي ـ كۈلەي يولغە ئۇزاندى.
مۇنىڭتەك ئۆر كەمەي كۈندە كۆچەرلەر،
نۇكەر سەۋدەر بىرىن ـ ئىككى قاچارلەر.

## بەھمەن نەۋرۇزنى يولدىن ياندۇرا سۆزلىگەنى

تەفەككۇر قىلدى بىر كۈن بەھمەنى پىر،
كى فىكر ئەتمەك كېرەك بىر ئۆزگە تەدبىر.
مەگەر بولغايمۇ بۇ ئوغلان پۇشەيمان،
قويۇپ يانغاي بۇ سەۋدايى پەرىشان.
كېلىپ نەۋرۇز بىلە يانداشتى گۇستاخ،
كۆزىن يۇمدىيۇ ئاغزىن ئاچتى گۇستاخ.
« كى بىر مۇنداق يۈرۈپ قايدا بارۇرسىز ؟
ئۇلۇسنى كۆچ بىلە ئوتقە سالۇرسىز.
غەرىبلىقتە بۇ ئەل ـ كۈن نېتكۈسىدۇر،
نېتەك فەرخار ئېلىنە يەتكۈسىدۇر ؟
يانىڭ بۇ مەئىنسىز تەلبە يۈرۈشنى،
كېلىڭ لاھەۋل ئېتىڭ بۇ يولسۇز ئىشنى.
ئېرۇر نەۋشاد مۈلكى ھۆسن كانى،
ئىرەم ياڭلىق مەلاھەت بوستانى.
پەرىلەر يۇرتى بۇتلار كىشۋەرىدۇر،
لەتافەت شەھرى، نازۇكلار يەرىدۇر ... »
بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتى ئېرسە نەۋرۇز،
ئاچىغلاندىكى: « ئەي پىرى بەد ئامۇز.
ئېسىڭ ئازىپتۇرۇر ساقال ئاقارىپ،
مۇنىڭدەك ئەقلىڭ ئازلاپ، جەھلىڭ ئارتىپ.
باشىڭدىن بۇ تەمەننانى چىقارغىن،
قۇلۇمسەن، قايدا بارسام ئاندا بارغىن.
نې قۇلكىم، بوينى باغلىق بىر ئىتىمسەن.
ساڭا تەگمەس فۇزۇللۇق بىرلە كىمسەن.
ئەگەر سەندىن يانا بىر ئىش تاپايىن،
ئۆز ئېلكىم بىرلە ئورتاڭدىسىن چاپايىن. »
پۇشەيمان بولدى بەھمەن ئۆز سۆزىدىن،
قاتىق ۋەھم ئىچرە قالدى ئۆز ـ ئۆزىدىن.
يامانلىق خەنجەرىنى تىز قىلدى،
يامان كۆڭلىندە ئۆزىر ئەنگىز قىلدى.
چۇ بەھمەن چىقتى، بولدى خىلۋەتى خاس،
ئايىتتى ئىچكىدىن بىر ساھىب ئىخلاس:
« كى ئەي شاھى جەۋانبەختۇ جەھانگىر،
ھەراسان بولدى سەندىن بەھمەنى پىر.
قاتىڭدا كەلتۈرۈپ كۆڭلىنى ئالغىن،
ۋەيا خۇد ھالى ـ ئوق بويىنىنى چالغىن.
يوق ئېرسە بىزگە ئانداق ھىيلە ئەتكەي،
كى بار ـ يوقنى ئالىپ يولىنە كەتكەي. »
مەلەكزادە بۇ سۆزنى ئەسلەمەدى،
رەۋان ئىشرەت ئۈچۈن مەجلىس تىلەدى.
قەدەھ گەردان قىلىپ ساقىئى مەھۋەش،
غەزەلخان بولدى مۇترىب خۇبۇ دىلكەش.
كېچەگە تەگرۇ ئانداق ئىچتىلەر مەي،
كى ياتتىلار ئاياقدىن باش بىلمەي.

## بەھمەن نەۋرۇزغا يولدا غەدر قىلغانى

يىغىپ بەھمەن نەكىم سەردارلارنى،
ئۆزىگە يار ئېتىپ غەددارلارنى.
ھەمىنكىم گۆكرەدى تۈن ئەژدەھاسى،
تۇتۇن بىرلە يايىلدى تۈن لەقاسى.
قويۇن قوپتى، ئۆچۈردى كۈن چىراغىن،
تۇمان تۇتتى جەھان باشدىن ئاياغىن.
چۇ ئۆتتى بىر زەمان تۈن يارىمىندىن،
ياسانىپ چىقتىلار يەرلىك يېرىندىن.
مۇكەممەل جىبەلىك ئاتلار كەجىم پۇش،
جەھان تۇبسىز تېڭىز تەك باشلادى جۇش.
سەراسەر يۇكلەتىپ گەنجۇ خەزانە،
رەۋان ئۆز ئېلىنە بولدى رەۋانە.

## نەۋرۇزنىڭ ھالى بەھمەن كەتكەندىن سوڭرا

چۇ يۇنۇس چىقتى بالىق قورساغىندىن،
خوتەن تىندى ھەبەشنىڭ بولغاغىندىن.
چۇ تالىئ بولدى مېھرى ئالەم ئەفرۇز،
خۇمار ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى نەۋرۇز.
كۆرەر دۇشمەن قىلىپ دۇشمەنلىغىنى،
ساۋۇق بەھمەن ئېتىپ بەھمەنلىغىنى.
نې ئەل باردۇر نې ئولۇس نې خەزىنە،
تەھەييۇر قىلدى دۇنيانىڭ ئىشىنە.

تەھەممۇل قىلدى سالمادى ئۆزنى ،
ھەم ئۇل يولدىن ئەۋۋەرمەدى يۈزنى .
كىشكىم ئىشق بىرلە ئاشنادۇر ،
ئاڭا ھەردەم فەلەكدىن يۈز جەفادۇر .
بەلادۇر سەربەسەر ئىشقى جەھان سوز ،
كىم ئۆرتەر مۇبتەلالارنى شەبۇ روز .
ئەر ئوغلىكىم قەدەم قويسە بۇ يولدا ،
قەدەم باشدىن كېرەكدۇر جانى قولدا .
ئېرۇر ئاشق ئىشى خۇنابە ئىچمەك ،
جەھانۇ جاندىن بىر يولى كەچمەك .
پۇشۇرغاماي سالىپ بارغانلارنە ،
ئىجازەت بەردى ھەم قالغانلارنە .
ئاياغىن تۇردىلار بارچە سەراسەر :
« كىم ئەي شاھى جەھاندارايى داۋەر .
كۆتەرسەڭ خاكى پايىڭدىن باشىمىز ،
جەھاننىڭ فەرشى بولسۇن مەفرەشىمىز .
تېرىك بىز بەندە بىز ھەرنەتسەڭ ئەتكىن ،
نېچۈككىم بولسە مەقسۇدۇڭغە يەتكىن .
ياراماساق ساڭا كىمگە يارالى ،
سېنى مۇنداق سالىپ قايدا بارالى .
[ قۇل ئولدۇر ئەمگەك ئىچرە قىلسە خىزمەت ،
يوق ئېرسە قۇلمۇ كىمدۇر ۋەقتى دەۋلەت .
ئاجۇن ئەيشىنى قىلدۇق دەۋلەتىڭدە ،
رەۋا بولغايمۇ قاچساق مېھنەتىڭدە ؟ »

## نەۋرۇز خىرقەپۇش بولۇپ ، فەرخلارغە يۈزلەنگەنى

چۇ ئاڭلادى ئالار سىدقىنى نەۋرۇز ،
بېلىن باغلادى ، تۇرمادى شەبۇ رۇز .
قەلەندەرۋار كىيدى كىسوەتى فەقر ،
ئاۋۇتتى كۆڭلىنى دەر مېھنەتى فەقر .
تۇكەر ـ سەۋدەر بىلەن بىر تالىب ئەبدال ،
كىيىپ ھەر بىرى بىر ئەسكى قارا شال .
تەۋەككۇل بىرلە يولغە تۇشتىلەر خوش ،
بۇرۇنغىدىن داغى ھەم ئېردىلەر خۇش .

## نەۋرۇز فەرخلارغە يېتىپ ، بۇلبۇلنى كۆرگەنى

نېچۈك فەرخار ئېلىنە يەتتى نەۋرۇز ،
غەرىبلەردەك بولۇپ پۇر دەردۇ پۇرسوز .
سورادى . سوردى بۇلبۇلنىڭ نىشانىن ،
نېچۈك بولسە تىلەپ تاپتى مەكانىن .
كۆرۈپ شاھنى بۇ سۇرەت بىرلە بۇلبۇل ،
تەئەججۇبدا قالىپ باشلادى غۇلغۇل .
ئىلىن ئۆپتى ، ئاياغىن قۇچتى دەرھال ،
دۇئادىن سوڭرە سوردى شەرھى ئەھۋال .
كىم « ئەي سۇلتانى ئالەم ، قاندا ئېردىڭ ،
ئېلىڭ ـ كۈنۈڭ قانى ، قاندا يىبەردىڭ ؟ »
ئايىتتى قىسسەنى نەۋرۇزى بىدىل ،
كى بەھەمەندىن نې ئىشلار تۇشتى مۇشكىل .
كېچە بىرلە نې تۇرلۇك غەدر قىلدى .
ئارا يەردە نېچۈك سالدىيۇ باردى .
شاھ ئايىتتى : « ئەي مېنىڭ دەمساز يارىم ،
كى ھەددىن ئاشتى دەردى ئىنتىزارىم .
نېچەدۇركىم سالىپ كەلدىڭ مېنى سەن ،
ئۇشول ۋەقتىن بېرى نېتتىڭ ، قانى سەن ؟
مەھەل تاپتىڭمۇ ھېچ كۆردۈڭمۇ گۈلنى ،
ساغىندۇردۇڭمۇ بۇ بىچارە قۇلنى ؟
سېنىڭ ئۈمىدىڭە كەلدىم بۇ ئەلگە ،
ئەر ئېرسەڭ بەرمەگىل سەئيىمنى يەلگە .»
ئايىتتى بۇلبۇلى بىچارە : « ئەي شاھ ،
قاچانكىم گۈلنى كۆردۈم گاھۇ بىگاھ .
تىلەمەدى سېنىڭ ۋەسفىڭدىن ئۆزگە ،
چۇ رەغبەت قىلماس ئېردى ئۆزگە سۆزگە .
بۇ كۈن ئانداق مۇھىببۇ ئاشىقىڭدۇر ،
كى سەز ئەزرا بولۇپ ، ئۇل ۋامىقىڭدۇر .
قىلۇر ئاتىڭنى دائىم نەقلى مەجلىس ،
بولۇپتۇر سەندىن ئارتۇقراق مۇھەۋۋىس .

## نەۋرۇز بۇلبۇل بىلە گۇل قاتىندا بارغانلارى

ئىشتكەچ بۇ بەشارەتنى شەھەنشاھ ،
سەۋەنگەندىن ئۇلۇسلاي يازدى ناگاھ .
كۆرۇپ بۇلبۇلنى ئۆپتىيۇ قۇچۇشتى ،
ئانىڭدەك بولدىكىم گۇلغە ياۋۇشتى .
ئۇنۇتتى بارچە يول ئەمگەكلەرىنى ،
چىقاردى كۆڭلىدىن مىھنەتلەرىنى .
كىيىپ بىر قىسقاراق تون شەب رەۋانە ،
يەرىندىن ساچرادى شاھى زەمانە .
قۇلاۋۇز بۇلبۇلۇ نەۋرۇز پەيرەۋ ،
قىلىپ ئەيبارلىق بىرلە تەكۇ دەۋ .
مۇنىڭدەك يەتتىلەر گۇل مەھفىلىنە ،
نەچۇككىم يەتسە كۇن ئاي مەنزىلىنە .

قەدەم ئورنىندا شەھزادە قويۇپ باش ،
مۇھەببەت بىرلە ئويناپ جانىدىن فاش .
بۇلار يەتكەندە گۇل سەۋسەن قاتىندا ،
قەدەھ گەردان قىلىپ نەۋرۇز ئاتىندا .
تاپۇقچىسى بار ئىردى زۇھرە ئاتلىق ،
نەۋادە زۇھرەئى زەھرا سىفەتلىق .
سۇرۇد ئايتىپ قاتىندە چەڭگى بىرلە ،
مۇلايىم دىلپەزىر ئاھەڭگى بىرلە .
كى ناگەھ بۇلبۇلى شورىدەئى مەست ،
سوردى ساز قىلدى ئەز سەرى دەست ،
مەھەل ساقلاپ مۇبارەك فال بىرلە ،
غەزەل باشلادى ئۇشبۇ هال بىرلە .

## بۇلبۇل نەۋرۇز تىلىندىن غەزەل ئوقۇغانى

« كىم ، ئەي گۇل ، گۇلشەن ئىچرە تازە بولغىن ،
جەھان ئىچرە بەلەند ئاۋازە بولغىن .
سېنى سەۋگەن ھەمىشە شاد بولسۇن ،
سېنىڭدەك قايغۇدىن ئازاد بولسۇن .
سېنى ئىستەگەن ئول مىسكىن غەمخار ،
ۋىسالىڭدىن يېسۇن بىر ئاخىرى كار .
نىگارىنە مەن ئول بىچارەدۇرمەن ،
كى ھەجرىڭ جەۋرىدىن ئەۋۋارەدۇرمەن .
يانار ئوت ئىچرە ئۆرتەپ خانلىغىمنى ،
قۇلۇڭ بولدۇم قويۇپ سۇلتانلىغىمنى ،
ئەگەرچە شاھ ئىدىم ئەمدى گەدامەن ،
غەرىبلىق دەردى بىرلە مۇبتەلامەن .
غەرىبۇ بىكەسۇ مىسكىنمەن ، ئەي جان ،
غەرىبۇ ئاشىقۇ غەمكىنمەن ، ئەي جان .
سېنىڭ ئۇممىدىڭە كەچتىم جەھاندىن ،
كېچىپ ئاۋارە بولدۇم خانۇماندىن .
غەرىبلەر نالەسىندىن بولغىن ئاگاھ ،
كى خىرمەنسوز ئىرۇر ئاھى سەھەرگاھ .

ئايا ئەي كۇن مەڭىزلىك مۇشتەرى خال ،
كۆز ئۇچى بىرلە باققىنىكىم نىدۇر ھال .
كىم ئايغاي شەرھى ھالىمنى قاتىڭدە ،
چۇ بادى سۇبھى يەتمەس ھەزرەتىڭدە .
يۈزۈم كۆرسەڭ مەگەر بىلگەيسەن ، ئەي يار ،
كى ھەجرىڭدە نىچۇكدۇرمەن گىرىفتار .
سەن ئانداق مەسنەد ئۇستىندە قەدەھ نۇش ،
مەن ئۇشمۇنداق ئەسىرۇ زارۇ مەدھۇش .
سەن ئانداق نازۇ ئىشرەت بىرلە ئەنگىز ،
مەن ئۇشمۇنداق سىرىشكىم بىرلە خۇنرىز .
سەن ئانداق تەختۇ بەختى پادىشاھى ،
مەنۇ فەريادۇ ئاھى سۇبھىگاھى .
ئىرۇر ھەجرىڭ ئوتىندە تاقەتىم تاق ،
بولۇپتۇرمەن بۇ كۇن رەسۋايى ئافاق .
يۈزۈڭ كۆرمەي غەمىڭدىن چىقتى جانىم ،
فەلەكدىن ئاشتى فەريادۇ فىغانىم .
تەرەھھۇم ۋەقتىدۇر ، ئەي يارۇ ئەي يار ،
غەرىبقە رەھىم قىل زىنھارۇ زىنھار . »

## بۇلبۇل سۇرۇدىدىن گول نەۋرۇز كەلگەنىنى سېزىپ سەۋسەن مەنئى ئەتكەنى

چۇگۇل بۇ شەرھ بۇلبۇلدىن ئىشىتتى ،
تەھەممۇلسىز بولۇپ فەرياد ئەتتى :

« كى بۇ ھەر كۇندەكى ئەشئار ئەمەستۇر ،
ئانىڭ تەۋرى بىلە گۇفتار ئەمەستۇر .

بۇ سۆزدە ئاشنالىقنىڭ يېدى بار ،
ئاگا ئىرشاد قىلغان مۇرشىدى بار . »
ئايتتى سەۋسەن : « ئەي گۇل ، قوي بۇ سۆزنى ،
بۇ مۇھمەل سۆزگە مەشغۇل ئەتمە ئۆزنى .
ھەم ئۇل ھەم بۇلبۇل ئۇل كۆندەكى بىردۇر ،
بۇ كۆنكىسى تۈنە كۆنكىسى بىردۇر .
ئىنانماساڭ بۇيۇر كىم زۆھرە دەرھال ،
سۆئال ئەتسۇن ئاگاكىم ، نېدۇر ئەھۋال . »
ئىشارەت بىرلە زۆھرە باشلادى چەڭ ،
تۈزۈپ بۇلبۇل نەۋاسى بىرلە ئاھەڭ .

## زۆھرە گۇل تىلىندىن سۇرۇد ئايتقانى

« كىم ، ئەي كۆپ شىيۋەلىك مۇرغى سۇخەنساز ،
مۇكەررەر نېچە قىلغايسەنسەن ئاۋاز .
مۇخالىف سۆز بىلە ، ئەي قەۋلى ناراست ،
مېنى سالدىڭ بۇ سەۋدا ئىچرە بىخاست .
قىلۇر نەۋرۇز ئۆز ئەۋجىندە فەرۋاز ،
ئانىڭ يادىندا سەن مۇنداق نەۋاساز .
يېتەر بۇ ئىشۋەلەرنى ئاز قىلغىن ،
ھەم ئۇل بۇلتۇرغى نەقشىڭ ساز قىلغىن .
گۇلى پەردەنشىننى زار ئەتمە ،
بۇزۇرگۇ كۆجەك ئىچرە خار ئەتمە .
ئەگەرچە رەھم گەردىڭدە ياۋۇماس ،
مېنى مۇنداق كۆرۈپ كۆڭلۈڭ ساۋۇماس .
ياش ئىبرەمەسمەنكى سۆز بىرلە ئاۋۇتساڭ .
مېنى ھەردەم بىر ئىشكە سۆزگە تۇتساڭ .
چۆللۈگەن سۇۋنى كۆرمەيىن ئىنانماس ،
نېچە سۇۋ دېسەلەر سۇۋساغى قانماس .
گۇلى بىخار ئىدىم فەرخار ئىچىندە ،
جەھەندا خار بولدۇم خار ئىچىندە .
مەمالىكلەرگە لازىم بولدى مەشھۇر ،
ھەياتىمنىڭ چەراغى قالدى بىنۇر .
ئەگەرچە مۇختىلىف ئەھۋال ئىبرۇرسەن ،
بىھەمدىللاھ ، مۇبارەك فال ئىبرۇرسەن .
تۈشۈگدە كىردىمۇ ئۇل بەختى بىدار ،
كى تۈش كۆرگەندەك ئايدىڭ سۆزنى تەكرار ؟
ئىسنۇرمۇ كىشى ئۇتقە يىراقدىن ،
مېنى سەۋگەن نېتەر نەۋشاد تەختىن .
نېچە يالغان ئىبسە تىنماي ئايتقىن ،
بۇ خوش ئەلھانىنى تارتىنماي ئايتقىن . »

## نەۋرۇز گۇل سۆزلەرىنى زۆھرەدىن ئاڭلاپ بىھۇش بولغانى

بۇ ئەفسانە ئىشىتتى ئىبرسە نەۋرۇز ،
يالىنتەك ئۆردى بىر ئاھى جىگەرسوز .
دېدى : « يا رەب ، بۇ نې رەھمەت تۈنىدۇر ،
نې تۈن دەرمەن ، بۇ تۈن رەھمەت كۆنىدۇر .
ئىنانمان تالئىمدىن بۇ نەزەرنى ،
كى بەرمەدى مۇنەججىم بۇ خەبەرنى . »
يەنە بۇلبۇلغە بىر دەرخاست قىلدى ،
كىم ئۇل سۆزنىڭ جەۋابىن راست قىلدى .

## بۇلبۇل نەۋرۇز تىلىندىن جەۋاب ئايتقانى

« ئەلا ئەي ھۆسن ئىچىندە ماھى فەرخار ،
لەتافەت ئۆرداسىندا شاھى فەرخار .
ئىشىكىڭ توزى جانلار تۇتىياسى ،
بۇساغاڭ گەردى خانلار خۇن بەھاسى .
غەمىڭ چۇن قىلدى كۆڭلۈم ئىچرە بۇنياد ،
ھەم ئۇل دەم ئۇتقە ياقتىم تەختى نەۋشاد .
سېنىڭ ئىشقىڭ بارىندا تەخت كىمدۇر .
بۇساغاڭ سايەسىندە بەخت كىمدۇر ؟
ئاياغىڭ تۇپراقى تاجىم نې يەتمەس ،
ئۇرامىڭ كىشتى مېئراجىم نې يەتمەس ؟

غەمنىڭ شەرھى بىلە مەھبۇب ئېرۇرجان ،
ۋەگەر بولماسە نامەتلۇب ئېرۇر جان .
خەيالىڭنى كۆرۈپ بۇ بولدى ھالىم ،
ۋىسالىڭغە قاچان بولسۇن مەجالىم ؟
ئۈمىدىم يوق ئىدى كۆرسەم يۈزۈڭنى ،
سوراپ تاپماس ئىدىم ئەلدىن سۆزۈڭنى .
ۋىسال ئۈچۈن ئەمەس ئېردى بۇ كەلمەك ،
ھەۋەس قىلدىم تەلەب ئوتىندە ئۆلمەك .
ئىنانا بىلمەسەم بەختىمدىن ، ئەي ماھ ،

مېنى مۇنداق نېچۈك يەتكۈزدى ناگاھ .
دېيە بىلمەنكى ، نې دەۋلەتغە يەتتىم ،
تۈشۈممۇدۇركى بۇ ئىشرەتقە يەتتىم .
نې تىل بىرلە مۇنىڭ شۈكرىن قىلايىن ،
ئوغاندىن مۇندىن ئۆزگە نې تىلەيىن .
ئەگەر بىردەم ساڭا نەززارە قىلسەم ،
ئۆكۈنچۈم قالماغاي ئۆلسەم ــ تىرىلسەم .
تىلەكىم دۇنيىدىن بۇ ــ ئوقتۇر ئاخىر ،
مۇرادىم مۇندىن ئۆزگە يوقتۇر ئاخىر . »

## گۈلگە نەۋرۇز كەلگەنى تەھقىق بولۇپ ، سەۋسەنغە زارى قىلغانى

گۈلى فەرخار ئىشتكەچ ئۇشبۇ ئەشئار ،
قۇچۇپ سەۋسەن ئاياغىن يىغلادى زار :
« كى ھەمدەملىق كۈندۈر ناز قىلمە ،
بۇرۇنقى شيۋەنى ئاغاز قىلمە .
نېچە بىر يولى غافىل قىلماق ئۆزنى ،

بەجۇز نەۋرۇز كىم سۆزلەر بۇ سۆزنى .
ئانىڭ ئىدىن تاپادۇرمەن سەبادىن ،
خەبەر بەرگىن ماڭا ئول ئاشنادىن .
ئەگەر مۇشفىقلىغىڭ كۆرگۈز ئەمدى ،
بۇزۇق كۆڭلۈم تۈزۈكلۈكىن تۈز ئەمدى . »

## گۈل گۈلشەنگە كىرەيىن تەپ ، سەۋسەنغە ئايتغانى①

ئايتتى گۈلكىم : « ئەي سەۋسەن ، خۇدارا ،
دەمى قىلغىن مېنىڭ بىرلە مۇدارا .
كى بۇدەم كۈندەكىدىن ئۆزگە چەمەن ،
بەسى ئاشۇفتە دىلمەن بۇ كېچە مەن .

ھۇزۇرۇم يوق ئېرۇر ۋەقتىم مۇشەۋۋەش ،
بۇ ئەمىسز دەرد ئېتەر ۋەقتىمنى ناخەش .
ئەرىكتىم بۇ سەفاسىز مەسكەن ئىچرە ،
تىلەرمەن سەير قىلسام گۈلشەن ئىچرە . »

## سەۋسەن بەسا مەنئ قىلىپ ، گۈلنى تىيغانى

يانا سەۋسەن يىراق سالدىكىم : « ئەي ماھ ،
قاچان كەلسۇن بۇ غۇربەت ئىچرە ئول شاھ .
ئول ئەلدىن كەلسە ناگەھ كارۋانى ،
ئۇلۇسدىن ياشۇرۇن قالماس زەمانى .
ئانى بىرتەخت ئىيەسى خان ئاتارلار ،

بىر ئىقلىم ئۈستىدە سۇلتان ئاتارلار .
نېچۈك كەلدىكى ، تۇيمادى خەلايىق ،
ئانىڭدەك سۆزلەكىم ، بولسۇن مۇۋافىق . »
ھەراسان ئېردى گۈل سەۋسەن تىلىندىن ،
قاتىق ئاجىز بولۇپ ئېردى ئېلىندىن .

## سەۋسەن رۇخسەت بېرىپ ، گۈل تامغە چىققانى

ئايتتى سەۋسەن : « ئەي ھۇرۇ پەرىزاد ،
قەدىڭ سەر سەبز بولسۇن ، خاتىرىڭ شاد .

---

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ بابىنىڭ ماۋزۇسى كېيىنكى بابىنىڭ ماۋزۇسى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان .

خەزان يەلىنى كۆرمەسۇن نىھالىڭ،
يامان كۆزدىن يىراق بولسۇن جەمالىڭ.
كېچە گۇلشەن پەرىلەر مەنزىلىدۇر،
نېكىم رۇھانىلەرنىڭ مەھفىلىدۇر.

مۇنىڭدەك ئاھ چېقىپ كەزمەك نې لايىق،
ئىشتىسە، كۆرسە نې دېگەي خەلايىق.
تىلەر بولساڭ تەفەررۇج، ئەي دىلئارام،
تەفەررۇجنىڭ يېرىدۇر گۇشەئى بام.»

## نەۋرۇز بىلە گۇل بىر - بىرىدىن كۆرۈپ، بىھۇش بولغانى

بۇ سۆز بىرلە گۇلى خۇدرويۇ خۇدراي،
بۇيۇردى، سالدىلار تام ئۇستىدە جاي.
نەچە مەھرەملەرى بىرلە خىرامان،
يۇقارى چىقتى ئول خۇرشىدى تابان.
كۆرەركىم بۇلبۇلى شورىدەئى مەست،
سۇرۇد ئايتىپ، بولۇپ تۇپراق بىلە پەست.
يىراقدىن تۇرۇپ نەۋرۇزى نەۋشاد،
قىلۇر ھەر نەقشىنىڭ تەھرىرىن ئىرشاد.
بۇ ھال ئىچرە كۆزىكىم گۇلگە تۇشتى،
يۈرەكى سوستايىپ، قانى قۇرۇشتى.
تۇشىندەكى ئۇكىندە كۆرگەچ ئول شاھ.
ئانىڭدەك نالە بىرلە ئۇردى بىر ئاھ.
كى ئالەم ئۆرتەنە يازدى دەمىندىن،
فەلەك ماتەم تونىن كىيدى غەمىندىن.

ھەم ئول يەردە يىقىلدى زارۇ مەدھۇش،
يانا ئاندىن بەتەر ماھى قەسەب پۇش.
بويى تۇپراق ئىچىندە بۇلغاشىپ زار،
نە ئاغزىندە نې كۆكسىندە دەمى بار.
كۆرۈپ قىزلار بۇ ئىشدىن بولدىلار مات،
گۇلابۇ رايىھە كەلتۇردىلەر بات.
بىرى نەۋھە قىلىپ، باشقە ساچىپ خاك،
بىرى فەرياد ئېتىپ، كۆكسىن قىلىپ چاك.
بىرى قانلار يۇتۇپ، يىرتىپ يۈزىنى،
بىرى يەرگە ئۇرۇپ ھەردەم ئۆزىنى.
ساۋۇق سۇۋلار سېپىپ گۇلنىڭ يۈزىنە،
كى ناگەھ سەسكەنىپ كەلدى ئۆزىنە.
يۈزىندىن گەردۇ تۇپراغىن كېتەرىپ،
رەۋان ئۆيگە كەتۇردىلەر كۆتەرىپ.

## بۇلبۇل نەۋرۇزنى كۆتەرىپ، ئەۋگە ئېلتكەنى

ۋەلى نەۋرۇز ئانىڭدەك ئېردى بەدھال،
كۆز ئاچمادى تاڭ ئاتقۇنچە قالىپ لال.
باشىنىڭ ئۇستىدە بىچارە بۇلبۇل،
قىلىپ نالەش بىلە فەريادۇ غۇلغۇل.
گۇلابۇ سۇۋ ساچىپ ھەردەم باشىندىن،
كى يىغلاپ چەۋرۇلۇر ئېردى قاشىندىن
دەخى چۇن شەمئى رەۋشەنتەك بولۇپ زار،
گەھى پەرۋانەتەك ئۆرتەپ ئۆزىن خار.
تاڭ ئاتقۇنچە مۇنىڭتەك پاس تۇتتى،
بەسى غەم يېدىيۇ خۇنابە يۇتتى.
كۆز ئاچتى سۇبھىدەم كەلدى ئۆزىنە،
يۇقارتىن گۇل كۆرۈنمەدى كۆزىنە.
يەنە بىر ئاھ ئېتىپ مەدھۇش بولدى،
دەمى سۇندى نەفەس ھەم بوش بولدى.
بۇ كەز بۇلبۇل بېلىنى باغلادى رۇست،
كۆتۇردى بويىنىنە نەۋرۇزنى چۇست.

چۇتۇش ۋەقتىندە كۇنىنىڭ پەرتەۋىنە،
ئالىپ يەتتى شەھەنشەھنى ئەۋىنە.
نۇكەر سەۋدەر ئانى ئانداق كۆرۈپ زار،
قىيامەتنىڭ تاگىن قىلدىلار ئىزھار.
يانا ئاشتى كۆزىن نەۋرۇزى بىكەس،
ئاشۇردى نالەسىن ئەز چەرخى ئەتلەس.
قوپۇپ ئولتۇردى چۇن بۇلبۇلنى كۆردى،
كېچەكى كەچكەن ئىش شەرھىنى سوردى.
ھىكايەت قىلۇر ئېردى بۇلبۇلى زار،
قانىن يىغلار ئىدى نەۋرۇزى ئەفكار.
گۇلى بىچارە ھەم سەۋدا ئىچىندە،
مەلامەتدىن قالىپ غەۋغا ئىچىندە،
نېچەكىم دېسەلەر غەۋغاسى ئارتار،
يۈرەكى سەئۇ ئېتىپ سەۋداسى ئارتار.
قۇلاغىنە كىشىنىڭ سۆزى ياقماس،
كۆزى ھەيران بولۇپ ھېچكىمگە باقماس.

بىرەر ئاھ ئۇرسە تولغانىپ ئىچىندىن ،
چىقار ئوت تولغانىپ ئىچىندىن .
بىرەر يىغلاپ ئۇلۇق تىنسە كۆچەنىپ ،
دىماغىندىن كېلۇر قان بىرلە ئېنىپ .

## سەۋسەن گۇل قاتىندە زارى قىلىپ ، گۇلنى ئاۋۇتە سۆزلەگەنى

كېلىپ سەۋسەن يۈزىن يىرتىپ پەرىشان ،
يۈرەكى پارە – پارە باغرى بىريان .
ئاياغىن ئۆپتىيۇ كۆپ قىلدى زارى .
ساچىپ قان – ياشى چۈن ئەبرى بەھارى :
« كىم ، ئەي گۇل ، نېچە ياندۇردىڭ مېنى سەن ،
قارا قان بىرلە قاندۇردىڭ مېنى سەن .
ئۆزۈڭنى كۆچ بىلە ئۆلتۈرمەكىڭ نې ،
باشىمىزغە بەلا كەلتۈرمەكىڭ نې .
تىلەر بولساڭ كۆكۆل مەقسۇدىنى ، گۇل ،
تەھەممۇل قىل . تەھەممۇل قىل . تەھەممۇل .
ۋۇجۇدۇم كىشۋەرىندە جان سېنىڭدۇر ،
نې خىدمەتكىم دېسەڭ فەرمان سېنىڭدۇر .
كۆيۈكۆكنى كۆرۈپ بىر يولى كۆيدۇم ،
ھەياتىمنى سېنىڭ يولىڭغە قويدۇم .
سېنىڭ ئۈچۈن نېكىم كۆرسەم كۆرەيىن ،
ئەگەر دېسەڭ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرەيىن .
كۆرە بىلمەن سېنىڭ دەردىڭنى ، ئەي ماھ ،
چىن ئايتۇرمەن مۇنى ، ۋەللاھۇ بىللاھ . »

## گۇل خوش ۋەقت بولۇپ ، سەۋسەننى نەۋرۇزگە يىبەرگەنى

ئىشتىپ گۇل سۆزلەرنى نەھۇفتە ،
ھەم ئول دەم غۇنچەسى بولدى شۇگۇفتە .
چىرايىن ئاشتىيۇ قىلدى تەبەسسۇم ،
كۆلۈمسەپ باشلادى بىر – بىر تەكەللۇم .
ئۆزىرلەر قولدى سەۋسەندىن فەراۋان :
« كىم ، ئەي دايە ، مېنىڭ دەردىمغە دەرمان .
جەراھەتلىق كۆكۆلنىڭ مەرھەمىسەن ،
بۇ ھەسرەت ئىچرە جانىم ھەمدەمىسەن .
بارىپ كۆرگىل غەرىبى بىنەۋانى ،
تەكەللۇفى بىرلە مەندىن سورغىل ئانى .
ئايىتقىل « ئەي ۋەفالىق مېھرىبانىم ،
يۈرەكىم قۇتىيۇ جانۇ جەھانىم .
مېنىڭ ئۈچۈن مۇنىڭدەك زار بولغان ،
غەرىبۇ بىكەسۇ غەمخار بولغان .
كۆرۈپ مىڭ نىشى خۇن ئالۇد ھەردەم ،
كىشىدىن كۆرمەگەن بىر لەھزە مەرھەم .
نېچۈكسەن بۇ ئۆزۈن يول ئەمگەكىندىن ،
بۇ ئەمىسىز ئىشقى بىھاسىل ئەلىندىن .
بۇ مېھنەتلەر بىلە جانىڭ نېچۈكدۇر ،
ئەۋ ، ئەلدىن باشقە ئەھۋالىڭ نېچۈكدۇر .
ئەلا ئەي نازەنىنى ناز پەرۋەرد ،
بۇ كۈندىن سوڭرا ، يا رەب ، كۆرمەگىن دەرد .
ئەگەرچە رەنجۇ مېھنەتدىن يۇدادىڭ ،
ياراتقان ئاقىبەت بەرگەي مۇرادىڭ .
نې مېھنەت بار ئانىڭكىم راھەتى يوق ،
نې نەكبەتكىم سوڭىندا دەۋلەتى يوق .
ئالاركىم قىلدىلار مەقسۇد ھاسىل ،
بېرىپ جان بولدىلار جانانغە ۋاسىل .
نې فىكرىڭ بار چۇ بىلدىڭ مەن سېنىڭمەن ،
نې غەم يەرمەن چۇ بىلدىم سەن مېنىڭسەن .
قەبۇل ئەتسەڭ تاپۇقچى مەن كەمىنە ،
تەرەھھۇم قىل تاپۇقچىلار كەمىنە . »
مۇنىڭدەك كۆپ ئۇمىدلىك ۋەئدە بەردى ،
بۇ سۆزلەر بىرلە سەۋسەننى يىبەردى .

## سەۋسەن نەۋرۇزنىڭ قاشىغە بارغانى

رەۋان سەۋسەن قىلىپ ۋەزئىنى تەغيىر ،
كىيىپ ئەسكى چاپان باشدىن ئاياق كىر .

كۆز ئالدۇردەك بىلە بىر ئەسكى چادىر ،
تىلەگەچ قىلدىلار قىلىھال ھازىر .
ياسانىپ گۇل قاتىندىن چىقتى دەرھال ،
قىلىپ ئىبلىس تەلبىسىنى ئەفئال .
يېتىپ بۇلبۇلنى يالغۇز كۆردى ئەۋۋەل ،
نېكىم نەۋرۇز ھالىن سوردى ئەۋۋەل .
سىفەتلەر قىلدى بۇلبۇل نەچچە مىقدار ،
كى كۆرمەي بولدى سەۋسەن ئاشىقى زار .
باشىنە تۇشكەن ئەمگەكلەرنى بىلدى ،
ياشارتىپ كۆزلەرىن كۆپ رەھم قىلدى .
فىراق ئوتى بىلە نەۋرۇزى بىدىل ،
بولۇپ كۆز ياشى ئىچرە پايى دەرگىل .

## سەۋسەن نەۋرۇزنى كۆرۈپ ، گۇل سەلامىن يەتكۈزگەنى

يۈرۈپ بۇلبۇلى خەبەر قىلدىكىم : « ئەي شاھ ،
بىشارەت بەركى ، دەۋلەت كەلدى ناگەھ .
سەئادەت يۈزلەنىپ ، مىھنەت تۈگەندى ،
قىلىپ تالىئ نەزەر نەكبەت تۈگەندى .
كېلىپ سەۋسەن يىگانە گۇل قاتىندىن ،
سەلامى كەلتۈرۈپ گۇل ھەزرەتىندىن .
دۇئالار بىرلە پەيغامىن تېگۈرسۇن ،
ئىجازەت بولسە دىدارىڭنى كۆرسۇن . »
ئېشتكەچ ئۇشبۇ سۆز نەۋرۇزى فەررۇخ ،
ئايىتتىكىم : « زىھى خۇش يۈزى فەررۇخ .
ئىجازەتتۇر قەدەم قويسە يۈزۈمگە ،
كەرەم قىلغاي ئاياق باسسا كۆزۈمگە . »
كۆرۈپ سەۋسەننى ساچراپ قوپتى نەۋرۇز ،
ئاۋۇلچاغاچ ئاياغىن ئۆپتى نەۋرۇز .
ئېلىن تۇتقاچ تەۋازىئ قىلدى سەۋسەن :
« كى شاھا ، كەمتەرىن خىدمەتچىڭىزمەن . »
ئەدەب شەرتى بىلە شاھى سەر ئەفراز ،
ئاشۇردى ھەددىدىن ئىكرامۇ ئەئزاز .
تۆگۈل يەتكۈزدى سەۋسەن گۇل سەلامىن ،
ئايىتتى شىيۋەلىق خەيرۇل ـ كەلامىن .
قاچان سەۋسەن گۇل ئاتىن ياد قىلسە ،
تىلەر نەۋرۇزكىم فەرياد قىلسە .
يانا ساقلار ئۆزىن تەدبىر بىرلە ،
ئارالى توقتار تۇمەن تەغيىر بىرلە .
نې ئاڭلار ، نې بىلۇر سەۋسەن سۆزىنى ،
قىلۇر تەسلىم ھەر سۆزدە ئۆزىنى .

## سەۋسەن نەۋرۇزنىڭ ئەفئالىن پەسەند ئەتكەنى

ھەر ئىشدا سەۋسەنى پۇر فەنۇ ئەييار ،
شەھەنشەھنىڭ قىلىغىن قىلدى بۇنياد .
تىلەگەندىن تۆكۈز تاپتى ھەر ئىشدا ،
چىنىنى ئاڭلادى بىر ئولتۇرۇشتا .
بار ئېردى بويىدا قالغان سەڭگى پارە ،
كەمەر تاجۇ نىگىنى گۇشۋارە .
نېكىم مۇنداق نىمەدىن ھازىر ئېردى ،
بارىن كەلتۈرۈبان سەۋسەنغە بەردى .
يانا ھەم ئۆزى قولدى ئول فەراۋان ،
كى سەۋسەن ئول كەرەمدىن قالدى ھەيران .
دۇئالار قىلدى ھەدسىز شادۇ خۇشنۇد ،
نېچۈك كەلگەنتەك ياندى يانا زۇد .
گۇل ئېردى مۇنتەزىر مەنزەر باشىندا ،
تاپۇقچى بىر نەچچە مەھرەم قاشىندا .
كېلىپ سەۋسەن ھەم ئول ۋەسفى بىلە شاد ،
ئېشتكەن سۆزلەرنى قىلدى بۇنياد .
ئۆكە باشلادى شاھەنشەھنى سەۋسەن ،
گۇلى مۇشكىن بارۇر ئېردى ئۆزىندەن .
تۈگەنگەچ سۆزنى تەكرار ئايتۇرۇر باز ،
كى « مەن فەھم ئەتمەدىم باشدىن قىل ئاغاز . »
سورار بىر ـ بىر ھىكايەتنى مۇكەررەر ،
ئەرىكمەي ئول تەقى ئايتۇر سەرا سەر .
كى ئوخشاتىپ ئۇ بار سەۋسەن كۆزىنى ،
« كى بۇ كۆز بىرلەمۇ كۆردۈڭ يۈزىنى ؟ »
گەھى ئىلكىدىن قۇچار گاھى ئاياغىن ،
كى ئاغزىندىن سورار كۆڭلى سوراغىن .

## سەۋسەن نەۋرۇز سىفاتىن گۈل قاتىندە ئايتقانى

ئايتتى سەۋسەن : « ئەي ھۆرى پەرىزاد ،
ئەگەر سەن گۈلشەن ، ئولدۇر سەرۋى ئازاد .
ئەگەر سەن گۈلشەن ، ئول ئايدىن ئارىدۇر ،
ۋەگەر سەن ھۆرسەنۇ ئول خۇد پەرىدۇر .
تۆكۈز تاپتىم كەمال ئىچرە جەمالىن ،
مۇكەممەل بارچە ئىشلاردە كەمالىن .
سەلاتىنزادەدۇر خانلىققە لايىق ،
يەتى ئىقلىمدە سۇلتانلىققە لايىق .
كەرەم ئىچرە ئىبرۇر ھاتەم گەدايى ،
بىرۇر بىر دەمدە مىڭ جەۋنە بەھايى .
ئەگەر مىڭ جان يولىندا قويسام ئازدۇر ،
ئانىڭ ئۈچۈن جەھاندىن تويسام ئازدۇر .
ار ئىشدە ئۈيلەدۇركىم مەن تىلەرمەن ،
يە بىلمەن نىچەكىم ياخشىلارمەن .
ەچە ئۆكسەم ئايىتمان مىڭدە بىردىن ،
ئۆزۈڭگە باق تىلەر بولساڭ نىشاتىن .
نىچە دىسەم سىفەت قىلغاندىن ئارتۇق ،
سەن ئاندىن ياخشىسەن ، ئول سەندىن ئارتۇق .
ئىلاھا ، تەڭرى قىلغاي بىر لەتىفە ،
كى تاپقاي بۇ شەرەفنى ئول شەرىفە . »
گۈل ئانداق قالدى بۇ ئەۋسافدىن لال ،
كى بىردەم ئۆزگە بولدى ھالدىن ھال .
ئانىڭدەك قىلدى شاھەنشەھنى تەھسىن ،
كى قىزلار قىلدىلار مىھرىنى تەيىن .
يۈزى كۆرمەي كۆڭۈل ئالدۇردىلار پاك ،
بارى گۈلتەك ياقاسىن قىلدىلار چاك .
ئانىڭدەك ئايتتىلار بارچەسى تەدبىر ،
كى بىر يەرگە قاۋۇشقاي شەھد با شىير .
زەمانى تالىئى بىرۇز بىرلە ،
قاۋۇشقاي گۈل مەگەر نەۋرۇز بىرلە .
ئالار بۇ فىكر ئىچىندە گاھۇ بىگاھ ،
كى كەيۋان بىر ئۈيۈن كۆرگۈزدى ناگاھ .

## گۈلنى كۆچۈرمەك ئۈچۈن خاقان ئەلچىلەرى كەلگەنى

زەمانە قەسد بىرلە باغلادى بەل ،
تەرەب شەمئىن ئۆچۈردى فىتنەلىك يەل .
مەگەر خاقان ئىيتىپ گۈلنىڭ خەيالىن ،
تىلەدى سەيئ ئىيتىپ تاپسە ۋىسالىن .
نەچە يىلدىن بىرۇ يىققان خەزىنە ،
نىكىم فەغفۇردىن قالغان دەفىنە .
يىپار بىرلە يىپەك ئەنبارۇ ئەنبار ،
نىكىم تۈرلۈك گۆھەر خەرۋارۇ خەرۋار .
مۇرەسسەئ قىلغان ئەتلەس ئۆلۈق ئەۋلەر ،
پەرى ياڭلىق سىلىق بويلۇق بىدەۋلەر .
نى يالغۇز چىنۇ ماچىن تاڭسۇقىدىن ،
كى بارچە دۇنيەنىڭ تاڭسۇقلۇغىدىن .
يىغىپ يۈكلەپ تۇرۇپ يىبەردى بارىن ،
ئايىپ بىر نەچچە ساھىب ئىختىيارىن .
ئىشتىكەچ بۇ خەبەرنى شاھى مۇشكىن ،
قىلىپ ئۇترۇ يىبەردى ئەلنى تەئيىن .
ئۇلۇق تويلار ياراغىن قىلدى دەرھال ،
ياساتىپ ساپسارىغ تۆكتۈردى كۆپ مال .

## ئەلچىلەر شاھ مۇشكىن بىلە كۆرۈشكەنى

تەھەممۇللار بىلە بارىن تۈزەتتى ،
ياساقىن توڭقالىن يەرىن تۈز ئەتتى .
گۈلى بىچارە غافىل بۇ خەزاندىن ،
ئارىق كۆڭلىدە كەچمەس بۇ گۇماندىن .
كى ناگەھ يەتتىلەر ئول كەلگۈچىلەر ،
قىزىلگۈلنى تىكەندەك ئىلگۈچىلەر .
ھەقىقەت تەختى ئۆزرە شاھى فەرخار ،
تۆرە بىرلە قامۇق ئەلگە بىرىپ بار .
يانا خاقانى چىن ئەلچىلەرى ھەم ،
ئوماقدىن ھەر بىرى خاقانى ئەئزەم .
كېلىپ بەگلەر بىلە ئۇترۇ تۇرۇشۇپ ،
تۆرە بىرلە ئاۋۇلجاشىپ ، كۆرۈشۈپ .

بۇرۇن سۆزلەپ سۆزىن خان ھەزرەتىندە ،
كۆرۇپ كۆرگۇزدىلەر سۇلتان قاتىندە .
ئاۋۇلجاپ ، يەر ئۆپۇپ ، قۇللۇق قىلىپ ئەرز ،
دېدىلەر : « ئەي تاپۇغىڭ دۇنيەگە فەرز .
نې خاقانىم ، سىز بىر كەمتەرىن قۇل ،
قىلىپ ئىقبالىڭىز بىرلە تەفەئئۇل .
تىلەركىم بولسا بۇ ئىككى ئۇلۇس بىر ،
قىلۇر ئول چەرگەدىن ھەزرەتتە تەقرىر .
كىم ئاي بولسە مۇقارىن مۇشتەرىگە ،
ئەزىمەت قىلسە چولپان ئۆز يەرىگە .
فەلەكنىڭ دەستى بەردىن بىلسە بولماس ،
جەھانغە ئېئتىمادى قىلسە بولماس .
قامۇقنىڭ ئۇستىدە ئۇلدۇر دىيانەت ،
كىم ئۆز ھەقدارىنە يەتسە ئەمانەت .»
تۇگەنگەچ سۆز ، چېكىلدى پىشكەشلەر ،
نېكىم كىرمەس ئىچى تولدى سەراسەر .
ئاغىرلار ئەلچىلەرنى شاھى مۇشكىن ،
قونالغا يەزلەرىنى قىلدى تەئيىن ،
شىغاۋۇللار قويۇپ ئەئزاز بىرلە ،
ئاغىرىسى قىلدى ئىززۇ ناز بىرلە .
ھەرەمغە كىردى مەسنەددىن قوپۇپ شاھ ،
رەۋان سەۋسەنىنى ئىندەپ قىلدى ئاگاھ .

## سەۋسەن خاقانى چىن ئەلچىلەرنىڭ خەبەرىن گۇلگە ئايتقانى

بولۇپ سەۋسەن بۇ سۆزدىن لالۇ خامۇش ،
كېلىپ گۇل ھەزرەتىندە زارۇ مەدھۇش .
دەمى چىقماي مەلامەتدىن پەرىشان ،
ئايا بىلمەي ھەياتىندىن پۇشەيمان .
كۆزى تۇشمەسكى باقسە گۇل يۇزىنە ،
دەرىندۇركىم پىچاق ئۇرسە ئۆزىنە .
چۇ ئول ھالەت بىلە كۆردى ئانى گۇل ،
يەرىندىن قوپتى بىسەبرۇ تەھەممۇل .
ئانىڭدەك چىرقىراپ سەسكەندى ناگاھ ،
كىم ئول تەگرەدەكى ئەل بولدى ئاگاھ .
تۇتۇپ ئول دەم تىشى تىرناغى بىرلە ،
يىتە يازدى تونى ئۇپراغى بىرلە .
ئايىتتى سەۋسەن : « ئەي جانۇ جەھانىم ،
سىنىڭ ئۇچۇن فىدا بولسۇن بۇ جانىم .
تىلىم كەسكىن ، چىقارغىن كۆزلەرىمنى ،
ئىشتمەگىن پەرىشان سۆزلەرىمنى .
نې ئايتايىن ، نې دەيىن ، نې سورارسەن ،
بۇ سىر يالغۇز يۇزۇمنى نې كۆرەرسەن ؟
نې ئاغزىمغە سىغار بۇ سۆز ، نې تىلگە ،
كى بىھەد ئوت تۇشۇپتۇر جانۇ دىلگە .
سېنى خاقانكى تەختى توكتارىلسۇن ،
تىلەيدۇركىم تىرىكلىكى تۇرىلسۇن . »

## گۇل خاقان ئەلچىلەرىنىڭ سۆزىن ئىشتىب ، پەرىشان بولغانى

ئىشتكەچ گۇل ياقاسىن چاك قىلدى ،
ئايىتقان ئاغزىنى بەرخاك قىلدى .
باشىن يەرگە ئۇرۇپ ، ئانچە چالىندى ،
كى بويىندىن سىۋەكلەرى كۆرۇندى .
زەمانى سوستايىپ مەسرۇئلەرتەك ،
دەمى يىغلار گەدايى دەر بەدەرتەك .
يۇزى گۇل بەرگىدەك سۇلدى غەم ئىچرە ،
يىل ئاغرىغانچە بولدى بىردەم ئىچرە .

## بۇلبۇل ئەلچىلەر كەلگەنىنى ئىشتكەنى

ئىشتىپ بۇلبۇلى مىسكىن بۇ ئىشنى ،
ئۇنۇتتى ھەم تۇرۇش ھەم ئولتۇرۇشنى .
بۇكەز بولدى ئۆلۇمگە ئارزۇمەند ،
ھەياتىندىن بەكۇللى ئۇزدى پەيۋەند .
فەلەك دەۋرىنە لەئنەت قىلدى بىسيار ،
جەھاندىن كەستى ئۇممىدىن بەيەكبار .

تەۋەججۇھ ئەتتى گۇلنىڭ ھەزرەتىنە ،
يۇرۇپ يەتتى رەۋان سەۋسەن قاتىنە .

## بۇلبۇل سەۋسەندىن كەيفىيەتى ھال سورغانى

كۆرۈشكەچ بىر بىرىن ئۇل ئىككى ھەمدەرد ،
قىغانلار بىرلە ئۇردىلار دەمى سەرد .
خەبەر سورماغە بۇلبۇل ئاغزى بارماس ،
تەھەييۇر بىرلە سەۋسەن خۇد دەم ئۇرماس .
بىرى بىرىن كۆرۈپ قان ـ ياش ساچارلار ،

بىرەر لەھزە كۆكۆل رازىن ئاچارلار .
بۇ ھالەتدە گۇلى پەژمۇردە ئەھۋال ،
قوپۇپ سەۋسەن ئەۋنە كەلدى دەرھال .
كۆرۈپ سەۋسەن يەنە بۇلبۇلنى ئانداغ ،
يانا بولدى بۇكەز داغ ئۈستىدە داغ .

## گۇل بۇلبۇل [ دىن ] نەۋرۇز ھالىن سورغانى

ئاتا سوردى : « نىچۇكدۇر ئول غەرىبىم ،
مۇھىبدىن ياد ئېتەرمۇ ئول ھەبىبىم ؟
يېزىپمۇدۇر بۇ دەرمانسىز بالانى ،
ساغىنۇرمۇ بۇ مىسكىن مۇبتەلانى .
فەلەكنىڭ جەۋرىدىن ھالى نىچۇكدۇر ،
بۇ ماتەم ئىچرە ئەھۋالى نىچۇكدۇر .

رەفىقى بارمۇدۇر مىھنەتدىن ئۆزگە ،
كۆرەرمۇ ھىچ نىمە رەھمەتدىن ئۆزگە .
قوپ ، ئەي بۇلبۇل ، ھىكايەت ۋەقتى ئېرمەس ،
مەھەل يوقتۇر شكايەت ۋەقتى ئېرمەس .
زەمان نازۇكتۇرۇر ، فۇرسەت غەنىمەت .
بۇ بىر سائەت ئېرۇر مۇھلەت غەنىمەت . »

## گۇل بۇلبۇلنى نەۋرۇزنى ئىندەگلى يىبەرگەنى

« بارىپ كەلتۈرگىن ئول سەرۋى رەۋاننى ،
رەۋانىم راھەتى جانۇ جەھاننى .
بىرەر دەم سۆزلەشەلى دەردۇ غەمنى ،
يەگىلتەلى بۇ دەرمانسىز ئەلەمنى . »

قوپۇپ بۇلبۇل پەرشانۇ مۇشەۋۋەش .
كۆزى بىر ئاب ئۇلۇر ، جانى بىر ئاتەش .
ئاياقدىن باش قىلىپ ئەفتانو خىزان .
بارۇر ئېردى ئۆز ـ ئۆزىندىن گۇرىزان .

## نەۋرۇز خاقانى چىن ئەلچىلەرىنىڭ كەلگەننى ئىشتىپ نالىش قىلغانى

بۇ يەتمەسدىن نەۋرۇزى مىسكىن ،
ئەرىكىپ ھۇجرەسىندىن چىقتى غەمكىن ،
كۆرەركىم سۆزلەشۇر بىر نەچچە بەدبەخت .
كى گۇل باغلادى فەرخار ئېلىدىن رەخت .
فەراۋان رەخت ئېتىپدۇر خۇسرەۋى چىن .
« يىبەرسۇن قىزنى » دەپ شاھى مۇشكىن .
بۇ ھالەتنى ئىشتتى ئېرسە نەۋرۇز ،
چىقاردى جانىدىن ئاھى جىگەر سوز .
يانىپ ئۆيگە تۇن ئۇپراغىن قىلىپ چاك .

ئۆزىن يەرگە ئۇرۇپ ، باشقە ساچىپ خاك .
قىلىپ كۆكسىن ئانىڭدەك پارە ـ پارە ،
كى ئوخشاتىپ ئىدى بەرگى چىنارە .
زەمانى قىلدى ئۆز دەردىن ھىكايەت ،
دەمى ئۆز بەختىدىن قىلدى شكايەت .
گەھى قىلدى فەلەك جەۋرىنى تەقرىر ،
گەھى ئەتتى بەھانە دەستى تەقدىر .
بۇ دەرد ئۈستىدە دەرماندىن تۆكەلدى .
جەھاندىن تويدىيۇ جاندىن تۆكەلدى .

ئۆلۈمنى خۇش قىلىپ ھىجران ئىلىندىن ،
سۇۋۋۇردى خەنجەرى بۇرران بىلىندىن .
دەرىن ئىبردىكى باغرىن چاك قىلسە ،
يۇرەكنى چىقارىپ پاك قىلسە .

## بۇلبۇل نەۋرۇزنى بارىب گۇل سۇھبەتىندە ئىندەگەنى

كى ناگەھ تەلبەلەردەك يەتتى بۇلبۇل ،
ئىلىن تۇتقاچ خۇرۇش ئەتتىيۇ غۇلغۇل .
« كى ئەي زالىم ، بۇ نائىنسافلىكتۇر ،
ياراتقانغە تەۋەككۇل قىل ، تىنك ئولتۇر .
تۆگۈلمە تەڭرىنىڭ تەقدىرىنە شاھ ،
كۆز ئاچقىنچە نى بىلگەيسەنكى ناگاھ .
فەلەك بىر شۇئبەدە ئەنگىز قىلغاي ،
جەھان بىر ئىشنى دەست ئاۋىز قىلغاي .
تەھەممۇل قىل ، ئىشىت مەندىن نەسىھەت ،
قوپ ئاخىر تۇت بۇ فۇرسەتنى غەنىمەت .
ئىبرۇر گۇل سۇھبەتىگە ئارزۇمەند ،
بۇخارى ھەجر ئىچىندە سەبر تا چەند . »
چۇبۇ خۇش مۇژدەنى نەۋرۇز ئىشىتتى ،
قەدەم باشدىن قىلىپ ، باش بىرلە يەتتى .

## گۇل سەۋسەن ئىۋىندە نەۋرۇز بىرلە كۆرۈشكەنى

كىرىپ سەۋسەن قاشىندا شاھى نەۋشاد ،
يەر ئۆپتى بەندەتەك ئول سەرۋى ئازاد .
كىناتە پەردەدىن يۈز كۆرگۈزۈپ گۇل ،
ئەسۇردى كۆرگەچ ئول نەۋرۇز بىمۇل .
ئول ئاندىن نالەلەر بىرلە خىرامان ،
بۇ ھەم مۇندىن فىراق ئۆتىندا بىر يان .
ياۋۇقلاشىپ قۇچۇشتى ئىككى دىلدار ،
تاپىشىپ بىر زەمان ۋەسل ئىچرە دىيدار .
فەلەك ، يا رەب ، نىچۈكدىن بولدى غافىل ،
كى تۇشتى ئىككى يار ئاندا تەقابىل .
بولۇپ بىر لەھزە ھەمزانۇۋۇ ھەمدۇش ،
رەفىقۇ ھەمنىشىن ، ھەمدەم ، ھەمئاغۇش .
ئارادە غەمزەلەر غەممازلىقدا ،
كەرەشمە شىيۋە دەست ئەندازلىقدا .
دەمى نەۋرۇز ئىلى گۇلگە ھەمايىل ،
زەمانى گۇل تاغى نەۋرۇزغە مايىل .
مۇساھىب ئىككى دىلدارى مۇۋافىق ،
نى ئەغيار ئاندا ھازىر نى مۇنافىق .
مۇنىڭدەك بىر زەمان ھەمرازلىقدا ،
كەچۇردىلەر دەمى دەمسازلىقدا .
كۆتەرمەي كۆز بىرى بىرىنىڭ يۈزىندىن ،
قۇرۇماس ياش ئىكىسىنىڭ كۆزىندىن .
ئارادە بۇلبۇلۇ سەۋسەن جىگەر خۇن ،
ئاقىزىپ كۆزلەرىندىن رۇدى جەيھۇن .

## [سەۋسەن نەۋرۇز مىزاجىن ئاڭلاۋلارى ئارادا سۆز سالغانى]

ئايىتتى سەۋسەن : « ئەي شاھى جەۋان بەخت ،
كۇلاھىڭ تاج بولسۇن ، مەسنەدىڭ تەخت .
مۇرادىڭنىڭ گۇلى ئاشفتە بولسۇن ،
ھۇسۇدىڭ بەختى دائىم خىفتە بولسۇن .
ئىشتىڭ بولغاي ئاخىر كىم زەمانە ،
نى ئەۋىن ئەنگىز قىلدى غايىبانە .
نىچۈك ئۆرتەدى گۇلنىڭ خىرمەنىنى ،
نى تۇرلۇك پەست قىلدى گۇلشەنىنى .
بۇدەمكى قوپتى فىتنە تۇند بادى ،
« نىدۇر بىلسەك شەھەنشەھنىڭ مۇرادى ؟ »

## نەۋرۇز سەۋسەنگە جەۋاب ئەتكەنى

دىدى نەۋرۇزكى : « ئەي سەۋسەن ، تىنك ئولتۇر ،
ماڭا بۇ سۆزنى سۆزلەگىنچە ئۆلتۇر .
سەباتەك بۇ چەمەن فەرراشدۇرمەن ،
نى يەرگە بارسە گۇل يولداش دۇرمەن .

قىلىپ يەكرويە دۇنيادىن ئاشمنى ،
قويۇپدۇرمەن ئاياغىنە باشمنى .
مېنى مەنئ ئەتمەگىز، كىرمەك قانىمغە ،
كى ئۆلسەم يولىدا مىننەت جانىمغە .
ئۇنۇتساگىز مېنى بولماسمۇ ئاخىر ،
غەرىبقا رەھمگىز كەلمەسمۇ ئاخىر .
تىلەسۇن گەر تىلەمەسۇن مېنى گۇل ،
قۇلىدۇر بۇلايىنچە تۇپراغىم كۇل .
مەن ئولمەنكىم ئاياغىنىڭ ئىزىمەن ،
ئەگەر ئۆلسەم بۇساغاسى توزىمەن .
ئىلىك مەندىن يۇۋىلىڭ ، ئەي مېھرىبانلار ،
جانىمدىن نې تىلەرسىز ، ئەي فەلانلار ؟ »

## گۇل نەۋرۇزنىڭ چىن ئېئتىقادىنى ئاڭلاپ شەرت قىلغانى

ئىشتىپ گۇل بۇ سۆزنى شاد بولدى ،
بەكۇللى قايغۇدىن ئازاد بولدى .
تۇتۇپ نەۋرۇز يۇزىن ئۆپتىكىم :« ئەي شاھ ،
مېنىڭ سىررىمدىن ئەمدى بولغىن ئاگاھ .
ئەگەر سەن قىلماس ئېرسەڭ مەندىن ئۆزگە ،
مېنىڭ بارى كىمىم بار سەندىن ئۆزگە .
يۇز ئەۋۇرسەڭ تاغى مەن يۇز چەۋۇرمەن ،
غەمىڭدىن باشقە ، بىللاھكىم ، دەم ئۇرمەن .
گەر ئەر بولساڭ مېنى بۇ غەمدە قويما ،
قەدەم تارتىپ مېنى ماتەمدە قويما .
چۇ سەيد ئەتتىڭ كىيىكنى بىلگىل ، ئەي دوست ،
بۇغۇلۇپ ئۆلمەسۇن ، بىسمىل قىل ، ئەي دوست .
ئەگەر ئۆرتەسەلەر دۇنيانى يەكسەر ،
مېنىڭ يانىمدا سەن بولساڭ نې غەم بەر .
سېنىڭ بىرلە تامۇغ خۇلدى بەرىندۇر ،
بىھىشتىم سەنسىزىن تەھتەس ـ سەرادۇر .
ئۇشۇل تەگرى ھەقىكىم ، جان ياراتتى ،
ھەم ئول ۋەسلۇ ھەم ئول ھىجران ياراتتى .
رىزا بەردىم نېكىم بولسە ياراغىڭ ،
باشىمدۇر ئانداكىم بولسە ئاياغىڭ .
بېرىپ ئۆز ئىختىيارىمنى قولۇڭغە ،
باشىمنى مەن قىلىپدۇرمەن يولۇڭغە . »
بۇ سۆز ئۈستىندە كۆپ ئانت ئىچتى ئول ماھ ،
كۆڭۇل تىندۇردىيۇ قوپتى شەھەنشاھ .
تاپىپ بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىن مۇۋافىق ،
تەسەللى تاپتىلار ئول ئىككى ئاشىق .

## شاھ مۇشكىن خاقانى چىن ئەلچىلەرىنى ئىجازەت بېرىپ ، گۇلنى كۆچۈرگەنى

چۇ بادى سۇبھ بۇنياد ئەتتى پەرۋاز ،
قارا قۇزغۇن ھەزىمەت قىلدى ئاغاز .
فەلەكدىن مېھرى ئەنۋەر بولدى تالېئ ،
قارانغۇلۇقنى كۆزدىن قىلدى راجېئ .
ئەزىمەت قىلدى مۇشكىن ئۆز يەرىنە ،
ئىجازەت بەردى چىن ئەلچىلەرىنە .
بۇيۇردى يىلقىچى يىلقى كەۋۇردى ،
تەكەللۇفلار بىلە گۇلنى كۆچۇردى .
گۇلى ھۇجرە نىشىن باغلادى مەھمىل ،
ئۆزاتىپ ياندى مۇشكىن نەچچە مەنزىل .

## گۇل كۆچكەندىن سوڭ ، نەۋرۇز كۆچنى ئەرەشكەنى

قىلىپ نەۋرۇز ھەم ئەزمى مۇسەممەم ،
رەۋان چىن مۇلكىنە يۇز قويدى ئول ھەم .
جەھاندىن مۇتلەق ئازاد ئېردى كۆڭلى ،
كۆچ ئەرەشمەك بىلە شاد ئېردى كۆڭلى .
نې يەرگەكىم قونۇپ گۇل كۆچە ئاندىن ،
يۇۋار ئېردى سىرىشكى بىرلە قاندىن .
نې يولدىنكىم گۇزەر قىلسە بۇراقى ،
تىرەر ئېردى ئىزى توزىن قاراقى .

کیچە ـ کۈندۈز خەیالی بىرلە ھەمراھ ،
ئىشی کۆچی بۇ ئىردی گاھۇ بىگاھ .

## نەۋرۇز بىلە گۈل كىچە قاچغانى

چۇ یەتتىلەر یاۋۇق چىن سەرھەدىنە ،
شەھەنشەھ كەلدی گۈلنىڭ مەسنەدىنە ،
جەھان ئىردی ئانىڭتەك تىبیرەۋۇ تار ،
كی نی یۇلدۇز نی ئای ئىردی پەیدىدار .
بۇلۇت گۆكرەپ ، یاشىن یاشاپ ، ئىسىپ یەل ،
یۇراتىپ قار یاغىپ یامغۇر ئىتىپ سەل .
تۈشۈپ بىر ـ بىر كىشی باشلىق باشىنە ،
قارىنداش باقماس ئىردی قارداشىنە .
« یاراغ ئولدۇركی ئاتلانساق بۇ شەبگىر ،
قىلىپ باشدىن ئاياغ تۈنلەرنی تەغیىر .
قاچىپ فەرخار ئىقلىمىندىن ئاشاق ،
بارىپ نەۋشاد مۈلكىنی تالاشاق . »
رىزا بەردی گۈلی مۇشكىن بۇ سۆزگە ،
بۇرۇنقی ئەھدىنی قىلمادی ئۆزگە .
ئۆیاتۇ ناموُ نەڭگىن كۆزگە ئىلمەی ،
ئاتاسی تاجۇ تەختىن جەۋچە بىلمەی .
كۆتەرىپ كۆڭلىنی بارچە جەھاندىن ،
یۇۋۇپ مۇتلەق ئىلىكلەرىنی جاندىن .

## نەۋرۇز بىرلە گۈل ئەھۋالی غەربىلىقدە

یۈرەك بەركىتتی دەردۇ سوز بىرلە ،
یاسانىپ تەبرەدی نەۋرۇز بىرلە .
ئۇلۇق یولدىن چىقىپ ئىككی ۋەفادار ،
قویۇپ تاغلارغا یۈز ناكامۇ ناچار .
نی یۇلدۇز باركی بىر یەرىن جورۇسە ،
نی ئای باردۇركی ئایدىندا یۈرۈسە.
ئەگەر دەریا یولۇقسە یۈزدۈرۈرلەر ،
ۋەگەر ئوت ئەۋرۇلسە یانمای یۈرۈرلەر .
یولۇقۇر ناگەھان ئانداق دابانلار ،
كىم ئۈستىندە تاینۇر ئاسمانلار .
نیچۆك بولسە چىقىپ ئول ئىككی دىلخاھ ،
یاپۇشۇپ یارمانۇر بەرراھۇ بىراھ .
گەھ ئۆرلەپ چەرخ سەقفىنەمىنەرلەر ،
گەھ ئىنىشلەپ یەتی یەردىن ئىنەرلەر .
بۇ ھالەت بىرلە ئىككی ـ ئۈچ شەبۇ روز ،
سۇ ئىچىپ سوردىلار گۈل بىرلە نەۋرۇز .
نی ئاچماقدىن نی ئارماقدىن خەبەردار ،
نی یاتماق ، نی ئۈیۇماق نی تەلەبكار ؟

## نەۋرۇز بىلە گۈلنىڭ ئاتلاری ئارىپ تۈشكەنلەری

ئىكەۋ بىر ـ بىرىنىڭ ۋەسلىن قىلىپ قوت ،
یاراشا یانداشىپ چۈن دۇررۇ یاقۇت .
یاداغاندىن كولۇكلەر قالدی ئەسدىن ،
تالىپ بىكار بولدىلار یۈرۈشدىن .
تۈشۈبان بىر قىیا باغرىندا بىر دەم ،
تىنالی دیدىلەر ئول ئىككی ھەمدەم .
بىری بىرىنىڭ تىزىنە باش قویۇشۇپ ،
ئۈیدىلەر ئاياقلاری ئۆیۈشۈپ .
بۇ ھالەتدە ئالارنی ئۇیقۇ باستی ،
فەلەك سىھپایە تاپتی سۇفرە ئاستی .
كەیىنتە قىلدی بىر بازىچە ئەنگىز ،
یاڭی باشدىن یانا باشلادی خۇنرىز .

## نەۋرۇز بىلە گۈل یەلدایی زەڭگی ئىلىندە گىرىفتار بولغانی

بار ئىردی ئاندا بىر زەڭگىئی خۇنخار ،
زۇھەلدىن نەھسراق مىررىخ كىردار .
سۇ ئورنىندە ئىچىپ قان قانماغۇچی ،
یانار ئوتتىن یۈز ئۆرۈپ یانماغۇچی .

ئاتى يەلدا يۈزى يەلدا تۈندەك ،
كۆزى دەۋزەخ ، بويى مەھشەر كۈنىتەك .
ئانى قويمىش بۇ سەرھەدلەردە خاقان ،
« كى سورماسمەن ئەگەر قىلساڭ تۈمەن قان . »
ئۆزىنىتەك بىر نەچە زەڭگى بىلە ئۇل ،
قاراۋۇللاپ يۈرۈپ ساقلار ئىدى يول .
كۆرۈپ ناگەھ گۈلۇ نەۋرۇز ئىزىنى ،
ياسانىپ ئىزدەدى يازى يۈزىنى .
كۆز ئاشتى ئىرسە ئۇل ئىككى دىلئارام ،
كۆرۈپ ئۆزلەرىنى بىدانە دەردام .
يەتىپ ياتقانلارىنى كۆرگەچ ئۇل دەم ،
ياتۇر يەردە تۇتۇپ باغلادى مەھكەم .
يۇقارى باقسەلەر يەلدايى خۇنخار ،
تۇرۇپتۇر ھەمچۇ تەيرى ئادەمىخار .
سەلام ئەتتى رەۋان نەۋرۇزى نەۋشاد ،
تەۋازىۋ بىرلە قىلدى ئافەرىن باد .
تۇتۇپ يەلدا ئۆزىن خاقانى چىنىتەك ،
نې خاقانىكىم ، شەھى رويى زەمىنىتەك .
بۇلار ئۇترۇ يۈكۈنۈپ خەستەۋۇ زار ،
يازۇقلۇ قالار كەبى ئىككى گىرىفتار .
سەلابەت بىرلە ئۇل بىرەھم كافىر ،
ئالارىنىڭ شەرھى ھالىن سوردى بىر ـ بىر .

## نەۋرۇز بىلە گۈل ئەھۋالىن يەلداغا ئايتقانى

دۇئالار قىلدىيۇ ، يەر ئۆپتى نەۋرۇز :
«كى بولغىن دائىما مەنسۇرۇ بىرۇز .
بولۇنلۇق بىر ئەسىر تۈشكەن كىچىكدىن ،
كۆتەرىپ ساتتىلار ئۈچ ـ تۆرت ئىشكدىن .
بىگىمىزنىڭ مەھالىن تارتا بىلمەي ،
قاچىپ كەلدۈك جافاغە سەبر قىلماي .
قۇلۇڭ بىز نې ئۇقۇبەتكىم قىلۇرسەن ،
ۋەگەر قىلساڭ مۇرۇۋۋەت سەن بىلۇرسەن . »
ئالارىنى بەند ئىتىپ بىرەھم يەلدا ،
يىبەردى «بەندە» دەپ خاقان قاتىندا .
كۆكۈلدە ... قىلىپ نەۋرۇز ئۆزىنى ،
كى ياندۇردىلار ئۇل سائەت ئۇلارىنى .

## نەۋرۇز بىلە گۈلنى يەلدا خاقانى چىنغا يىبەرگەنى

گۈل ئۈچۈن مۇنتەزىر خاقان شەبۇ رۇز ،
كى يەتتى ناگەھال گۈل بىرلە نەۋرۇز .
پەرىلەرىنىڭ ئىلىكى ، بويىندۇر بەند ،
نىچۇككىم ئۇل تەڭ ئىچرە باغلانۇر قەند .
كۆرۈپ خاقان ئانىڭدەك بولدى خۇررەم ،
كىم ئۆرتەنگەي ئىدى كۆرمەسە بىردەم .
ۋەلى خانلارىنىڭ ئايىنى ئۇل ئىردى ،
نې ئايىن ، بەلكى خۇد دىنى ئۇل ئىردى .
نىكىم نەھشى تابۇقچى تۈشسە ناگاھ ،
ئايار ئىردى بۇرۇن بۇتخانەغە شاھ .
نەچە مۇددەت قىلۇر بۇتلار تابۇغىن ،
تابىنۇرلار ئىدى خانلار تابۇغىن .

## خاقان نەۋرۇز بىلە گۈلنى بۇتخانەغە يىبەرگەنى

بىلىپ كەلتۇرگۈچىدىن بارچە ئەھۋال ،
يىشىپ بۇتخانەغە يىبەردى دەرھال .
كۆرۈپ رەھبان ئۇشۇل ئىككى سەنەمنى ،
نىكىم بۇتخانەغە ئۇردى رەقەمنى .
يۈز ئەۋرگەچ قاموق بۇتلاردىن ئۇل بىر ،
ھەم ئۇل دەم قىبلەسىنى قىلدى تەغيىر .
كۆرۈپ ئۆز بۇتلارىنى بازگۇنە ،
ئالارىنىڭ كۆركىدىن ئالدى نەمۇنە .
بۇتۇ تەكرى نىدۇر ، بۇتخانە كىمدۇر ،
ئەگەر بۇت ئۇل مىنىڭ سەۋگەن يەتىمدۇر .
تابىنۇر جانسىزىن بۇتلارغە كافىر ،
ئەگەر جانلىق سەنەم سەۋسە يەرى بەر .

## نەۋرۇز بىلە گۇل قاچقاندىن سوڭرا خاقان ئىشتىپ ئۆلگەنى

ئۇشۇل ئاخشامدىكى گۇل نەۋرۇز بىرلە ،
قاچىپ تەبرەدىلەر مىلك سوز بىرلە .
تاڭ ئاتقاندا قىيامەتنىڭ تاڭىتەك ،
كېلىپ كۆرمەدىلەر گۇلنى پەرىتەك .
تىلەپ تاپمادىلار ئون كۈنچە ئۆركەپ ،
ھەلاھىل ئاغۇنى كاغەدكە چۆركەپ .
يىبەردىلەر بىتىك خاقان قاتىندا ،
ۋىسال ئۇممىدىنى جانان قاتىندا .
ئوقۇتۇرغاچ ئۇشۇل بىتىكنى خاقان ،
بىتىكدەك تولغانىپ بۇتكەردى فەرمان .

## خاقان ئۆلگەندىن سوڭرا نەۋرۇز بىلە گۇل قاچقانى

بۇكەز چىن زۇلفى چىنىدەك تاپىپ چىن ،
ياشىلدى ھەلقەسى ساچرادى بىر چىن .
نېكىم تۇشلۇق تۇشىندە تۇشتى ئاشۇب ،
سەرى شەمشىر بولدى بىر سەرى چۇب .
كىشىنىڭ قالمادى پەرۋا كىشىدىن ،
بولۇپ بارچە پۇشەيمان ئۆز ئىشىدىن .
گۇلى فەرخارىيۇ نەۋرۇزى نەۋشاد ،
ئىشىتىپ بولدىلار بىچارەلەر شاد.
سۇجۇد ئېتىپ دېدىلەر : «ئەي ياراتقان ،
يامانلارنى كەرەم بىرلە يار ئەتكەن .
خەتامىز يوق . گۇنەھ ھەم مۇندىن ئۆزگە ،
كى بىلمەس بىز ياراتقان سەندىن ئۆزگە .»
قاچىپ چىقماغە قىلدىلار ئەزىمەت ،
بىلىپ بۇتلار بۇ فۇرسەتنى غەنىمەت .
تىنىپ تۇرماي ئاياغى بارغانىچە ،
باش ئالىپ كەتتىلەر بارغانلارىچە .

## نەۋرۇز بىلە گۇل دىۋلەر مەنزىلىغە يەتكەنى

يول ئۇستىندە يولۇقتى بىر قۇلا تۇز ،
تامۇقنىڭ ھاۋىيە تۇزىنچە توقۇز .
ئىچىندە بىر قارانغۇ قىردىن ئېۋ ،
ياساپ سەنئەت بىلە تەزۋىردىن دىۋ .
چۇيوق ئېردى رەمىقدىن ئۆزگە تەندە .
يېتىپ شەھزادەلەر تىندىلار ئاندە .
كېچەگە بارچە دىۋلەر كەلدىلەر پاك ،
قاتىق بەد مەنزىرۇ بارچەسى بىباك .
تاڭ ئاتقىنچە قىلۇرلار ئېردى جەۋلان ،
تاڭ ئاتقاچ چۇن مۇئەززىن تۇردى ئەلھان .
قاچىپ تەڭرى ئاتىنىڭ ئىززەتىندىن ،
كېتەرلەر ئېردى قورقۇپ ھەيبەتىندىن .

## نەۋرۇز بىلە گۇل شەيخ نەجدى لەڭگەرىگە يەتكەنى

يانا شاھزادەلەر توقتاماي ئاندا ،
قاچىپ كەتتىلەر ئاندىن بىر زەماندا .
نەسىھەتگوي زاھىدلار يەرىنە ،
يىگانە شەيخ نەجدى لەڭگەرىنە .
ئىشكدىن ئۇترۇ چىقتى بىر ئەزازىل ،
مۇھەققەق لايىقى تەيرەن ئەبابىل .
ئىلىكلەرىر تۇتۇپ ئەۋگە كىۋۇردى ،
بارىپ مېھمان ئۇچۇن سۇفرە كېتۇردى.
نې سۇفرە ، ئارپە ئەتمەكى بىلە سۇ ،
دېگەيسەنكىم ، ئېرۇر ئاغرىقغە دارۇ .
ئاراڭ قويدى ئىسسىغ تاتماغە فۇرسەت،
تاتار ـ تاتماسدا يىغدى سۇفرەنى پەت .
سورۇپ ئاڭلاپ ئالار ھالىنى بىر ـ بىر ،
بۇرۇن زاھىد قاتىندا قىلدى تەقرىر .
غەرىبلەر چۇن يىدىلەر ماھەزەرنى ،
چۇ شەيخ ئاڭلاپ ئىدى بارچە خەبەرنى .

قياس ئۇستىندە باشلادى كەرامات ،
قىياسى يوق ئايتتى زۇهدۇ تامامات .
چۇ كۆردى خىلۋەتىندە شەمئۇ شاهىد ،
تەمەئ بازارىنى تىز ئەتتى زاهىد .
گۆلۇ نەۋرۇز ئالار فېئلىنى ئاگلاپ ،
فۇسۇنۇ سېھرۇ تەزۋىرىنى تاگلاپ .
دېدىلەر : «قاچتى بىر لا ھەۋلدىن دىۋ ،
بەنى ئادەم بىلە لاھەۋلدىن دىۋ .
يۇرۇتتى دىۋ ئۆزە هۆكمىن سۇلەيمان .
مۇنىگدەكلەرنى قىلمادى مۇسۇلمان .
بۇ يول ئازغۇرغۇچى كۆرگۆزسە تەلبىس ،
ئەجەب يوقتۇركى يولدىن ئازسە ئىبلىس »
قىلىپ پەرهىز ئالارنىڭ سۇهبەتىندىن ،
پەرىلەر كەتتىلەر شەيتان قاتىندىن .

## گۆل بىلە نەۋرۇز كېمەگە كىرگەنلەرى

كېمەگە كىردىلەر ئىككى دىلئارام ،
بولۇپ دەريانىشىن ناچارۇ ناكام .
چۇ نەۋرۇزۇ گۆلى مۇشكىنى فەرخار ،
تەگىزگە كىردىلەر چۇن دۇررى شەهۋار .
بىرەرتە مەۋج ئۇرۇپ دەريايى پۇرشور ،
قىلۇر ئېردى جەھەننەم قەئرىنە زور .
بىرەرتە كېمەلەرنى چايقابان يەل ،
يۇۋار ئېردى زۇهەل ئۆز يۇرتىدىن ئەل .

## نەۋرۇز بىلە گۆل ئەھۋالى تەگىز ئىچىندە

مۇنىگدەكدە ئول ئىككى يارۇ ھەمدەم ،
كۇنىنچە رو بەرۇ با ھەسرەتۇ غەم .
قانىن قاينار تەگىزدىن فىكر قىلماي ،
ئەزىزجان خەۋفىنى بىر جەۋچە بىلمەي .
بىلە بولسە ئىككى يارۇ ۋەفادار ،
سۇ ئالىسە دۇنيانى نې قايغۇسى بار ؟
نې مەنزىلدەكى بولسە ئىشق ھەمراھ ،
ھەققەت مىسر تەختىنچە ئېرۇر چاھ .
نې بولدىكىم مۇهەببەتدۇر قۇلاۋۇز ،
نې مېهنەت كۆرۇنۇر ، نې غەم قويار يۈز .
ئەگەر تاپسە فەرىدۇن دەۋلەتىنى ،
ئۇنۇتماس ئول بەلانىڭ لەززەتىنى ،
بۇ دەۋلەتتىن ھەسەد ئېتىپ زەمانە ،
يانا ئەنگىز قىلدى مىڭ بەهانە .
فەلەك جەۋرى دۇ ئەسبە قىلدى تەئجىل ،
كۆز ئاچقىنچە سېنى ھەم قىلدى تەبدىل .

## تەگىز مەۋج ئۇرۇپ ، گۆل بىلە نەۋرۇز تەختە پارەدە قالغانى

مۇخالىف يەل قوپۇپ چايقالدى دەريا ،
قىيامەتدىن قاتىق كۇن بولدى پەيدا .
بۇلۇت گۆكرەپ ياشىن ئانداق چاقىلدى ،
كى دەريا نەفتتەك ئوتقە ياقىلدى .
دېگەيسەن چالدى ئىسرافىل سۇرىن ،
ۋەيا خۇد ئاشتىلار توفان تانۇرىن .
بار ئېردى ئول تەگىزدە بىر ئۇلۇغ تاغ ،
كۆرەرگە قاقى تاغىندىن ئۇلۇغراغ .
كېمەلەرنى ئېگىرىپ دەۋرى پۇرتاب ،
ئۇرۇندۇردى قىيا باغرىندا گىرداب .
قاداقلار ساچرادى يەرلىك يېرىندىن ،
ئۆزۈلدى تەختەلەر بىرى بىرىندىن .

## نەۋرۇز بىلە گۆل بىر – بىرىندىن باشقە تۈشكەنى

بۇكەز ھەر بىرى تۈشتى بىر كەنارە ،
تۇتۇپ ھەر بىرسى بىر تەختە پارە .

ئايردى بىر ـ بىرىندىن ئۇل ئىكى يار،
ئانگەتەكلىك بىلە ئۇل مەۋجى خۇنخار.
فەلەكنىڭ مۇندىن ئۆزگە نە ئىشى بار؟
كى بىر نۇش ئورنىدا يۇزمىڭ نىشى بار.
فەلەكنى ئىختىيارى ئانداق ئىردى،
كى هەر بىرىنى بىر سارى يىبەردى.
[قەزادىن] تەگرى تەقدىرى بىلە گۇل،
بارۇر ئىردى قىلىپ سەبرۇ تەۋەككۇل.
نى گۇل نەۋرۇز ئەهۋالىندىن ئاگاھ،
نى نەۋرۇز ئىردى گۇل هالىندىن ئاگاھ.
مەدەد قىلدى ئىنايەت بادبانى،
يىراق تاشلادى ئۇل ئەگرىمدىن ئانى.
سۇرۇپ تەختەنى ئۇل مەۋجى پەيا پەي،
قىراققە سالدى سۇنئى سانئى هەي.

## گۇل تەگىزدىن چىققانى

بۇكۇنلەر غەۋس ۋەقتى يەتمىش ئىردى،
ئەدەن سۇلتانى سەيتىن ئەتمىش ئىردى.
ئايىپ جەۋهەر دىگەن خاجە سەرايىن،
ئاڭا سالدى نىكىم تەدبىر ۋەرەيىن.
ئۇغان تەقدىرىدىن بۇ سۆزنى غەۋۋاس،
تەگىزدە تاپتىلار بىر گەۋهەرى خاس.
تاپىپ ئايتەك يۇزى كۇن تابىدىن تاب،
تۇتۇپ كۆزلەرى ياش ئورنىندا خۇناب.
پاراكەندە بولۇپ گيسويى مۇشكىن،
نىهالى ئەرغەۋانتەك سەرۋى سيمىن.
كۆرۇپ جەۋهەر بۇ قىيمەتلىق گۇهەرنى،
كۆزىندىن سالدى بارچە ئىنچۇلەرنى.

## گۇل ئۆز هالىن جەۋهەرغە ئايتقانى

هەم ئۇل سائەتكى جەۋهەر گۇلنى كۆردى،
تەمەللۇقلار بىلە هالىنى سوردى.
[ئايتتى گۇلكى: «چىن شەهزادەسىمەن،
ۋە لېكىن بارچەنىڭ ئەفتادەسىمەن.
تۇتار ئىردىم يىگىتلەر بىلە سۇهبەت،
قىلىپ دەريا يۇزىندە ئەيشۇ ئىشرەت.
كېچە بىرلە كېنەتە قوپتى بىر يەل،
كى يۇدۇق بارچەمىز بۇ دۇنيادىن ئەل.
ئۆزۈلدى يەلكەنۇ قالمادى لەڭگەر،
بۇدۇركىم سۆزلەدىم هالىم سەراسەر.
سىز ئايتىڭ ئەمدىكىم، بۇ يەر نى يەردۇر؟
بۇ يەرنىڭ پادىشاهى قايسى ئەردۇر؟»
ئايتتى جەۋهەر: «ئەي فەغفۇرزادە،
ئەدەن دەرلەر مۇنى، بىلگىن كۇشەدە.
بۇ يەردىن چىنگە، ئەي مەخدۇمى ئافاق،
يۇرۇشۇر كارۋان بىر يىلدا ئانچاق.»
هەمۇل دەم كەلتۇرۇپ شاهانە خىلئەت،
مۇلۇكانە فەراۋان زيبۇ زينەت.
نىسار ئەفشان ئېتىپ كۆپ دۇررۇ گەۋهەر،
ئاغىرلادى فەراۋان گۇلنى جەۋهەر.
بەش ـ ئالتە كۇن قىلىپ ئەيشۇ تەنەئئۇم،
ئارادە كەچتى كۆپ تۇرلۇك تەكەللۇم.

## گۇل نەۋرۇز ئۇچۇن قايغۇرغانى

گېچە بولغاچ گۇلى مۇشكىنى غەمناك،
قىلۇر هىجران ئېلىندىن پىرەهەن چاك.
تاپىرچىلار چۇ مۇرغى نىم بىسمىل،
ئۆزى ئۆزى بىرلە سۆزلەشۇر غەمى دىل.
بىرەرتەكىم قىلۇر نەۋرۇزنى گۇل ياد،
يۇرەكىدىن چىقارۇر ئاهى فەرياد.
يۇزىنى يەرگە سۇرتۇپ يىغلاسا زار،
نىكىم ئۇچقان، يۇگۇرگەن بارچە يىغلار.
چۇ جەۋهەر قىلدى ئىشلارنى سەر ئەنجام،
ئەدەننىغە يۇزلەنىپ باغلادى ئەهرام.

بار ئېردى ئىككى يول ئاندىن ئەدەنغە ،
كى مۇشكىل ئېردى تاپماق باشلەغەنغە ،
بىرىندە ئارسالانلار ئاشيانى ،
يەنە بىرىندە ئەجدەرھا مەكانى ،
قاتىق بەدۇەھىم يوللار بۇ سىفەتلىق ،
كېچە بىلمەس ئىدى ئاندىن مىلك ئاتلىق .]
مۇكەممەل پۇش ئېتىپ جەۋھەر ئېلىنى ،
يىراقدىن تولغانا سالدى يولىنى .
غەجەرچى باشلار ئېركەن سەھۋ ئەتمىش ،
يۇرۇپ ئارسلانى بار يولغە قاتىلمىش .
تاڭ ئاتقاچ كۆردى جەۋھەر قالدى ھەيران ،
نې ئۆتمەككەۋۇ نې يانماقغە ئىمكان .

## گۇل ئارسلان ئۆلتۈرگەنى

كېلۇر تۇش ـ تۇشدىن ئارسلانلار خورۇشى ،
مۇشۇكدەك بولدى بارچە جەيپەپۇشى .
تىلەدى تەگرەگە قازدۇرسا خەنداق ،
گۇلى مۇشكىن ئالارنى كۆرگەچ ئانداق .
ئايىتتى : «تەبرەمەي مەھكەم تۇرۇڭۇز ،
ياراتقان تەڭرى سۇنئىنى كۆرۈڭۈز .»
كى ناگەھ بىر بۆلۈك ئارسلان قەزادىن ،
بۇلۇتتەك گۆكرەشىپ چىقتى ئارادىن .
گۇل ئول دەم قامچىلاپ ئىلگەرى چىقتى ،
ئىكى ـ ئۈچىن بىرەر ئوق بىرلە يىقتى .
كۆرۇپ ئارسلانلار ئول ئارسلان باقارەست ،
بارى بولدى قارا تۇپراق بىلە پەست .
يىراقدىن كۆرسەلەر ئاتلىق كىشىنى ،
سالۇر جان ھەۋلىدىن ئەركەك ـ تىشىنى
كۆرۇپ جەۋھەر ئانىڭ شەستۇ كەمانىن ،
تىلەر ئېردىكى قۇربان ئەتسە جانىن .
ئەدەندە يوق ئىدى بۇ شىركۇش شەست .
نې بۇ مەردانەلىق بۇ شەستۇ بۇ دەست .
ئەجەب كەلدى ئەدەن مۇلكىنە بۇ ئىش ،
بارى بارماقلارىغە باستىلار تىش .

## جەۋھەر ئەدەنغە بۇرۇنلاپ ، ئۇرۇقنى گۇلگە باشلاتقانى

ياۋۇقراق يەتتىلەر ئېرسە ئەدەنغە ،
ئايىتتى جەۋھەر ئول ماھى خوتەنغە .
«بۇرۇنلاغۇمدۇرۇر ئانداق بىلىڭىز ،
سىز ئۇرۇق بىرلە ساكىنرەك كېلىڭىز .»
يېتىپ جەۋھەر شەھەنشەھ ھەزرەتىندە ،
نېچۈك يەتكەن بىلە باردى قاتىندە .
شەھ ئاندىن سوردى دەريا باردىن راز ،
ئول ئەۋۋەل قىلدى گۇل ۋەسفىنى ئاغاز .

## جەۋھەر گۇل ۋەسفىنى ئەدەن پادشاھى قاتىندا ئايتقانى

«بۇچىن شەھزادەئى فەغفۇر نەسلى ،
كى زاھىردۇر قىلىقلارىندىن ئەسلى .
نېدىنكىم ئۆكسەم ئارتۇقتۇر جەمالى ،
ھەر ئىشكىم دېسەڭىز باردۇر كەمالى »
شەھ ئول ئەۋسافلاردىن قالدى ھەيران ،
سەۋۇپ كۆرمەيۇ ئول خۇد ئەزدىلۇ جان .
يىبەرىپ خاسسەلەرنى پىشەۋارىن ،
مۇھەييا قىلدى خانلار ئەيشۇ بارىن .
بەغايەت ۋەسفىنى تەرغىبىنى ئارتىپ ،
سەلاتىن رەسمىچە قىلدۇردى تەرتىب .
ئۆزى ئۆيىندە قىلدى ئۆزگە تەئيىن ،
كى كەلسە ئانداتۇشكەي خۇسرەۋۇ چىن .
قارىپ ئېردى ئۆزى ، ئوغلى ، قىزى يوق ،
قارادا بوييۇ قاردا ئىزى يوق .
چۇ تاپنى ناگەھان گۇلتەك « ئوغۇل » نى ،
ئۆز ئوغلىدىن ئەزىزراق سەۋدى ئولنى .

## پادشاه بەدىئ گۈلگە ئۆترۇ چىققانى

تۇزەتتى گۈل ئۈچۈن بەرگۇ نەۋالار ،
بىساتى رەۋزەتەك باغۇ سەرالار ،
چىقاردى پىشكەشلەر ھۆرمەت ئۈچۈن ،
ئۆزى ھەم ئۆترۇ چىقتى ئىززەت ئۈچۈن ،
يىراقدىن گۈل كۆرۈپ شاھى ئەدەننى ،
رەۋانراق سۈردى خىنگى فىل تەننى ،
ياۋۇق يەتكەچ ياياقلاندى يىراقتىن ،
بويىن كۆرگەن كىشى تۈشتى ئاياقتىن ،
ئىلىكلەرىن سالا سەرۋى خىرامان ،
سەلام ئەتكەچ يەر ئۆپتى شاھى خۇبان .

## ئەدەن سۇلتانى گۈل بىلە كۆرۈشكەنى

ئەدەن سۇلتانى ھەم تۈشتى ئاتىندىن ،
تەۋازىئ قىلدى ياخشى نىيەتىندىن .
ئاۋۇلجاشىپ كۆرۈشتى ئول ئىكى شاھ ،
يانىپ تۈشتىلەر ئەيۋان ئىچرە ھەمراھ .
كەرەشمە بىرلە مەجلىس تۈزدى ساقى ،
ئارادە قىلدى گەردىش دەۋر ئاياقى ،
رۇبابۇ ئۇدۇ مۇسىقارۇ تەنبۇر ،
كۆڭۈللەردىن قىلىپ ئەندىشەنى دۇر .

## گۈل سۆھبەتىنىڭ سىفەتى

خۇش ئەلھانلىق مۇغەننىيلەر نەۋاساز ،
تەكەللۇق بىرلە ئۆسرۈكلەر سەرئەنداز .
قاچانكىم گۈل بولۇر بولسە قەدەھ نۇش .
چاغىر ئەلنىڭ دىپاغىندا قىلۇر جۇش .
كىچەر مەجلىسدە ھەر تۈرلۈك لەتايىق ،
كى بولماس شاھ ئانىڭ گەردىنە تايىق .
ھەمىنكىم گۈل قىلۇر تەھرىر بۇنياد ،
كىتەر بارچەسىنىڭ بىلگەنى ئەز ياد ،
ھىكايەت باشلاسە شەھ ھەزرەتىندە ،
مۇھەندىسلەر دىم ئۇرماسلار قاتىندە ،
شەھەنشەھ ھەرنى ئول مەجلىسدە ئىردى ،
دەرى بەستە بارىنى گۈلگە بەردى .
نۇكەر ، سەۋدەر ، ئەۋ ئەل ، گەنجۇ خەزىنە ،
مۇرەسسەئ تاجۇ ، قۇر ، تەختۇ نىگىنە .

## نەۋرۇز فىراقدا گۈل نالىشى

كىچە كەچ بولدىيۇ قوپتى شەھەنشاھ ،
سەئادەت بىرلە گۈل كەلدى سەھەرگاھ .
نىكىم بىگانە بىرلە ئاشنادىن ،
قوپۇپ نا مەھرەمۇ مەھرەم ئارادىن .
گۈلى مۇشكىن يەرىندىن ساچرادى چۇست ،
ئىشكنى ئىچكەرىدىن باغلادى رۇست .
ئاياقدىن باش تونى ئۇبراقنى پاك ،
ھەم ئولدەم قىلدى ھىجران ئىككىدىن چاك .
ئاچىق ئۈن بىرلە يىغلاي باشلادى زار ،
شەھى نەۋشاد ئۈچۈن ئول ماھى پەرخار .
زەمانى تۇپراق ئۈستىندە قويار باش ،
گەھى باغرىنە كۈچ بىرلە ئۇرار تاش .
زەمانى كۆكسىنى تىرناپ قىلۇر رىش ،
گەھى قوللارغا تىش بىرلە ئۇرار نىش .
تەھەممۇلسىزلىغىندىن قىلسە بىر ئاھ ،
كۆيەر ئول شۇئلەدىن بۇ يەتتى خىرگاھ .
يانا قاقشاسە تولغانىپ بىرەرتە ،
بالىق بىريان بولۇر يەتتىنچى يەردە .
زەمانى تالئى بىرلە ئۇرۇشۇپ ،
دەمى بەخت ئىلىدىن ئاغزى قۇرۇشۇپ .
جەھاندىن ئەل يۇۋۇپ ، جاندىن بولۇپ سىر ،
تىلەي تاپماي قاتىق چىرلاغۇتەك يەر .

پۇشۇرغانلىپ چىقاردى خەنجەرى تىز ،
تىلەدى قىلسە بىرەھمانە خۇنرىز .

## گۇل ئۆزگە تەسەللى بەرگەنى

يانا فىكر ئەتتىكىم : « شايەدكى نەۋرۇز ،
چىقىپ ئىركىن سۇدىن با بەختى پىرۇز .
كۆپ ئىستەپ تاپماسە ناگەھ نىشانىم ،
نىچۇك بولغاي مىنىڭ ئول مىھرىبانىم .
ئۆلۇپ گەرچە ئۆزۈمنى تىندۇرۇرمەن ،
ۋەلى نەۋرۇز ئەھدىن سىندۇرۇرمەن .
مەن ئۆلسەم ئىشتىياقىم بىرلە نىتكەي ،
مىنى كۆرمەي فىراقىم بىرلە نىتكەي .
ئەدەن دۇنيادە بىر مەشھۇر يەردۇر ،
ئۇلۇس ئورتاسىدا مەئمۇر يەردۇر .
قۇرۇقلۇق سەرھەدى ، دەريا كەنارى ،
كىلۇر ـ بارۇر مۇسافىرلار گۇزارى .
رەۋا كۆرسەم ئانىڭ رەنجۇ ئەزابىن ،
نى دىگەيمەن قىيامەت كۇن جەۋابىن .

خەيالى خەيلى بىرلە شادۇ خۇش ۋاقت ،
غەممىندىن تاج ئىتەيىن ، دەردىدىن تەخت .
قىلىپ ھەجرۇ فىراقىن ھەمنەفەسلەر ،
ھەۋاسى بىرلە ئوينايىن ھەۋەسلەر .
ئانى دەپ ھالى بارى ئولتۇرايىن ،
نىچۇك بولسە بۇ غەم بىرلە تۇرايىن .
تىرىك بولسا تىلەي كەلگەي قۇلىنى ،
تىرىكلا يەلگە بەرمەگەي گۇلىنى .
سىگىرەيىن ئىچىمدە مۇشكىلىمنى ،
كىشى ئاڭلاماسۇن دەردى دىلىمنى . »
ئۆزى بىرلە چۇ بۇ ئەندىشە قىلدى ،
ئەرەنلەرتەك تەھەممۇل پىشە قىلدى .
ئەرىكسە ئاۋۇقۇش بىرلە ئاۋۇنۇر ،
تۇگۇنمەس غەمدە كۇچ بىرلە سەۋۇنۇر .

## نەۋرۇزنىڭ ھالى دەريادا

چۇ ئول تۇفان ئانىڭتە قوپتى ناگاھ ،
يىراق تۇشتى ياۋۇق خۇرشىدىن ماھ ،
گەھى قەئر ئىچرە بالىق بىرلە ھەمساز ،
گەھى مەۋج ئۇستىدە كۇن بىرلە ئەبناز .
مەزاجى زەئىف ئولۇپ ناخۇش ھەۋادىن ،
چىقىپ ئول رەھمى يوق تىلسىز بەلادىن .
ۋۇجۇدىن شۇست ئىتىپ دەريا ھەۋاسى ،
يۇرەكىن قان ئىتىپ ھىجران بەلاسى .
چىقىپ سۇدىن قىراق ، يۇرۇردە ئول شاھ ،
يىراقدىن بىر ئالاچۇق كۆردى ناگاھ .
ئالاچۇقنىڭ ئىگەسى ئىردى بىر پىر ،
كى دەريادىن چىقارۇر ئىردى تەۋفىر .

ئىشى بالىقچىلىق ئىردى ھەممىشە ،
تىرىك بارىنچە بىلمەس ئۆزگە پىشە .
يىتىپ كەلگەچ قوناق كۆردى ئۆيىندە ،
مومۇلۇپ كۇن يۇزى نۇرى بويىندە .
ئىلكىدىن ئەپچىقىپ بالىقنى سالدى ،
تاڭىرغاپ بارماغىن تىشلەدى قالدى .
قاۋۇردى بىر بالىقنى ئوتقە ئول پىر ،
كى ئىيدىندىن شەھەنشەھ تاپتى تەغيىر .
دىماغى كۇشلانىپ كەلدى ئۆزىنە ،
كۆرۇندى بىر قارى كىشى كۆزىنە .
شۇكىرلەر قىلدى تەڭرىگە فەراۋان ،
كى ئىنئام ئەتتى لۇتفىندىن ياڭى جان .

## بالىقچى نەۋرۇز بىلە كۆرۇشكەنى

سەلام ئەتتى بارىپ پىرى سەبۇك رۇھ ،
نانىڭدەككىم نىجات ئەسھەبىنە نۇھ .

جاۋابىن بەرگەچ ـ ئوق شەھزادە نەۋرۇز ،
رەۋان باشلادى تەقدىرى دىل ئەفرۇز ،

تەكەللۇمدىن ئېتىپ تۈرلۈك شەكەر رىز ،
كۆڭۈل دىلدار ھىكايەت قىلدى ئەنگىز .
ياش ئوغلانىنەك مۇتېئ ئەتتى قارىنى ،
ئىگىلەدى ئۆيىن بەرقىن بارىنى .
ياتۇر يېرى ، تۆشەكى بىر ئىدى پەس ،
كونىنچە بالىق ئېتى يەر ئىدى بەس .
قارى ھەم بۇۋجۇد ئېردىيۇ مۇھتاج ،
تويا ئاش كۆرمەگەن ، ئاچۇ يالاڭغاچ .
تونىندە بىر خەراب ئەسكى چاپانى ،
بويىندا چىقماغان بىر قىلچە جانى .
كۆرۈپ نەۋرۇز ئانىڭ ۋەزئىنى ناخەش ،
كېلىپ رەھمى ، بولۇپ ۋەقتى مۇشەۋۋەش .

## نەۋرۇز بالىقچىغە تەدبىر ئۆگرەتكەنى

مۇكۇرغاپ لۇتىق بىرلە دېدى : «ئەي پىر ،
ساڭا ئۆگرەتەيىن بىر ياخشى تەدبىر .
بارىپ شەھر ئىچرە بىر مەھرەمنى كۆزلە ،
ئاڭا بىر – بىر مېنىڭ ھالىمنى سۆزلە .
مەگەر بۇ ئىش بىلە بىر ئىش ئاچىلغاي ،
ئۇمىدىم باركى تەڭرى لۇتىق قىلغاي .»
قارى بىر ئۆزگە ئىش فىكر ئەتتى دەرھال ،
بارىپ سالدى ئۇلۇقراق يەرگە چاڭگال .

## بالىقچى نەۋرۇزنى غايىبانە ۋەزىرغا ساتقانى

ئۆز ئەنگىزى ئۇچۇن ئول ھىيلەلىق پىر ،
ۋەزىر ئالىندە مۇنداق قىلدى تەقرىر :
«كى باردۇر بىر قولۇم يۇسۇفى سىفەتلىق ،
ئەزىز جانىمدىن ئارتۇق يوسۇف ئاتلىق .
ئېرۇر بارچە ھۇنەرلەردە يېگانە ،
ئانىڭ مىسلىنى كۆرمەيدۇر زەمانە .»
ۋەزىر ئاندىن ئىشتىپ سوردى دەرھال ،
يىبەردى بىر كىشىنى كۆرگەي ئەھۋال .
بارىپ كۆرگەن كىشىنىڭ سەبرى قالماي ،
ئاشۇغۇپ يەتتى يولدا بىر دەم ئۇرماي .

## ۋەزىر نەۋرۇزنى كۆرۈپ ، مۇتەھەييىر قالغانى

نېچۈككىم ۋەسف قىلدى ئول پەرىنى ،
ۋەزىر ساچراپ ياۋۇتكەدى يېرىنى .
ھەم ئول دەم قىلدى بالىقچىنى خوشنۇد ،
«بارىپ يۇسۇفنى كەلتۈر » دېدى ئول زۇد .
چۇ كەلتۈردىلەر ئول سەرۋى رەۋانى ،
جەھانىنىڭ جانىدەك جانۇ جەھانى .
يۈزىندە بەلگۈلۈك فەررى فەرىدۇن ،
جەمالىندىن قامۇلۇر سۈنئى بىچۇن .
ۋەزىر ئالىندا كەلگەچ شاھزادە ،
تەۋازىئ قىلدى چۇن سەرۋى پىيادە .
ۋەزىر ئول قەدنى كۆرگەچ لال بولدى ،
ئاياقدىن تۇشتىيۇ بەدھال بولدى .
چىقارىپ مەسنەد ئۆزرە پادىشەھۋار ،
ئۆزى خىزمەتتە تۇردى بەندەتەل زار .
ھەم ئولدەم كەلتۈرۈپ شاھەنە خىلئەت ،
مۇرەتتەب قىلدى بارچە زىيبۇ زىينەت .
ۋەلې فىكر ئەتتى ئول دانايى ھۇشيار :
«كى سۇلتان لايىقدۇر ئۇشبۇ دىلدار .
كېرەككىم جان بىلە بولسە مۇساھىب ،
ماڭا بۇ گەنجۇ گەۋھەر نې مۇناسىب .»

## ۋەزىر پادىشاھنى ئۆيىندە ئىندەگەنى

ھەم ئول دەم توي تەرتىبىن قىلىپ راست ،
ئۆيىنە ئىندەدى سۇلتانىنى بىخاست .

قەبۇل ئەتتى ئانىڭ دەرخاستىن شاھ ،
كېلىپ تۈشتى سەئادەت بىرلە ناگاھ .
گۆھەر ئەفشان قىلىپ دەستۇرى ھۇشيار ،
تاپۇقلار يەرگە يەتكۈزدى سەزاۋار .
تۈزۈلدى مەجلىسۇ ئەۋرۈلدى بادە ،
تەنەئئۇم شيۋەسى كەلدى زىيادە .
نەدىملەر لۇتىق بىرلە شېئىر پەرداز ،
سۇخەنۋەرلەر ھۇنەردىن مۇئجىزەساز .
نېكىم مۇترىب دېسە ئاۋاز ئىچىندە ،
مۇغەننى نەقش باغلار ساز ئىچىندە .

## نەۋرۇز قىسسەسىن پادشاھ ئايتقانى

چۇ ھەدسىز گەرم بولدى سۇھبەتى خاس ،
ئەدا قىلدى ۋەزىر ساھىبى ئىخلاس .
«كى ئەي خانلار خانىيۇ سۇلتانى ئالەم ،
ياراتقان سايەسى خاقانى ئەئزەم .
جەھان بارىنچە زاتىڭ يار بولسۇن ،
ھەمىشە دەۋلەتىڭ بىدار بولسۇن .
ئېۋىمگە قۇندى بىر دەۋلەت ھۇمايى ،
تولۇۇ ئەتتى سەئادەت تولۇن ئايى .
ئاچوق قويدى مەگەر جەننەتنى رىزۋان ،
كى كەلدى دۇنياگە ھۇرى خىرامان .
فەساھەت ئىچرە ئەلفازى گۆھەر رىز .
لەتافەت ئىچرە ئەلقابى دىل ئاۋىز .
ئاياقدىن باش بويى خانلارغە لايىق ،
ئەجايىب بەندە سۇلتانلارغە لايىق .»

## نەۋرۇزنى پادشاھ كۆرۈپ ، پەسەند ئەتكەنى

شەھى ئالەم ھەم ئول دەم قىلدى فەرمان ،
كى كەلدى ئول شەھى سەرۋى خىرامان .
يەر ئۆپتى شەھ قاتىندا بەندەلەرتەك ،
ئەدەبدىن يەر باقىپ شەرمەندەلەرتەك .
يەمەن سۇلتانى چۇن كۆردى جەمالىن ،
بەسارەت بىرلە بىلدى بارچە ھالىن .
يۈزىندە كۆردى قەررى كەيقۇبادى ،
دېدىكىم : «چىن ئېرۇر خانلار نىژادى »
تەۋازۇ بىرلە ساچرادى يەرىندىن ،
يۇقارى ئالدى بارچە بەگلەرىندىن .

## يەمەن پادشاھى نەۋرۇزنىڭ ھالىن سورغانى

چۇ ھەددىندە ئەدەب نۇرىنى كۆردى ،
ئەدەب بىرلە بۇرۇن ھالىنى سوردى .
كۆتەردى شاھزادە پەردە ئەز راز ،
سەراسەر سەرگۈزەشتىن قىلدى ئاغاز .
ئايتتى بارچە كۆڭلىندەكى رازى ،
كەچۈرگەن قىسسەنىڭ دۇررۇ دەرازى .
ئۇشۇل مەجلىسدەكى ئەلكۈن بەيەكبار ،
كۆتەردىلەر بۇ سۆزدىن نالەئى زار .
يەمەن سۇلتانى ئانداق بولدى مەد ھۇش ،
كى قايناغان قازاندەك باشلادى جۇش .
سەرايەت قىلدى بارچە ئەلگە بۇ غەم ،
ئېشلمەگەن باغىر قالمادى ئول دەم .

## پادشاھ نەۋرۇزغە نەسىھەت قىلغانى

بۇكەز سۇلتان نەسىھەت قىلدى ئاغاز :
«كى ئەي خۇش جىلۋەلىق سەرۋى سەر ئەفراز .
قاۋۇشۇپ ئول گۈلى فەرخار بىرلە ،
كۆنەنغىل ئول ۋەفالىق يار بىرلە .
فەلەكنىڭ گەردىشىدىن يېمەگىل غەم ،
جەھانىنى خۇش كەچۈرگىل شادۇ خۇررەم .

ياراتقان قىلماغاي رەنجىگىنى زايىڭ ،
نەزەر ئەتكەي سەئادەت بىرلە تالىڭ .
يەمەن مەجمۇئ يوللارنىڭ باشىدۇر ،
نىكىم ئىقلىملارنىڭ دىلكەشىدۇر .
يېرى خۇررەم ، ئۆزىدۇر رۇھپەرۋەر ،
سۈيى جانبەخشۇ تۇپراغى مۇئەتتەر .
كۆكۇل تابلاغۇتەك يايلاقلارى بار ،
بەغايەت نازەنىن ئاۋلاقلارى بار .
ئۇچار قۇشتىن تېگىز يۈزى ياپلۇر ،
نەچە قۇش سالسە ئىلباسۇن تاپىلۇر .
ساڭا بويداش بەش ـ ئالتى بەندە زادە ،
تاپۇقچىلار ساغىشىندىن زىيادە .
بارى بولسۇن تاپۇغىڭدە كەمەر بەند ،
تەنەئئۇم بىرلە بول مەشغۇلى يەك چەند .
ئاتاڭدۇرمەن ، ئىشىت مەندىن نەسىھەت ،
كى بۇ دۇنيا ئېرۇر بەش كۈن غەنىمەت .
بۇ كۈنكىم فۇرسەتىڭ بار ، خۇش كەچۈرگىل ،
يانا تاڭ بىرلە نىكىم كەلسە ، كۆرگىل .
ۋەفاسىزدۇر بۇ بىئىنساق غەددار ،
قىلۇر ئۆز شەرتىن ئۆزگە ئاخىرى كار .

## نەۋرۇز پادشاھدىن ئۆزر قولغانى

قوپۇپ خان ئاللىدە يەر ئۆپتى نەۋرۇز :
«كى ئاي ـ كۈن پەرتەۋىتەك ئالەم ئەفرۇز .
غەرىبلەر قىبلەگاھى خاكى پايىڭ ،
ئۇلۇس سۇلتانلارى كەمتەر گەدايىڭ .
بۇ نې لۇتفۇ بۇ نې ھەدسىز كەرەمدۇر ،
چۇسىز غەمخارسىز ، ئۆز نې غەمدۇر .
چۇ لۇتفىڭىز بۇ قۇلغە بولسە ھەمراھ ،
ئەجەب يوقتۇر تىلەكىم تاپسام ، ئەي شاھ .
ئېرۇر ، ئەي پادشەھ ، ئەرتەكى ئادەت ،
سەئادەت ئېلىدىن يۇقماق سەئادەت .
چۇ تۇشتۇم دەۋلەتىڭىز سايەسىندە ،
نېتەيىن بەندەلەر ھەم بايەسىندە .
تاپۇقچىتەك تاپۇغدا باغلايىن بەل ،
كى ئۆگرەنسۇن تاپۇقنىڭ شىيۋەسىن ئەل .
مەن ئەۋۋەلمەنكى قۇللارنىڭ كەممەن ،
نې قۇلكىم ، ئىتلارىڭىز ھەمدەممەن .»

## يەمەن پادشاھى نەۋرۇزغە تەربىيەت قىلغانى

يەمەن سۇلتانى ھەم تەئزىم بىرلە ،
سەۋرغادى تۇمەن تەكلىم بىرلە .
ئايىردى نەۋكەر ئىش تۇغۇ نەقارە ،
ۋىلايەت گەنجۇ مالۇ پىشۇمارە .
سىقىرلات ئەۋ ، سەرا پەردە بىلە تەخت ،
ئاڭا لايىق بۇزۇرگانە ئارىغ رەخت .
ھۆكۇم قىلدى جەمئى بەگلەرىنە ،
نىكىم ئەركانى دەۋلەتىنىڭ بارىنە .
كى قىلغايلار ئاڭا ئەئزازۇ ئىكرام ،
سۆزىندىن چىقماسۇنلار خاسدىن ئام .
ئاۋۇلچادى دۇئالار قىلدى نەۋرۇز ،
ئارا يەردە چۇ شەمئى ئالەم ئەفرۇز .
چۇ بىر ئايچە يەمەندە چىرغادى شاد ،
كۆكۇل باغلاپ ئۇل ئەلگە سالدى بۇنياد .
ئاۋ ئاۋلاپ ، قۇش سالىپ ، چىرغاپ ھەمىشە ،
كېچە ـ كۈندۈز تەنەئئۇم قىلدى پىشە .

## يەمەن پادشاھى نەۋرۇزغا چېرىك باشلاتىپ ، ئەدەنغە ئۇترۇ يىبەرگەنى

ئەدەن خانى يەمەن سۇلتانى بىرلە ،
بەغايەت دۇشمەن ئېردى جانى بىرلە .
چۇ كەلدى گۇل ئەدەن مۇلكىنە ناگاھ ،
ئانىڭ كەلگەنىدىن كۆچلەندى ئۇل شاھ .
يەمەن سەرھەدىنە چاپقۇن يىبەردى ،
ئوماقسىپ ئەلگە كۆپ تەشۇش بەردى .

چېرىكلەمەك بولۇپ جىببە كۆرۈپ ئول ،
يۈرۈدى تۈتتۇرۇپ ھەر ساردىن يول .
يەمەن سۇلتانى تاڭ قالدى بۇ ئىشدىن ،
بەغايەت قورقتى ئول ئاگىسز يۈرىشدىن .
پۇسۇغانىپ تۈمەنىمىڭ سۆز بىرلە ،
كەگەشتى ئولتۇرۇپ نەۋرۇز بىرلە .
ياراغ ئول كۆردى نەۋرۇزى جەھانگىر ،
كى خان قىلغاي چېرىك يىغماغە تەدبىر .
ھەم ئول سائەت ئەۋ ئوغلى بىرلە نەۋرۇز ،
كېۋەرگە ئوردى چاپتى شاھى بىرۇز .
ئۆزىنى ياخشى چەرچىملاپ يۈرۈپ تىز ،
كەمىنلەر باغلادى بەر ئەزمى خۇنرىز .
يەمەننىڭ بار ئىدى بىر ئەسكى سەردار ،
بەسى مەشھۇر ئاتى «بەھرامى خۇنخار»
ھەسەد ئىلتۇر ئىدى نەۋرۇزدىن ئول ،
كۆيۈپ ناگەھ ھەسەدنىڭ سوزىدىن ئول .

## نەۋرۇز چېرىك ئىختيارىن بەھرامغە بەرگەنى

بۇ ھالەتدە قىلىپ خەبىسنى ئىزھار ،
خۇسۇمەت باشلادى خۇنرىزۇ خۇنخار :
«كى سەن كىمسەن ، بار ، ئولتۇر ، ئۆز ئىشىڭ قىل ،
ئەگەر جەۋچىن ئېسەڭ جەۋچىلىغىڭ بىل ،
ساڭا تەگمەسكى مەڭگىرسەڭ يەمەننى ،
چېرىك تارتىپ تەمەئ قىلساڭ ئەدەننى .
بۇ ئىككى مەملەكەت بىردۇر ئەزەلدە ،
مۇنىڭدەكلەر تۇشەر ھەر نەچچە يەلدە .»
«فۇزۇل تەپ سەرزەنىش قىلمە بۇ قۇلنى ،
ياراتقان تەڭرى يوق قىلسۇن فۇزۇلنى .
مۇنا ئەلكۈن تىلەر بولساڭ ئۆزۈڭ بىل ،
يامان ـ ياخشىنىكىم قىلساڭ ، ئۆزۈڭ قىل .
قويا بەردۈك ساڭا سانجىش ياراغىن ،
نې سانجىش ، بەلكى بارچە ئىش ياراغىن . »
نې بىلسۇن گۇل يۈرۈشىن تەلبە بەھرام ،
يۈرۈدى ھەر نېچۇكىكىم بولسە ناكام .

## گۇل قاراۋۇلغە يەمەن چېرىكنى چىنەگەنى

قاراۋۇلغە كېلىپ ئېردى گۇل ئۆزى ،
ھەمىنكى بۇ چەرىككە تۈشتى كۆزى .
چىنەپ تاپتىكى سەردارى زەبۇندۇر ،
ھېچ ئىش بىلمەس ، ياراغسىز رەھنەمۇندۇر .
كۆرۈپ ، ئاگلاپ ، بىلىپ ، ياندى ھەم ئول دەم ،
ياسادى ئۆز چېرىكىن شادۇ خۇررەم .
تاڭ ئاتقاچكىم زەمانى بولدى خۇررەم ،
ئارتىلدى فەلەك كۆزگۇسىدىن زەڭ .
تۇمان تولتۇردىيۇ بولدى ھەۋا ساف ،
چېرىك تۇتتى جەھاننى قافۇتا قاف .
خۇرۇس ئەتتى كېۋەرگە ، گۆكرەدى كۇس ،
ئۇرۇپ چەۋگان زۇھەلنىڭ يۈزىنە بۇس .
نەفىرۇ بۇرغۇۋۇ تەۋقۇ نەقارە ،
دىلاۋەرلەر يۈرەكىن قىلدى پارە .
بەھادۇرلار ئۈنى ، ئاتلار خۇرۇشى ،
سەدەقتەك كەز قىلىپ مىررىخ گۇشى .

## بەھرام گۇل ياسالىن كۆرۈپ ، ئالدارغانى

كى ناگەھ بۇ ياسالنى كۆردى بەھرام ،
قىلا بىلمەدى ئەلكۈننى سەرەنجام .
ماچىملاپ ئەلكۈن ئاتلاندۇرسە بولماس ،
كىيىن تارتە جىلاۋ ياندۇرسە بولماس .
يۈرەك ئىچقىندىيۇ كۆڭلى تارىقتى .
ئۆز ئىچكىسى بىلە ئىلگەرۈ چىقتى .

## نەۋرۇز ئاچىغلانىپ ، چېرىكنى توقتاتقانى

بۇ كەز نەۋرۇز غەيرەتدىن ئۇرۇپ جۇش ،
ئاچىغلانغان بىلە بولدى زەرە پۇش .

چېرىك ئالىن توسۇبان ئۇتتى يولنى ،
ھىراۋۇل تۇرغۇزۇپ ، توقتاتتى غولنى .
جىلاۋ قويدىيۇ ئەۋجىدىن ئەۋجگە باردى ،
ئاياقدىن باش قويۇپ تۇپراق قوپاردى .
مۇجىلەر تۇرغۇزۇپ ، بەركىتتى قامىل ،
قارا تاقدەك ياساپ تۇردى مۇقابىل .

## بەھرام ئاۋتانىپ ، مەيدانغە كىرىپ ، مۇبارىز تىلەگەنى

كېيدىن باقتى ئىسە بەھرامى خۇنرىز ،
خىجىل قالدىيۇ ئۆزگە قىلدى ئەتگىز .
يۈرۈپ مەيدان ئىچىندە قىلدى جەۋلان ،
غەنىملەر تىلەدىيۇ مەردى مەيدان .
ئەدەنلىقدىن كىشى تەبرەممەدى ھېچ ،
نېچەكىم تۇردى مەيدان ئۈستىدە كەچ .
گۈلى فەرخار ئاچىغلاندى بولۇپ تۇند ،
«كى نېچۈن بولدى مۇنداق تىغنىز كۈند ؟
بىر ئەر يوقمۇ بارىپ بەرسە جەۋابىن ،
ئۈرۈندۇسە ئۈرۈپ ئۆمرى تەنابىن ؟»
ئەدەن بەگلەرى تىترەرلەر سەرا سەر :
«كىم ئېرمەس بىز ئانىڭ بىرلە بەرابەر .
بۇدۇر ئول نامۇر بەھرامى خۇنخار ،
كى يوقتۇر يەر يۈزىندە مۇنچە سەردار .
تۇپىنگەندە مىلك ئاتلىق ئۇترۇ تۇرماس ،
ئاچىغلانسە تۇمەندىن يۈز چەۋۇرمەس »
ئايىتتى گۈل : «قويۇك ھەرزە سۆزنى ،
زەبۇن ئەتمەك نېدۇر ياغىغە ئۆزنى .
مۇنى تۇتۇمكى خۇد بىر ئەژدەھادۇر ،
بىزنىڭتەك ئادەمى ئېرمەس بەلادۇر .
نېدۇر ، ئەي بىھەمىيەتلەر بۇ ھەيرەت ،
ئەر ئوغلىغە كېرەكتۇر بولسە غەيرەت .»

## گۈل ئاچىغلانىپ ، بەھرامغە ئۇترۇ تېپىنگەنى

ئاچىقدىن ئۇردى گۈل قامچى ئاتىنە ،
تەۋەككۇل قىلدى تەگرى ھەزرەتىنە .
تەرىد ئەتكەچ قويۇنتەك ھەملە قىلدى ،
بۆلۈتتەك گۆكرەدى ، ئوتتەك چاقلدى .
ئىزانگۇ قامچىلاپ ، دۇب قىلدى بەھرام ،
ئايىتتى : «كىمسەن ، ئەي سەردارى ئەييام ؟
ئەدەنلىقلارغە ئوخشاماس يۈرۈشۈك ،
ئىرۇر تۇركانە ئاتقە ئولتۇرۇشۇك .
ئۆزۈڭگە رەھم قىل ، قانىڭنى تۆكمە ،
تېنىڭدىن كۈچ بىلە جانىڭنى سۆكمە .
ئاتىڭدىن تۈش ، ئاتىم تۈيناغىنى ئۆپ ،
ئۆزۈڭنى بىل ، فۇزۇللۇق قىلماغىل كۆپ .»
ئايىتتى گۈلكىم : «ئەي جاھىل تىنك ئولتۇر ،
ئىلكىدە ئەردەمىڭ بار ئېرسە كەلتۇر .
بۇ مەيداندە ھۈنەر كۆركۈز ئەر ئېرسەڭ ،
ئۇزالۇر سۆز ئەگەر مۇھمەل دەر ئېرسەڭ .»

## بەھرام گۈلگە قىلىچ تەگۈرگىنى

بۇ كەز بەھرام ئاچىغدىن چەكتى بىر تىغ ،
ياپىپ قالغانى كىردى ماھى دەر مىغ .
ئانىڭتەك چاپتى قالغانى ھەمايىل ،
گەھى ئات ئارقاسىدىن بولدى مايىل .
سەراسەر بولدى قالغان ئىككى پارە ،
دۇۋۇلغادىن تاغى بولدى گۆزارە .
ئۆتۈشۈردە گۈلى فەرخار ھەم تىز ،
ھەمايىلدىن چىقاردى تىغى خۇنرىز .
ئانىڭدەك چالدى غەيرەتدىن بېلىنە ،
كى مىررىخ ئافەرىن قىلدى ئېلىنە .
بۆلۈندى ئورتادىن يەھرامى خۇنخار ،
ئاتى ساغرىسىدىن تۈشتى نىگۈنسار .
چۇ بولدى تۇغماغانىتەك بىر زەماندا ،
غەرىۋۇ زىلزىلە تۈشتى جەھاندا .

ئۇماق بىرلە گۇلى فەرخار چۈن باد ،
«مۇبارىز يىبەرىلگ» تەپ قىلدى فەرياد .

## نەۋرۇز بىلە گۇل مەيداندارلىق قىلىپ ئاتىشقانى

يەمەنلىقلەر ئۇل ئىشدىن قالدىلار لال ،
ئاتىن قامچىلادى نەۋرۇز دەرھال .
تەرىد ئەتكەچ بىلە كۆرگۆزدى جەۋلان ،
تابىندى ھۆي ئېتىپ چۈن شىررى غەرران .
تانىدى گۇل دىلئارامىن ئۈنىندىن ،
ئۆزىنى تاشلادى ئات ئۈستىنىندىن .
بۇ ھالەتنى كۆرۈپ نەۋرۇزى نەۋشاد ،
ئاتىندىن ساچراپ ئانداق قىلدى فەرياد .
كى قالدى بارچە ئەل ھەيرەت ئىچىندە ،
كى نې بولدى بۇ بىر سائەت ئىچىندە ،
چاپىشىلار كېلىپ تۇسلۇق تۇشىندىن ،
ئۇلۇس فارىغ بولۇپ سانجىش ئىشىندىن .
كۆرەرلەر تۇپراق ئۆزرە زارۇ ئەفكار ،
ياتۇرلار بىخەبەر ئىككى ۋەفادار .
گۇلاب ئەفشان چۇ بولدى يۈزلەرىنە ،
پەرىلەر كەلدى ناگەھ ئۆزلەرىنە .
گەھى نەۋرۇز گۇل ئىدى بىلە سۇست ،
دەمى گۇل بولدى نەۋرۇز ئىدىدە سۇست .
قۇچاقلاشقاچ ئۇل ئىككى سەرۋى ئازاد ،
مۇبارەكلىك بىلە ئاتلاندىلار شاد .
ئۇرۇش ، سانجىش كۆتەرىلدى ئارادىن ،
خۇسۇمەت كەتتى ئىككى پادشادىن .
بۇ خۇشلۇقدىن بىرىكتى ئىككى ئىقلىم ،
ئارادىن قوپتى خەۋفۇ قالمادى بىيم .

## ئەدەن پادشاھى يەمەن پادشاھى بىلە يارىشقانى

يەمەن خانى بەدىئى فەررۇخ ئەختەر ،
ئەدەن خانى رەفىئى خۇب مەنزەر ،
كۆرۈشتىلەر سەفا بىرلە ھەم ئۇل دەم ،
يارىشىپ تويلادىلار شادۇ خۇررەم
تىكلدى ئىككى ياندىن بارگەھلەر ،
مۇۋافىق بولدى ئىككى پادشەھلەر ،
كېچىپ ھىجران كېچەسى ئۆشتى زۇلمەت ،
يارۇدى سۇبھى ۋەسلۇ كەشتى غۇربەت .
سەئادەت يۈزلەنىپ نەكبەت تۇگەندى ،
يېتىلدى دەۋلەتۇ مىھنەت تۇگەندى .
جەفاسىندىن فەلەك بولدى پۇشەيمان ،
فەرەھ كەلدىيۇ غەم بولدى پەرىشان ،
بۇ خۇش كۈنلەركى تەڭرى بەردى مەقسۇد ،
تىلەگەنتەك تىلەكلەر بولدى مەۋجۇد ،
شەرەف بۇرجىندا ئېردى كۈن ھەمەلدە ،
قۇۋارغان بارچە كۆك ياشلار ئەمەلدە .
جەھان خۇررەم بولۇپ خۇلدى بەرىندەك ،
سۇزۇلۇپ چەشمەلەر مايى مەئىنتەك ،
ھەۋا ئىيسا دەمىتەك رۇھپەرۋەر ،
قىلىپ ئالەمنى جەننەتتەك مۇئەتتەر .
چەمەندە بۇلبۇلۇ قۇمرى غەزەلخان ،
تۇزۇپ دۇرراجۇ كەكلىك تۇرلۇك ئەلھان .
يېتىپ ھەج مەۋسۇمى ناگەھ بۇ كۈنلەر ،
يۈز ئۇرۇپ كەئبەغە ئالەم سەراسەر .

## نەۋرۇز بىلە گۇل ئەدەن پادشاھى يەمەن خانى بىلە كەئبەغە بارغانى

گۇلۇ نەۋرۇز چۈن تاپتى مۇرادىن ،
كۆرۈپ ئۇل پادشەھلەرنىڭ كەسادىن .
قىلىپ ھەج نىيەتىن تاڭدىلار ئەھرام ،
سەفەر قىلدىلار ئۇل ئىككى دىلئارام ،
يەمەن خانى ئەدەن سۇلتانى بىرلە ،
سېۋىپ ئېردى ئالارنى جانى بىرلە ،
بۇلار بىرلە ئالارھەم ھەجغە كەلدى ،
سەئادەت ئەھلى بىر يەرگە يىغىلدى .

ئۇشۇل كۈنكىم گۈلۇ نەۋرۇزى نەۋشاد ، ئىكەۋلەن قاچتىلار چىن يولىدىن شاد .

## پادشاھ مۇشكىن ھالى گۈل فىراقىدا

خەبەر كەلدى ئېسە مۇشكىنى فەرخار ،
بىلىپ كەيفىيەتىنى ئاخىرى كار ،
قاراۋۇللار قويۇپ قاچقان يولىنە ،
يىبەردى ئەلچىلەر نەۋشاد ئېلىنە ،
ئىشىتتى ئېرسە فەررۇخ بۇ خەبەرنى ،
بويىندىن تاشلادى تاجۇ كەمەرنى ،
ساچىن بىر ـ بىر تىتىپ ، تونىن قىلىپ چاك ،
باشىنە ساچتى بۇ ئەندىشەدىن خاك .
جەھاندا يۇتراتىپ سەييالارنى ،
تېڭىزەرگە ئايىپ مەللاھلارنى ،
سوراتىپ يەر يۈزىندە قاف تا قاف ،
مەشەققەت بىرلە ئىزدەپ دۇنيانى ساف .
نى بۇ تاپتى خەبەرنى شاھ مۇشكىن ،
توگالدى ئاقىبەت ئول ئىككى مىسكىن ،

كېسىپ جاندىن ئۇمىد ئول ئىككى شەھشاھ ،
بۇ يىل كەلدىلەر ئېردى ھەجغە ناگاھ .
يانا نەۋرۇزنىڭ نەۋكەرلەرى ھەم ،
كۈنىنچە يەپ گۈلۇ نەۋرۇز ئۇچۇن غەم .
كېزىپ سەيياھلارتەك ئەلدىن ئەلگە ،
تاكىپ ھىممەت قۇرىن مەردانە بەلگە .
كېزىپ پەيۋەستە بەھرۇ بەر ئىچىندە ،
يۈرۈپ مەجمۇئى كوھۇ دەر ئىچىندە .
كېلۇرلەر ئېردى مۇنداق ھەجغە ھەر يىل ،
قىلىپ ھەج تارقاشۇرلار ئېردى بىدىل .
قەزادىن بۇيىل ئول بىچارەلەر ھەم ،
مەگەر ھەج ئەزمىنە كەلدىلەر ئول دەم .
گۈلۇ نەۋرۇز شادۇ خۇررەمۇ خەش ،
يېتىشتىلەر ھەرەمغە بىغەمۇ غەش .

## گۈل ۋە نەۋرۇز تەۋافدا ئاتالارىنى تانىغانى

تەۋاف ئىچرە ئول ئىككى سەرۋى ئازاد ،
سەۋىنگەندىن ئۇرۇپ تەكبىرۇ فەياد .
كۆرەرلەركىم مەلەك سىيرەت ئىكى پىر ،
ئايۇرلار ئاھۇ نالەش بىرلە تەكبىر ،
بىرى ئايتۇركى : « ئەي ھەيىي تەۋانا ،
ئېرۇرسەن بارچە ئەھۋالىمغە دانا ،
خەزاندىن ئاسراغىل ئول تازە قۇلنى ،
كەرەم بىرلە ئاڭا يەتكۈر بۇ قۇلنى »
بىرى ئايتۇركىم : « ئەي دانەندەئى راز ،
ساڭا رەۋشەندۇرۇر ئەنجامۇ ئاغاز .
چۇ سەن سالدىڭ مېنى نەۋرۇزدىن دۇر ،
ئانى ماڭا مېنى ئاڭا قاۋۇشتۇر »
كۆرۈپ نەۋرۇزۇ گۈل بۇ دەردى دىلنى ،
يۈرۈتتىلەر ئوغان شۇكرىنە تىلنى .

ئاتالارىن تانىپ ئول ئىككى غەمخار ،
سەۋىنگەندىن بەسى يىغلادىلار زار .
[ ياۋۇق قىلغان كىشىدەك ئەز سەرى سوز ،
كېلىپ مۇشكىن ئاياغىن ئۆپتى نەۋرۇز .
يەنە فەررۇخ ئاياغىنە تۈشۈپ گۈل ،
تەۋاپ ئەتكۈچىلەرغە تۈشتى غۇلغۇل .
نېخۇش بولغايكى بەئد ئەز سەبرى بىسيار ،
كۆرۈشۇلغەي سەئادەت بىرلەدىدار .
كۆرۈپ ئول ئىشتىياقۇ دەردى ھىجران ،
كېنەتە ۋەسل تاپقاي جانۇ جانان .
خۇش ئول دەمكىم ، بولۇپ دەۋلەت مۇۋافىق ،
تىلەپ تاپقاي مۇرادىن ئىككى ئاشىق .
خۇش ئۇل سائەتكى ئەمگەكلەر تۈگەنىپ ،
ئىكى دىلدار يانداشقاي قوۋانىپ .]

## گۈلنى نەۋرۇزغە قاۋۇشتۇرغانلارى

قاۋۇشتۇرۇپ ئول ئىككى مېھربانىنى ، مۇقارىن قىلدىلار تەن بىرلە جانىنى .

ئاچ ئاسلان كۈچ بىلە جەيرەننى ئىلدى ،
سەبا گۇل غۇنچەسىن يەل بىرلە تىلدى .
كۆرۈپ تۇرغانچە سەنئەت بىرلە ھەككاك ،
ئىلىكلەگەچ گۇھەرنى تەشتى بىباك .
كۇمىش ، ئىنجۇ قىلىپ گۇل ياپراغىن رىش ،
ئەسەل ئۈستىندە ئارى چايقادى نىش .
چۇ سىيمىن ھۇققەنىڭ ئاغزى ئاچىلدى ،
تۆكۇلدى لەئلۇ ئىنجۇلار ساچىلدى .
بالىق بوغزىدىن ئاقتى دۇررۇ مەرجان ،
سەدەف قورساغىدىن ساچرادىلار قان .
تاڭ ئاتقۇنچە ئاياق تۇتماق ، باش ئۇرماق ،
يۈزۈك ئويناماقۇ بارماق ياشۇرماق .
بىرى بىر – بىر تىرىپ شەپتالۇئى تەر ،
بىرى دەم – دەم شورۇپ مەستانە شەككەر .
بىر مىلك شىيۋەلەر بىرلە قىلىپ ناز ،
بىرىسى ھەم بولۇپ ئۇل دەمغە دەمساز ،
ئىنانىشماي بىرى بىرىنىڭ ۋىسالىن ،
تۇش ئېرمىش تەپ ، ساغىنىپ ئىتتىسالىن .
ئاغىزلارى شەكەر بىرلە شەكەر پاش ،
سەۋىگەندىن ساچار نەرگىسلەرى ياش .
قىلىپ كەچكەن فىراق ئەييامىنى ياد ،
تاغى ئارتۇق بولۇر ئۇل ۋەسلدىن شاد .
چۇ جان بېرىپ تاپار گەۋھەرنى غەۋۋاس ،
ئەزىز جانىندىن ئارتۇقراق تۇتار خاس .
ھەمىنكى ئۇردى دەم سۇبھى سەئادەت ،
قوپۇپ قىلدىلار ئاھەڭگى ئىبادەت .

## تۆرت پادشاھ ، گۇل ۋە نەۋرۇز بەھس قىلغانى

قوپۇپ ھەر قافىلە ئۆز مۇلكىنە يۈز ،
دو ئەسپە ئىلگەرۇ تۇشتى قۇلاۋۇز .
رەفىئ ئايتۇر : «گۇلى رەئنا مېنىڭدۇر ،
ئەدەن يوقكىم ، ئەزىز جانىم ئانىڭدۇر .»
بەدىئ ئايتۇركى : «مەن نەۋرۇزنىڭمەن ،
بۇ زىيبا ماھى مېھر ئەفرۇزنىڭمەن .
ماڭا ئانسىز تەن ئىچرە جان كېرەكمەس ،
بۇ تاجۇ تەختۇ ئۇل ئەيۋان كېرەكمەس .»
ئايتتى شاھ مۇشكىن : «ئەي سەلاتىن ،
كېچىك بۇ ھاسىلى يوق مەجەرادىن .
نە مەن گۇلسىز نە گۇل نەۋرۇزسىز خۇش ،
كى يوقتۇر جامى جان ئەفرۇزسىز خۇش .

## پادشاھ فەررۇخ سىلاھ ئەندىشە قىلىپ سۆزلەگەنى

دېدى فەررۇخكى : «بىر تەدبىر ئېتەلى ،
تەئەسسۇب تونىنى تەغيىر ئېتەلى .
ئىشتۇر بولساڭىزلار بىر سۆزۈم بار ،
ئىشتىپ بولساڭىز سۆزگە خەرىدار .
تاڭالى ئىتتىپاق ئۈستىندە ئەلنى ،
قىلالى ئورتادا تەئيىن بىر ئەلنى .
ھەمان خۇشدۇركى جان ئورتادا بولسە ،
نەكىم ئەئزا ئىچىندە بارسە – كەلسە .
ئېرۇر نەۋشاد ياز فەسلى بەسى خۇش ،
ھەۋاسى خۇررەمۇ ئاۋلاغى دىلكۇش .
يانا ياي مەۋسۇمىدە مۇلكى فەرخار ،
ئېرۇر فىلجۇملە جەننەتدىن نەمۇدار .
يەمەن مۇلكى قاچانكىم بولسە يابىز ،
بولۇر ئەئرافتەك دۇنيادا تەگسىز .
يېتىلۇر بەس لەتىف ئەنۋائى نېئمەت ،
كېلىپ تىلسە بولۇر تۆرلۈك مەئىشەت .
ئەدەن خۇد قىش كۈنى ئىشرەت يېرىدۇر ،
ئىرەم ياڭلىغ پەرىلەر كىشۋەرىدۇر .
قىش ئورتاسىندا سەھراسى چەمەنتەك ،
جەھاندا بولماغاي خۇشلۇق ئەدەنتەك .
مۇخالىفلىق ئەگەر قوپسە ئارادىن ،
قۇتۇلۇرسىز تۆگەنمەس ماجەرادىن . »

## تۆرت پادشاھ بىر ـ بىرىدىن ۋىداﺋ قىلىپ ئايرىلىشقانى

كەچەشلەر بارچە بۇ سۆزگە تۈگۈلدى ،
ئۈلۈس بىھۇدە زەھمەتدىن قۇتۇلدى .
سەفەر قىلدى يەمەنلىقلەر يەمەنغە ،
يۈزىن قويدى ئەدەنلىقلەر ئەدەنغە ،
گۈلۈ نەۋرۇزۇ مۇشكىن بىرلە فەررۇخ ،
مەدىنە خەتتەسىنە قويدىلار رۇخ .
باربان مۇستەفانىڭ ھەزرەتىنە ،
ئەبىر ئەفشان قىلىبان تۇربەتىنە .

## گۈل ۋە نەۋرۇز نەۋشاد مۇلكىنە بارغانى

قىلىپ ھەججۇ زىيارەت رەسمىنى تۈز ،
كۆچۈپ نەۋشاد ئېلىنە قويدىلار يۈز .
تۇرۇپ ، تويلاپ ئول ئەلدە بىر ـ ئىكى ئاي ،
كېتۈردىلەر تەرەب شەرتىنى بەرجاي .
نەچە ۋەيرانەلەر ئىچرە قىلىپ سەير ،
جەمئىي مۇستەھىقلەرغە قىلىپ خەير .
سەئادەت بىرلە ياي فەسلى يېتىلدى ،
يەرىلەرغە ئەزىمەت ۋەقتى بولدى .
گۈلۈ نەۋرۇزۇ مۇشكىن شاھ بىرلە ،
كۆچۈپ يۈزلەندىلەر دىلخاھ بىرلە .
نېكىم نەۋشاددىن تا مۇلكى فەرخار ،
قىلىپ ئېردىلەر ئارايىش چۇ بازار .
بۇلۇبان يول قاتا بۇلبۇل غەزەلخان ،
تۇزۇپ زۇھرە ئانىڭ سەۋتىنە ئەلھان .
قامۇق مېھمەت قويۇپ ، خۇشلۇق تۇتۇپ يۈز ،
فەلەك يارى قىلىپ ، ئىشلار بولۇپ تۈز .
جەھاندا كىمنىكىم كۆرسەك تەرەب ساز ،
ئۈلۈس خۇش ۋەقتۇ ئالەم ئەيش پەرداز .
يەتى ئىقلىمدا سانجىش ئۇرۇش يوق ،
كۆڭنىنچە چىرغالاگىدىن ئۆزگە ئىش يوق .
قىلىپ نەۋرۇزگۈل ئاللىندا جەۋلان ،
كېزىپ بۇ تۆرت ئىقلىم ئىچرە يەكسان .
قەدەھ گەردان قىلىبان ساقىئى ئۇمر ،
كەچۈردىلەر مۇنىگدەك باقىئى ئۇمر .
فەلەك دەۋرى زەمانە ئىقتىزاسى ،
بۇ ئەيشۇ بۇ تەماشالار ئاراسى .
قەدەر قىلدى قەزانىڭ خەنجەرىن تىز ،
ھەمان ئادەت بىلە باشلادى خۇنرىز .
ئارادىن كۆچكۈ تۇردى تۆرت سۇلتان ،
سەراسەر رۇبئى مەسكۇن بولدى يەكسان .

## تۆرت پادشاھنىڭ پادشاھلىغى نەۋرۇزغە قالغانى

بارىنىڭ ئورنىگە نەۋرۇز بولدى ،
مۇرادۇ بەختىنە فىرۇز بولدى .
ئەجەب مۇشفىق مۇرەببىدۇر مۇھەببەت ،
كىم ئەر ئوغلىن قىلۇر مەغرۇر دەۋلەت .
ئەر ئوغلىنە نې باردۇر غەمدىن ئارتۇق ،
ئېرۇر بىر نىشى يۈز مەرھەمدىن ئارتۇق .
ئوشۇل غەمكىنكى ئېرمەس غەم بىلە شاد .
ئىلاھا ، بولماسۇن ئول غەمدىن ئازاد .
رەفىقى مۇشفىقۇ سادىق ئېرۇر غەم .
تەبىبى ھازىقۇ ئالىم ئېرۇر غەم .
بىشارەت بەرگىل ، ئەي دىل ، ئەھلى غەمغە ،
كىم ئەرتەك سەبىر قىلسۇنلار ئەلەمغە ،
ماگا ئول دەمكى غەم بۇمۇژدە بەردى ،
جىگەر خۇنۇ دىلۇ نۇتقۇم غەم ئېردى .
نې بىر غەمكىم ، كېچە ـ كۈن يەپ تۈگەنمەس ،
نې ئول مېھنەتكى ، ئايتىپ ، دەپ تۈگەنمەس .

## نەۋرۇزنىڭ پادشاھلىغىنىڭ سىفەتى

مەئەلقىسسە ، چۇ نەۋرۇزى جەھانگىر ،
جەھانىنى ئەزم بىرلە قىلدى تەسخىر .
جەھاندا قويدى ياخشى رەسمۇ ئايىن ،
تۈز ئەتتى دۇنيانى سەرتا بەپايىن .
ئاچىبان قىرۋاندىن باختەرغە ،
يۈرۈتتى يارلىغىنى بەھرۇ بەرغە .
گەھى خاقانى چىن بەردى خىراجىن ،
گەھى خاقان خوتەن تاپشۇردى باجىن .
تۈزۈپ ئۆزبەك شىلانىنىڭ قويىنى ،
سۇپۇرۇپ يۈز بىلە قەيسەر ئۆيىنى .
فەرەڭگۇ رۇم ئېتىپ كيگەن تونىن راست ،
تۈشۈرۈپ رەي ئۆزى مالىنى بىخاسىت .
چۇ ئېردى بۇ سەئادەتقە سەزاۋار ،
تىلەپ تاپتى مۇرادىن ئاخىرى كار .
بۇ دەۋلەت بىرلە چۇن شايىستە ئېردى ،
ياراتقان دەۋلەتىن شايىستە بەردى .
نېچەكىم كۆرسە دەردۇ جەۋرۇ مىھنەت ،
قاچان زايىئ بولۇر ئەربابى دەۋلەت .
نەچە كۈن گەر فەلەك قىلماسە يارى ،
مۇرادىنى بىرۇر پەرۋەردىگارى .

## پادشاھ مەدھى بىلە كىتاب خاتىمەسى

نېچۇككىم تاپتى مەقسۇدىنى نەۋرۇز ،
ئانىڭدەك بولسۇن ئۇشبۇ شاھى فىرۇز .
نېچۇككىم ئول مۇرادىدىن يېدى بەر ،
ئانىڭدەك بەر يېسۇن سۇلتان سىكەندەر .
نېچۇككىم تاپتى ئول خانلار يېرىنى ،
بۇ ھەم تاپسۇن سەلاتىن كىشۋەرىنى .
جەھان بارىنچە دائىم شاد بولسۇن ،
غەمۇ ئەندىشەدىن ئازاد بولسۇن .
ئانىڭدەك يەرگە قويسۇن دەۋلەتى يۈز ،
كى تاپسۇن جۇملەئى مەقسۇدىنى تۈز .
ئۇلۇس بولسۇن ئانىڭكى ھۆكمىدىن ساف ،
كى فەرمانىنى تۇتسۇن قاف تا قاف .
ياشاسۇن نۇھ پەيغەمبەر ياشىنى ،
قىلىپ مەسنەد مەسىھا مەفرەشىنى .
تىلەكلەرى تىلەگەنگە لايىق ،
تىلەك بەرگۇچى كەلتۈرسۇن مۇۋافىق .
ھەمىشە بەختۇ دەۋلەت بىرلە يەئنى ،
مۇبارەك بولسۇن ئۇشبۇ فىكرۇ مەئنى .
ئۇشۇل كۈنكىم سەۋاد ئەتتىم بۇ تەقرىر
خەيالىم نەقشى باغلادىيۇ تەھرىر .
كۆڭۈل گەنجىدە ئانچە بار ئىدى گەنج ،
كى قىلغاي ئېردى يىللار سەرفى بىرەنج .
نې مەئنىغە مۇكەررەر سۆزگە فىكرى ،
نې مەئنىدىن نې سۆزدىن ئۆزگە فىكرى .
بولۇپ مەغرۇر ئۆز گەنجىنەسىنە ،
نې مۇھتاج ئۆزگەلەر گەنجىنەسىنە .
ۋەلى چۇن ھۆكم ئول شاھى جەھاندىن :
« كى قىلغىل تەرجۇمان ئول تەرجۇماندىن . »
بەتۈركى رەسمى بىرلە بىتەكەللۇف ،
زەرۇرەت مۇنچەلىق قىلدىم تەسەررۇف .
تەۋەققۇد ئولدۇر ئەسبابى ھۇنەردىن ،
كى چۇن فەيز ئالسەلەر بۇ مۇختەسەردىن .
ساغىنغايلار مۇھىببى بىنەۋانى ،
دۇئا بىرلە سەۋىندۇرگەيلەر ئانى .
يانا دەرخاستەم بار باخشىلاردىن ،
مۇغول سەۋىنى بىلگەن باخشىلاردىن .
گەر ئەلفازىمنى تەغىير ئەتمەگەيلەر ،
تەسەررۇف بىرلە بىر — بىر ئەتمەگەيلەر .
تارىخ سەككىز يۈز ئون تۆرت ئېردى ھىجرەت ،
كى نەقش ئەتتىم بۇ مەنزۇرى مۇھەببەت .
ئۇغۇغانىغە بىتىگەنگە ، ئىلاھى ،
مۇبارەك قىل بۇ گەنجى پادشاھى .

(تۈگەندى كىتابى « گۈل ۋە نەۋرۇز » تەئرىخ توققۇز يۈز ئون تۆرتدە ھەجرىيە بىنەبەۋىيە ) .

# مۇخەممەسلەر

## قۇلئەلىم ئامى زەئىف

**نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەد سالىھ ھاجى**

**مۇھەررىردىن :** ژۇرنىلىمىزنىڭ ئومۇمىي 21 ـ ، 36 ـ سانلىرىدا قۇلئەلىم ئامى زەئىفنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان . بۇ ئىككى ساندا قۇلئەلىمنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ئاز بىر قىسىم مەلۇماتلار بېرىلگەن . ئۇنىڭ يېڭىدىن بايقالغان دىۋانى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان . بۇ سانىمىزدا قۇلئەلىمنىڭ ئاشۇ دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن مۇخەممەسلىرىنى بەردۇق . شائىرنىڭ بۇ مۇخەممەسلىرىدە ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . شۇنداقلا يەنە شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە ئائىت ئىلغار قاراشلىرىمۇ بۇ مۇخەممەسلەردىن خېلى روشەن نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ مۇخەممەسلەردە يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ بەزى ئىدىيىۋىي چەكلىمىلىكلىرى ، دىنىي مىستىك تىندىنسىيەلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ، بۇنداق تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز زۆرۈر .

* *

ئىشق ئوتى جانغا تۇشۇپ سەرسانە بولساڭ يادىدا ،  
ۋەسلىنى ئىزلەپ يۈگۈرگىل قالماغىل بىر دالدىدا ،  
ئاقىبەت يارغۇڭ قاشىغە ھېچ ۋەفا يوق قالدىدا ،  
سەن ئەگەر بولساڭكى دەردمەند ، يىغلاغىل يار ئالدىدا ،  
ئەرزۇ ھالىڭنى بەيان قىلغىلكى دىلدار ئالدىدا .

ئىگەسى يوق ئىت كەبى ئىڭراپ يۈرۈسەڭ يىغلابان ،  
چۈنكى بىتاقەت بولۇپ كويىدا يۈرسەڭ ئىزلەبان ،  
باش قويۇپ ئاستانەسىغە ئەيلەسەڭ ياشىڭ رەۋان ،  
گەرچە رەھمەت ئەيلەبان ھالىڭنى سورسا ناگەھان ،  
يالبارىپ سەجدە قىلىپ تورغىلكى غەففار ئالدىدا .

جانى بارمۇ يوقمۇ دەپ باشىڭ ئۇزە قىلسا گۇزەر ،
مۇرغى بىسمىلدەك ساڭا قالماي هەياتلىقتىن ئەسەر ،
زۇلفىنىڭ بويى كېلىپ تەگسە دىماغىڭغە ئەگەر ،
كۆز ئۇچى بىرلە ئەگەر دىلبەر ساڭا قىلسا نەزەر ،
باش قويۇپ ئاستاغەغە تۇرغىلكى غەمخار ئالدىدا .

ئۆزىدىن ئۆزگە كىشى بىلمەس غەرىبىنىڭ دەردىنى ،
يۇرەكى زەرداب بولۇپ ئىچىگە تولغان زەردىنى ،
تۇتىيا قىلسام كۆزۈمگە ئىزى باسقان گەردىنى ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، تاپقاندا مەردىنىڭ مەردىنى ،
ئەمدي بىلگىل قەدرىنى بولغىل خەرىدار ئالدىدا .

* *

دىلىمنىڭ سەهنەسىدە زىكرۇ فىكرىم مۇددەئا مەهبۇب ،
كۆڭۈلنىڭ قۇشلارىغە بولدى سەييادِ دىلرەبا مەهبۇب ،
غەرىبۇ ناتەۋان بىچارەغە پۇشتۇ پەناه مەهبۇپ ،
زىهى دۇنيادە هەجر ئەتتىڭ مېنى ، ئەي پادىشاه ، مەهبۇب ،
ماڭا رەهم ئەيلەبان يولۇڭغە سال ئەي رەهنەما مەهبۇب .

هەمە ئىشق ئەهلىنىڭ جانىن ئالۇرغە مۇهتەزەر قىلساڭ ،
يولۇڭدا قەتئ ئېتەرگە مۇرغى بىسمىلدىن بەتەر قىلساڭ ،
ئۆزۈڭنىڭ شەۋقى بىرلەن داغۇ هەسرەتتە كېتەر قىلساڭ ،
كۆزۈڭنىڭ ئۇجى بىرلە رەهىم ئەيلەپ بىر نەزەر قىلساڭ ،
سېنىڭ بۇ ئىلتىفاتىڭغە ئېرۇر مىڭ جان فىدا مەهبۇب .

قەدى شەمشادىڭە گۇلگۇن قەبالارنى كىيىپ تۇرساڭ ،
باشىڭدا تاجى زەررىن ، تەخت ئۆزرە ۋاقدا ئولتۇرساڭ ،
ئىكى شەهلا كۆزۈڭ كىرفىكلەرنى ئوق قىلىپ ئۇرساڭ ،
بەناگاه رەهم ئەيلەپ مەن غەرىبدىن بىر سۇئال سورساڭ ،
هەمە دەردىم بەيان ئەيلەپ قىلۇرمەن سۆز ساڭا مەهبۇب .

هەمىشە فۇرقەتىڭدە تولغانىپ هەرگىز ياتالماسمەن ،
كۆيۈپ هەجر ئوتىدا ئەخكەر بولۇپ هېچ ئولتۇرالماسمەن ،
كېچەلەر ئۇيقۇسىز كۈندۈزدە بىئارام تۇرالماسمەن ،
سېنىڭدەك ئىككى ئالەم پادىشاهنى تاپالماسمەن ،

سوراپ كەلسەم سىنىڭ يوق ھالىڭنى ئەي پادىشا مەھبۇب .

ساڭا ئاشىق كىشىگە تەخت بىرلەن تاج باغىشلاپسەن ،
ۋە لېكىن ھاجەت ئېرمەس تەختۇ تاج غۇربەتغە تاشلاپسەن ،
گەدايىڭنىڭ گادايى ئەيلەبان كۆزىنى ياشلاپسەن ،
بۇ ئىشقۇ دەرد ـ ئەلەمنى رەھم ئەيلەپ ماڭا تاشلاپسەن ،
بۇ يەڭلىغ ئىلتىفاتىڭغە ساڭا مەن ئاشنا مەھبۇب .

سىنىڭ ھۇسنۇڭ زۇھۇرىدىن تۇشۇپ ھەر كىمگە سەۋداسى ،
بۇ سەۋدالار بىلەن كەۋنەيىن بازارىدا غەۋغاسى ،
بىرىسى ھور ، بىرى جەننەت ، بىرى دىيدار دە ئۇۋاسى ،
جەمالىڭنى تەلەب قىلدىم فەقىر ئامى زەئىف ئاسى ،
گۇناھىم ئەفۋ ئېتىپ قىلغىل تىلەكىمنى ئەتا مەھبۇب ،

* *

داغى فۇرقەت ئىچرە قالغان بارمۇ دەپ قىلساڭ خىتاب ،
ئاتەشى ھىجران ئارا كۆيۈپ قەنى بولغان كەباب ،
تاقەتى يوق ئىشق ئوتىدا بەرگەلى كىمدۇر جەۋاب ،
گەر بۇلۇتدىن سەن زۇھۇر ئەيلەپكى چىقساڭ ماھتاب ،
بۇجەھاندا بولماغاي سەندەك مۇزەييەن ئافتاب .

باغ ئارا گۇللار ئاچىلدى رەڭ بەرەڭ ھەر نەچچە خىل ،
ھۇسنۇڭ ئالدىدا ئۇيانۇر بولماساڭ ئاندىن بىھىل ،
سۇرخ گۇل بوي ئالدى سەندىن ئىزنى بەردىڭ « خۇب ئاچىل »
ئايۇ كۈن جۇملە كەۋاكىب نۇرلارى بولغاي خىجىل ،
زەررەچە قالماس سىنىڭ ئالدىڭدا ، ئەي گۇل ماھتاب .

ئاشىقى بىچارە مەن مەدھۇش ئۇلۇپ ئۆزدىن كېتىپ ،
ئۆزلۈ كۈمنى بىلمەيىن ھۇشۇمنى سەۋداغە سېتىپ ،
ئەل ئاراسىدىن چىقىپ ئۆزۈمنى مەردلەرگە قاتىپ ،
سەن ئەگەر قىلساڭ تۇلۇئ ھۇسنۇڭنى ئەلگە كۆرسەتىپ ،
چەرخ ئۇرۇپ سەيكۇم ياشىمنى راھىگە ئەيلەپ گۇلاب .

ئىشق ئوتى تۇشكەن كىشى مەئشۇقىغە مايىل بولۇر ،
ئۆزگە بىرلەن ئىشى بولماس ئەمرىغە قايىل بولۇر ،
دىلبەرىنىڭ ئاي يۈزىنى كۆرگەلى سايىل بولۇر ،

ئايو كۈن جۈملە كەۋاكىب نۇرلارى زايىل بولۇر ،
ھېچ زەمان زايىل ئەمەس نۇرۇڭ سېنىڭ ، ئەي ماھتاب .

ئەھلى ئاشىق كۆڭلىنى ھەردەم مۇجەللى ئەيلەسەڭ ،
ھەر گەدايىڭنىڭ گەدايى كەمبەغەللى ئەيلەسەڭ ،
ئەھلى تەختۇ تاج ئېتىپ ساھىب سەجەللى ئەيلەسەڭ ،
ئۇشبۇ ئالەم پۇر بولۇر گەر سەن تەجەللى ئەيلەسەڭ ،
جۈملە ئاشىقلارغە سەن قىلغىل جەمالىڭ بىھىجاب .

* *

ئىشقدىن باشىڭدا سەۋدا بولسا سەردارىڭغە ئايت ،
غايىبۇ ھازىردا ياد ئەتكەن خەبەردارىڭغە ئايت ،
مىڭ بەلا باشىڭغە سالغان چەرغ رەفتارىڭغە ئايت ،
ئەي خىرەدمەند ، بولسا دەردىڭ سەن بارىپ يارىڭغا ئايت ،
ساڭا بۇدەردۇ ئەلەم سالغۇچى جەببارىڭغە ئايت .

ھەجرىنىڭ سەھراسىدا ئۆزۈڭنى يالغۇز تىنغلاساڭ ،
ۋادىئى فۇرقەت ئارا مىھنەتلەرىڭ قاتتىقلاساڭ ،
ھەر بەلا كۇلفەتنى سالسا ھىممەتىڭ پىششىغلاساڭ ،
ھېچ كىشى يەتمەس سېنىڭ فەريادىڭە كۆپ يىغلاساڭ ،
كۆز ياشىڭنى تۆھفە ئەيلەپ ئۇشبۇ دىلدارىڭغە ئايت .

ھەجرۇ فۇرقەت دەشتىدە يۈرگەن كىشىنىڭ باغرى خۇن ،
ئۆرتەنىپ فۇرقەت ئوتىدا ھەر زەمان ھالى زەبۇن ،
يار ۋەسلىغە يېتەلمەي ئەل ئارا يۈرگەي جۇنۇن ،
بۇ ياشىل ئەيۋاننى ئەيلەپ مۇئەللەق بىسۇتۇن ،
جۈملەنى خەلق ئەيلەگەن رەھمانۇ سەتتارىڭغە ئايت .

ۋەھ سېنى قەتل ئەيلەگۈم دەپ ، يول ئۈزە تۇرغان ئېرۇر ،
ئۆزىنى رەھزەن قىلىپ پايلاقدا ئولتۇرغان ئېرۇر ،
قىن ئىچىدىن قىلىچىن قان رەڭلى سۇغۇرغان ئېرۇر ،
ئىشقىنىڭ خەنجەرلەرىن باغرىڭغە ئول ئۇرغان ئېرۇر ،
بى جەراھەت كۆپ زەئىف قىلغۇچى خۇنخارىڭغە ئايت .

ئاغزىدۇر غۇنچە مەسەللىك لەئل يەڭلىغدۇر لەبى ،
زۇلفى مۇشكىنىغە چۇن بەردى خىراج يەلدا شەبى ،

شەككەر ئەفشاندۇر سۆزى جەمشدى مەجلس مەشرەبى ،
هۇسنى باغدا تۇرۇپدۇر سۇرخ گۇل غۇنچە كەبى ،
سايرابان بۇلبۇل كەبى سولتانى گۇلزارىڭغە ئايت .

* *

ساڭا يەتمەك ئەمەس مۇمكىن كېچە كۈندۈز قىلىپ تائەت ،
ۋە لېكىن تاپماق ئامال قىلسا ياد هەر لەهزە هەر سائەت ،
تەشەككۇر ئەيلەبان مېهنەت بەلاغە ئەيلەسە تاقەت ،
سېنىڭ لەئلى لەبىڭدىن ئالسا ئاشىق زەررەچە راهەت ،
سەمەرقەندۇ بۇخارادا بۇئاشىقغە نېمە هاجەت .

كىشىنى ئىنقياد ئەتتىڭ سېنىڭ هەردەم خۇزۇئىڭغە ،
دىلىنى ئېرتىبات ئەتتىڭ ئۆزۈڭ سارى خۇشۇئىڭغە ،
ئەجەل سەيدىنى دام ئەتتىڭ ساڭا يانماق رۇجۇئىڭغە ،
ئىكى زۇلفىڭنى شام ئەتتىڭ سېنىڭ سۇبهى تۇلۇئىڭغە ،
سېنىڭ بۇ سۇبهى شامىڭغە نە شەمسۇ نە قەمەر هاجەت .

سېنىڭ هەرلەهزە زىكرىڭ بارچە ئاشىقنىڭ ياراغىدۇر ،
ۋەلى هۇسنۇ جەمالىڭ بارچەنىڭ كۆزى قاراغىدۇر ،
نەزەر رەهمەت بىلەن باقساڭ تەمام دەردنىڭ فەراغىدۇر ،
سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭ ئىككى جەهاننىڭكى چەراغىدۇر ،
بۇ يەڭلىغ كۆزلەرىڭغە ئەي هەبىب ، نە سۇرمەلەر هاجەت .

سېنىڭ هەجرىڭ ئوتى تەگكەچ ماڭا قىلدى ئەجەب تەئسىر ،
فىراقدىن ئۆزگە يوق دەردىم ۋۇقۇئغە كەلمەدى تەدبىر ،
يۈرۈپمەن چارە تاپماي بارچە كارىم ئەجز ئىلە تەقسىر ،
ئىكى قاشىڭنى قەۋس ئەتتىڭ هەمە ناۋەكلەرىڭنى تىير ،
ماڭا گەر بىر نەزەر ئەتسەڭ نە ئوقۇ نە كەمان هاجەت .

ئۆزۈڭنى خالى تۇتكىم بىمۇهەببەتلەردىن ئايرىلغىل ،
يۈمۈپ زاهىر كۆزۈڭنى زىندە دىلغە هەمنىشىن بولغىل ،
بارىپ ئەهلى قەنائەت كۇلبەسىدە چىللە ئولتۇرغىل ،
ئايا ئامى زەئىف ، يارىڭ ۋىسالىن كۆپ تەلەپ قىلغىل ،
كى يارغە ۋەسل گەر بولساڭ نە بۇ هاجەت ، نە ئۇ هاجەت .

* *

قىلما ھەرگىز كىزبگويۇ نان جۇيان بىرلەن بەھس ،
زاھىرى ئىنسان ، ئىچى جىن ، قەۋمى شەيتان بىرلە بەھس ،
ئۆزى ھاسىد ، خۇيى فاسىد ، زىشتە خۇبان بىرلە بەھس ،
ئەي بەرادەر ، ئاقىل ئىرسەڭ قىلما نادان بىرلە بەھس ،
بىھۇدە زىھنىڭنى بۇزما ، قىلما نادان بىرلە بەھس .

ياخشى دانانىڭ سۆزى كەلگەن بەلانى ياندۇرا ،
جىن شەياتىن قەۋمىنىڭ تەدبىرلەرىنى سىندۇرا ،
كىم سەئادەت ئەھلىدۇر دانا قاشىدا ئولتۇرا ،
ھەر نەچە مۇشكىل سۇئالىڭ بولسا دانادىن سورا ،
مەقسەدىڭغە يەتمەگەيسەن قىلما نادان بىرلە بەھس .

ئاقىلۇ دانا قاشىغە كىمكى نادانىدۇر كىلۇر ،
كۆڭلىدە مەقسەد مەرامى ھەرنە بولسا دىيىلۇر ،
ھاجەتىن ئەيلەپ رەۋا ھەرنە مۇرادىن بىرىلۇر ،
ئەقلۇ فەھمۇ دانىشىڭنى ئاقىلۇ دانا بىلۇر ،
بىلمەگەي قەدرىڭنى ھەرگىز قىلما نادان بىرلە بەھس .

تاپماغاي كۆڭلۇڭ ئاسايىش ئۆيدە بەد گۇيان بىلەن ،
سۇرەتى ئىنسان ، خۇيى بەد ، زەھرلىك چايان بىلەن ،
تەڭ بەرابەر سۇھبەتى دوۋزەخدە ئولتۇرغان بىلەن ،
قىلماغىل ھەرگىز ئارايىش جاھىلۇ نادان بىلەن ،
جاھىلان مىسلى قارا تاش ، قىلما نادان بىرلە بەھس .

سەن ئۆزۇڭنى تازا تۇتغىل پاكىزە بول ، ئەي يىگىت ،
ماۋۇ مەن بىرلە ھەسەد شەھرىنى بۇزغىلۇ يىقىت ،
بولسا جاھىللىق دىلىڭنىڭ مەركەزىدە ئانى تىت ،
سەن ئەگەر بولساڭكى ئاقىل بۇ نەسھەتنى ئىشىت ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، ھىچ قىلما نادان بىرلە بەھس .

* *

كۆزۈمدىن ياش رەۋان بولماق جىگەر خۇنبارىدىن بائىس ،

باشىم سەۋداسىنى سورساڭ كۆزى خۇمماردىن بائىس ،
ماڭا فۇرقەت ئوتىن سالغان پەرى ئەيياردىن بائىس ،
مېنىڭ بۇ ئىشقى سەۋدايىم ئېرۇر كىم ياردىن بائىس ،
ۋەلې شايەدكى بولغاي بۇ ماڭا جەبباردىن بائىس .

كۆڭۈل تەختىنى پاك ئەيلەپ غۇباردىن قىلمادىم فەرھىز ،
جىهاد ئەيلەپ رىيازەت سەھنەسىنى قىلمادىم خۇنرىز ،
ۋىسالىغە يېتەلمەي يولدا قالدىم ، بولمادىم شەبخىز ،
مېنىڭ مەجنۇنلۇغۇمنى ، ئاھ ، نېتەي بىلمەس كىشى ھەرگىز ،
بەسى بىمارلىقىم بولغاي پەرى رۇخساردىن بائىس .

ماڭا فەزلى كەرەم ئەيلەپ دۇرى رەھمەتنى ئىبەرسەڭ ،
باشىم ياستۇقى غەفلەتدە ئىنايەت بىرلە كۆتەرسەڭ ،
يامانلاردىن مېنى ئايرىپ نىكۇكارلار سارى تەرسەڭ ،
مېنىڭدەك ئاسى قۇلغە ، ساقىيا ، بىر جۇرئە مەي بەرسەڭ ،
بولۇر مەنسۇر ھەللاجدەك مەجالىس داردىن بائىس .

كىشى چىن بولسە ئاشىق خاكپايىن كۆزگە سۇرتۇرلەر ،
يولىدا خەس ـ تىكەن بولسە ساقالۇ يۈزدە تۇرتۇرلەر ،
لىباسىغە قاراپ ئىشان ـ خۇجام دەر باتىنى كورلەر ،
ۋەلې تەلبە جۇنۇنۇمغە خەلايىق تەئنە ئايتۇرلەر ،
مېنىڭ سەۋدايى مەجنۇنۇم ئېرۇر دىلداردىن بائىس .

ئايا ئاسى يىراق بولما ھەممىشە ياخشى رەھبەردىن ،
قولۇڭغە كەلتۇرۇر بىر كۇن بەھاسىز دۇررۇ گەۋھەردىن ،
سېنى نۇر بىرلە تولدۇرغاي قىلىپ قەلبىڭنى جەۋھەردىن ،
ئايا ئامى زەئىف ، يىغلاپ ئۇمىدىڭ ئۇزمە دىلبەردىن ،
ئەگەر بولساڭ كېچە بىدار ئېرۇر دىداردىن بائىس .

* *

كىشىنىڭ بولسا ئىشقى ھەر زەمان دەردى ئۇنىڭ ئارتتى ،
فىراقۇ ھەجر ئوتىنىڭ شۇئلەسىن ھەرلەھزە ئۇلغارتتى ،
مۇھەببەت تونۇرىدا نان كەبى يۈزنى سارغارتتى ،
زىلەيخا يۇسۇفۇم دەپ يىغلابان كۆپ ئىشقلار تارتتى ،
يۇسۇف بولدى زىلەيخاغە يەنە ئىشق ئوتىدا ۋارىس .

ھەمە ئەھلى مۇھەببەتىنىڭ ھەمىشە باغرى سەدپارە ،
قاچىب ئالەم ئېلدىن تاغۇ چۆللەر ئىچرە بىچارە ،
دەۋام مەئشۇقىنىڭ زىكرى بىلەن قەلبى بولۇپ يارە ،
چۇ لەيلى ئىشتىياقى ئىچرە مەجنۇن بولدى ئەۋارە ،
يەنە فەرھاد ئىلە شىرىن بولارغە مۇددەئا ۋارىس .

يۈرەكىنىڭ داغىنى ئاشىق چۇ داغى لالەلەر قىلدى ،
كى ئىستەپ مەئشۇقىنى كۆز ياشىنى ژالەلەر قىلدى ،
بەيابانىنى كېزىپ چۆللەر ئىچىدە ۋالەلەر قىلدى ،
كى گۇلنىڭ ئىشقىدە بۇلبۇل سەھەردە نالەلەر قىلدى ،
كى ۋامىق بىرلە ئۇزرا ھەم ئىدى ئىشق ئوتىدا ۋارىس

ئەگەر سەن مەرد ئاشىقسەن مۇھەببەتغە سەبەب قىلغىل ،
مۇھەببەت ئەھلىنى كۆرسەڭ ئىزىنى بۇسە لەب قىلغىل
ئۇلارنىڭ خىزمەتىنى جانۇ دىلدىن روزى ـ شەب قىلغىل ،
ئەگەر سەن ئاقىلى بولساڭ بۇ ئىشق ئوتىن تەلەب قىلغىل ،
ئۇلارنىڭ خاكپايىن كۆزىڭە قىل توتىيا ۋارىس .

ئاياتالىب ، دىلىڭدە بولسە مەتلۇب ۋەسلىنىڭ شەۋقى ،
زىيادە ئەيلەگىل شامۇ سەھەردە زىكرىنىڭ زەۋقى ،
ىراق تۇتقىل باشىڭدىن بۇ رەبات غەفلەتلى ياستۇقى ،
ئايا ئامى زەئىف ، گەر سەندە بولسا زەررەچە ئىشقى ،
ئۆزۈڭگە بىل غەنىمەت ئىشق ئوتى دەردگە دەۋا ۋارىس .

* *

يېتەرمەن دەپ ۋىسالىڭغە كىشىكىم بولسا جويانە ،
ئىچىپ جامى مۇھەببەتتىن ئۆزىنى قىلسا مەستانە ،
يولۇڭدا جان فىدا ئەيلەپ كۆزىنىڭ ياشى دۇردانە ،
سېنى ئىزلەپ ئەگەر بولسا كىشى كويۇڭدا دىۋانە ،
غەرىب قىلغىل بۇ مەجنۇنىيۇ قىلما غەيرىگە مۇھتاج .

بەلالار تاشلارى ياغسە باشىغە بولسا بول قايىل ،
قەزاغە رازى سەبر ئەتسە بەلاغە بولماسا زايىل ،
مۇشەققەت رەنجۇ مېھنەتتىن جانىنى ئالسا ئەزرائىل ،
سېنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدا كى جانىنى بەرسە ئول سائىل ،

جەمالىڭنى نەسىب قىلغىلۇ قىلما غەيرىگە مۇھتاج .

سېنىڭ شەۋقىڭ ئوتى ئۆرتەپ كۆيەر بۇ ئوستىخان تىرناق ،
خەلايىقلار مەلامەتتىن ساچار باشىم ئۆزە تۇفراق ،
ئەزەل كۈنتە يازىلمىش ئىشق ئېلىنىڭ يۈزى سارغارماق ،
ئۆزۈڭ مەئشۇق ، مەن ئاشىق ، سېنى كۆرمەككە مەن مۇشتاق ،
ۋىسالىڭنى تەلەب قىلدىمۇ قىلما غەيرىگە مۇھتاج .

ئەزەلدە تالئىم شۇمىمۇ ، دىلىمدە غەيرىدىن زەنگدۇر ،
ئېرۇر سەن سەن ئۆزۈڭ غەمخار كەرەملىك رەھمەتىڭ كەڭدۇر ،
نە قىلسام سەندە قۇدرەت بار ئۆزۈڭنىڭ خاھىش ئەركىڭدۇر ،
مېنىڭ ئەسلىم سىياھ سەڭدۇر رىيا قانى بىلە رەڭدۇر ،
كى ھەجرىڭدە بۇ ھال تەڭدۇرۇ قىلما غەيرىگە مۇھتاج .

ھەقىر ئاسى قۇلۇڭدۇرمەن كۆرەرمەنمۇ جەمالىڭنى ،
قىلۇرلەر ئارزۇ شەھلەر بۇ ھۆسنى با كەمالىڭنى ،
كىشى كۆرگەن ئەمەستۇر ھېچ قاچان ھەرگىز ۋىسالىڭنى ،
فەقىر ئامى زەئىف ئاسى تەلەب قىلدىم ۋىسالىڭنى ،
كى دىيدارىڭ نەسىب قىلغىلۇ قىلما غەيرىگە مۇھتاج .

* *

ئايا رەھبەر ، يولۇڭغا سال مېنى ، سالما جەفانى ھېچ ،
كىشىگە قىلغانى يوقتۇر بۇ زال غەددار ۋەفانى ھېچ ،
جەفاسى كۆپ ئېرۇر ئەمما ۋەفا قىلماس بۇ فانى ھېچ ،
ئايا دىلبەر ، بۇ دەردىمغە تاپالمادىم دەۋانى ھېچ ،
كى بىمارۇ زەئىف بولدۇم ، تاپالمادىم تەۋانى ھېچ .

خەيالى ئۆزگە بولغاچ ماڭا ئۆزگە كويى كەلتۇردى ،
مېنى تاشلاپ نەزەر قىلماي بۆلەككە رويى كەلتۇردى ،
ھەمە ئاشىقلەرىغە رەھم ئېتىپ خۇش خۇيى كەلتۇردى ،
سەھەر ۋەقتى شەمالى زۇلفىڭىزدىن بۇيى كەلتۇردى ،
مۇئەتتەر بولدى ئالەم بولمادى ماڭا نىشانى ھېچ .

ئەجەب قالدىم بىزا ئەتىسىز قولۇمدا قالمادى رەختىم ،
ئەمەل قىلماقىغە پول تاپماسقە بەرزەخ بولدى دىل سەختىم ،
قىرىلىق كەلدى قىستاپ ، كەتتى ياشلىق ، كەتتى ئۇز ۋەقتىم ،

چۇ دەر گاھىڭدا ئاسمەن ۋەيا قارامدۇر بەختىم،
ۋە ياكى تالئىم چەپمۇ بىلەلمەي بۇ بەلانى ھېچ

ھەرامۇ شۇبھەنى ئىزلەپ ھەلال ئەمۋالىمە قاتتىم،
غەرىب، ئاجىز، يەتىملەرنى ھەممىشە زار يىغلاتتىم،
ئالىپ پۇل ــ مالىنى ناھەق، خەلايىقلارنى قاخشاتتىم،
سېنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدا بەسى غەم لايىغە پاتتىم،
ساڭا بىر ۋەسل بولماقغە تاپالمادىم زەمانى ھېچ.

سېنىڭ ھەجرىڭ ئوتىدا باغرىنى داغ ئەيلەدى لالە،
قىزىلگۇل ئىشقىدە بۇلبۇل چەمەندە ئەيلەدى نالە،
يۇرۇدى لەيلى دەپ مەجنۇن بەيابانىدا قىلىپ ۋالە،
سەھەردە نالەلەر ئەيلەپ كۆزۈمنىڭ ياشىنى ژالە،
كى دىيدارىڭنى كۆرمەككە تاپالمادىم مەكانى ھېچ.

سەفەرگە كارۋان يۇرسە قاراقچى توسماقىدۇر رەسم،
نۇقۇدىنى ئېلىپ تاراج قىلماقغە قىلۇرلەر ئەزم،
بىلۇرلەر كارۋانلار ۋەسلىغە يەتمەسلىكىنى جەزم،
سېنى ئىزلەپ يولۇڭ چىقسام مېنى قەسد ئەيلەگەيلەر خەسم،
بۇ دۇشمەندىن خەلاس قىل دەپ قىلالمادىم دۇئانى ھېچ.

* *

زاھىدا، گۇشەنىشىن بول، قىل تەلەب مەي بىر قەدەھ،
تەشنەلەرغە ھەمنىشىن بول سۇنسۇ دەپ مەي بىر قەدەھ،
بولۇبان ساقى ماڭا سۇن، تاتسۇ دەپ مەي بىر قەدەھ،
ساقىيا دەۋر ئەيلەبان بەرگىل ماڭا مەي بىر قەدەھ،
يۇز تۇمەن ناز ئەيلەبان بەرگىل ماڭا مەي بىر قەدەھ.

مەي ئىچەرگە لايىق ئولماس كەچمەگۇنچە جانىدىن،
تاپماسا ۋەھدەت مەيىنىڭ جامىنى دۇر كانىدىن،
قاتماغۇنچە باقى قىللاھغە ئۆزىنى فانىدىن،
ھېچ زەمان مەھجور ئەمەس مەي يارىنىڭ مەيخانىدىن،
ئاقىلى بولساڭ تىلەگىل ياردىن مەي بىر قەدەھ.

ناگەھان مەيخانە ئىچرە كىرسە ئىشقى جۇش ئېتىپ،
يارىنىڭ ئەكسىنى مەيدە كۆرسە كۆڭلىن خۇش ئېتىپ،

رەقس ئورۇپ قىلسا سەمائىنى ئۆزىنى مەدھۇش ئېتىپ ،
هەر كىشى قەترە سۇمۇرسە ئۇشبۇ مەيدىن نۇش ئېتىپ ،
جامى جەمشىددەك بولۇر ، ئالدىدا ئالەم بىر قەدەھ .

ئەي ھەقىر ئاسى ، ئۆزۈڭنى پەست توتقىلۇ ئېگىل ،
ھەم ئەزەلدە قىسمەت ئولغان رىزقۇ روزىڭنى يېگىل ،
سەرنەۋشت قەلەم يازىلمىش رازى بول، شۇكرى دېگىل ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، سەن ياردىن مەي تىلەگىل ،
ناگاھان رەھىم ئەيلەبان بەرگەي ساڭا مەي بىر قەدەھ .

* *

رەۋاق ئۇستىدە خوبلار تىزغان ئالما ئوخشا فىلئەلۋاھ ،
تۇرۇر ھۇسنۇ جەمالىڭ تەخت ئۆزە مەغزى قىزىل تۇففاھ ،
خۇن ئالۇدە يۈرەكىم نەشتەرىن ئۇرغان كەبى جەرراھ ،
مېنىڭدەك ئامى قۇلنىڭ قەلبىنى گەشت ئەيلە ، يا فەتتاھ ،
ئەگەر سەن فەتھ قىلساڭ ھاجەت ئېرمەستۇر ئاڭا مىفتاھ .

مۇھەببەتلىك كىشىنىڭ چېھرەسى گۇلفام يەڭلىغدۇر ،
تاپىپ ۋەھدەت مەيدىن قول سۇنۇپ ئاشام يەڭلىغدۇر ،
شەبى قەدرى بىلىپ ھەر كېچەنى ئەييام يەڭلىغدۇر ،
مېنىڭدەك ئاسىغە دائىم بۇ ئالەم شام يەڭلىغدۇر ،
بۇ شام ۋەقتىنى تەبدىل ئەيلەبان قىلغىل ماڭا ئىسباھ .

ئايا تامىئ، تەمەئ بىرلەن نىياز ئىزلەپ مۇرىد ئالدىڭ ،
بىرىپ ئېرشاد تەزۋىر زەنجىرىنى بوينىغە سالدىڭ ،
دىلىڭدە فىكرۇ دۇنيا شەيخلىقنىڭ كۇسىنى چالدىڭ ،
ئايا ئامى زەئىف ، زۇلمەت ئىچىندە زەڭ ئولۇپ قالدىڭ ،
كى ئىسباھدا قىيام ئەيلەپ مۇھەييا ئەيلەگىل مىسباھ .

* *

ھېچ مەھەلدە قىلمادىم بىر ياخشىلىق ئىشنى سەرىھ
ھەرنە ئىش قىلسام رىيالىغ بولدى ، بولماسدىن سەھىھ ،
ھەر كىشى ماڭا يولۇقسا كۆڭلىنى قىلدىم جەرىھ ،
ھېچ ئەمەلدە بولماغاي دۇنيادا مەن يەڭلىغ قەبىھ ،

ھەرنە سۆز قىلسام ئانىڭدا بولماغاي زەررە مەلىھ،

ناگەھان ئالساڭ مۇھەببەت جامىدىن بىر زەررە بۇي،
ئۇچراسە ئەھلى مۇھەببەت قىل ئۇلارغە ياخشى خۇي،
زار يىغلاپ ھەر سەھەر ئاستانەغە باشىڭنى قوي،
ھەر جامالىنى نەسىب قىلسا ماڭا ئول ماھروي،
بىر نەزەر قىلساڭ ئاڭا باتىن كۆزۈڭ بولغاي سەرىھ.

ئەي ھەقىر ئاسى، بىلۇرسەن ئىشلارىڭ رەسۋا تۇرۇر،
بىئەمەل يۇرۇپ تەھى دەست شەيخلىق دەئۋا تۇرۇر،
خانىقاھ ئىچرە رىيا ھۇ ـ ھۇ دەبان غەۋغا تۇرۇر،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، باتىن كۆزۈڭ ئەئما تۇرۇر،
قالماغىل بۇ يولدا يىغلاپ، تىلەگىل ھەقدىن سەبىھ.

* *

كېزىپ سەھرايى ـ سەھرايى ھەيا شەيخ،
ھەمىشە نەفس ئىشىغە موبتەلا شەيخ،
دېگەي جاھىل ئاۋامغە « مەرھەبا » شەيخ،
بولۇپ پەيدا بۇ ئان بىر خۇدنەما شەيخ،
تىلىدا زىكرى ئايتۇر، دىل رىيا شەيخ.

مۇھەببەت ئەھلىغە ھەرگىز قاتىلماس،
تەرىقەت ئەھلىنىڭ فېئلىنى قىلماس،
رىيا تەلقىن ئوقۇب ئاغزى باسىلماس،
فەقىر دەرۋىشنى كۆرسە كۆزگە ئىلماس،
بولۇپ جاھىل غەنىغە ئاشنا شەيخ.

بەسى رەۋشەن تۇتار كۆپ زۇلەمانى،
ئۆزىگە رام قىلىپ توپ جۇھەلانى،
خەلىفە ئات قويۇپ ئەھلى ھەۋانى،
بەسى دۇشمەن تۇتار خۇپ ئۇلەمانى
يېقىن بىلگىل ئېرۇر ئەھلى ھەۋا شەيخ.

ھەرام مەنئى قىلىقنى ئەجرىم ئەيلەپ،
بۇ دۇنيالىق ئىشنى سەرجەم ئەيلەپ،
سۇفىلىقنىڭ يولىنى بەرھەم ئەيلەپ،
غەنى فاسىقنى كۆرسە تەئزىم ئەيلەپ،
ھەرام مالىنى ئالىپ قىلۇر دۇئا شەيخ.

مۇھەببەت ئەھلى كەلسە يۈز ئۆگۈرگەي،
زەھەرلىك نەشتەرىن ھەردەم تۈگۈرگەي،
زىيافەتخانەدىن تاشقارى سۈرگەي،
تېخى سائىل كەبى سەھرادا يۈرگەي،
فەقىرنى تونۇماس يۈزى قارا شەيخ.

قىلىپ ئادەت ئۆزىگە جۇرم پىشە،
ئۇرۇپ تەقۋا دەرەختى شاخىغە تىشە،
يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن ھەر يازۇقىشە،
غەنى مۇرىدىنى ئىستەر ھەمىشە،
تەمەئ ئەيلەپ نىياز نەفسى بەلا شەيخ.

ئاڭا ھەمراھ ئېرۇر دىۋ بىرلە شەيتان،
قىلور كۆز ياشىنى خەلق ئىچرە سەيلان،
بۇ قىلغان شەيخلىق دەئۋاسى يالغان،
قويۇپ سەھرا ئۆزە خەلىفە ئەئۋان،
دەلالەت نەزر قىلماقغە گەدا شەيخ.

زەنۇ فەرزەندىغە رىغبەت قىلىبان ،
غەنىلەرغە دەۋام ئىززەت قىلىبان ،
مۇھەببەت ئەھلىدىن نەفرەت قىلىبان ،
سۇفى جاھىل بىلەن سۇھبەت قىلىبان ،
قىلۇر ئوتراسىدا رەقسۇ سەما شەيخ .

شەرىئەتنىڭ يولىغە قىل ئىنائەت ،
تەرىقەتنىڭ يولىدا قىل رىيازەت ،
ھەقىقەت مەئرىفەتنى قىل ئىجابەت ،
ئەگەر سەن شەيخ بولساڭ قىل قەنائەت ،
بارىپ بىر گۇشەدە قىلغىل دۇئا شەيخ .

كېچە ـ سەھەر تەرەفتە بولسا قايىم ،
بىلىپ ماھى شەرەفدە بولسا سايىم ،
دېسە ئەھلى سۇلۇكنى : ئاشنا ئىم ،
كىشى خالىس ئىبادەت قىلسا دائىم ،
بولۇر ئول ئادەمى ھەم بىريا شەيخ .

ھەمىشە ئىشق ئوتىدىن سەن قۇتۇلما ،
ھاۋاۋۇ نەفس دامىغە تۇتۇلما ،
ۋەلىكىن نامۇراد بولغىلۇ تولما ،
ئايا ئامى زەئىف ، سەن شەيخ بولما ،
ئوقۇپ دەرسگاھدا بولغىل پارسا شەيخ .

* *

يۈرەك باغرىمنى ئۆرتەپ ئىشقىڭ ئوتى ئەيلەدى مەتبۇخ ،
نېتەيكىم ئەقلۇ ھۇشۇم قالمادى ، زېھنىم بولۇپ مەنسۇخ ،
چەمەندە نالە قىلسام ھالىمە ھېچ باقمادى گۇلرۇخ ،
ئەجەب مەن تۇلنى ھەيران ئەيلەدى ئول ماھتابان رۇخ ،
نەزەر قىلماي ماڭا بىر قىلدى دائىم ئۆزگەگە دىل شوخ .

چەمەنلەر ئىچرە كۆردۇم ھەر بەھاردا بىر ئەجەب گۇلنى ،
چۇ گۇلنىڭ ئىشقىدا زار ئەيلەبان سايراتتى بۇلبۇلنى ،
لەبى غۇنچە مەسەللىك ئاغزىغە ئەيلەڭ مىسال نۆلنى ،
زېھى دەرماندا قىلدى ھەجر ئوتى مەندەك غەرىپ قۇلنى ،
كى يۈزمىڭ ناز بىرلە يۈز ئۆگۈردى نازەنىن گۇلرۇخ .

جەمالىن ئەلگە كۆرسەتكەچ يول ئۈستىدىن گۈزەر قىلسە ،
ھەمە ئاشىقلىرىنىڭ باغرىنى خۇنى جىگەر قىلسە ،
ياپىپ ئاي يۈزىنى كاكۇللارى بەدرى قەمەر قىلسە ،
يۈزىدىن پەردەنى گەر رەفئ ئېتىپ ماڭا نەزەر قىلسە ،
بولۇپ بىھۇش قالۇرمەن ئەزجەلىلۇ ھۇسنى ئان گۇلرۇخ .

چۇ باغرىم داغلارىنى ھەمچۇ داغۇ لالەلەر قىلسام ،
كۆزۈمنىڭ ياشلارىنى ھەر سەھەردە ژالەلەر قىلسام ،
بولۇپ مەجنۇن كەبى چۆللەر ئىچىندە ۋالەلەر قىلسام ،

سەھەر بۇلبۇل كەبى سايراپ چەمەندە نالەلەر قىلسام ،
بۇ فەريادۇ فىغانىمغە ھەنۇز رەھم ئەتمەدى گۇلرۇخ .

ئايا ئامى ، خەتالىق ئىشلارىم يادىمغە كەلتۇرگىل ،
قىلىپ تەۋبە نەدامەت بۇ يامان نەفسىمنى ئۆلتۇرگىل ،
ئۇمىد ئۇزمە ۋەلى خەۋفۇ رىجا ئوتراسىدا تورغىل ،
ئايا ئامى زەئىف ، بولبۇل كەبى نالان قىلىپ يۇرگىل ،
ساڭا شايەدكى رەھم ئەيلەپ نەزەر قىلغاي ئۇشۇل گۇلرۇخ .

* *

قاچان بولغاي ۋىسالىڭ ، خەستە كۆڭلۇم غەم بىلەن ناشاد ،
سەھەرلەر نالە ئەيلەپ ھەر كېچە ھالىمنى قىلدىم داد ،
بەناگاھ رەھم ئېتەرمۇ ساچى سۇنبۇل قەدى شەمشاد ،
كېچە ـ كۇندۇز سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدا ئەيلەدىم فەرياد ،
ھەمە ئىسيان ئىلە ئەخلاقى بەددىن قىل مېنى ئازاد .

ئىشتۇر جۇملە جانلار ھەر زەمان قىلغان فىغانىمنى ،
قۇرۇتۇپ قىلدى قاخشال ھەجر ئوتى بۇ ئوستىخانىمنى ،
ئەجەب مەجرۇھلار قىلدى بۇ جىسمى ناتەۋانىمنى ،
زىھى ھۇسنۇڭ سېنىڭ كۆپ ئۆرتەدى بۇ خەستە جانىمنى .
تەئەججۇب ئەيلەبان ھۇسنۇڭغە قىلغايلار ھەمە فەرياد .

ئانىڭ لەئلى لەبىنىڭ ھەجر ئوتى باغرىمنى قىلدى خۇن ،
ۋە لېكىن ئاي يۇزىدە خالۇخەت قىلدى مېنى مەجنۇن ،
تېگىپ ناۋەك ئوقى مېھراب قاشى قەددىمنى قىلدى نۇن ،
كىشى گەر بولسا ئاشىق ئەيلەسۇن كۆز ياشىنى جەيھۇن ،
ئۇشۇل تاش لەئل ئاتاندى كۆز ياشىن قان ئاقىزىپ فەرھاد .

يېتەرمەنمۇ ۋىسالىڭغە بۇ نەفسىمنىڭ كۆزىن ئويسام ،
مەيۇ جامۇ مۇھەببەت بادەسىدىن نۇش ئېتىپ تويسام ،
رىيازەت خەنجەرىدە نەفس ئىلە شەيتاننى ھەم سويسام ،
سېنى تاپماق ئۇچۇن ئىزلەپ يولۇڭغە مەن قەدەم قويسام ،
يولۇمغە دام قويۇپتۇر نەفسۇ شەيتان بۇ ئىكى سەيياد .

سىنىڭ ئىشقىڭ ئوتى تۇشكەن كىشىنىڭ كۆڭلى نالاندۇر ،
سۆزى شىرىن ، ئۆزى مۇڭلۇغ ھەمىشە كۆزى گىريانذۇر ،
ۋە لىكىن دىلبەرىنىڭ زىكرى بىرلە باغرى بىريانذۇر ،
سىنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدا مىنىڭ كۆڭلۇم بەيابانذۇر ،
ۋىسالىڭ چەشمەدىن غەرقاب ئىتىپ كۆڭلۇمنى قىل ئاباد .

دىلىڭدە ھەر مۇرادىڭ ، ھەرنە مەقسەد بولسا ئەسرارىڭ ،
بىلۇر ئەلبەتتە زاھىردە كۆڭۈلدە ئويلىغان كارىڭ ،
ئۆزىڭدۇر غايىبۇ ھازىردا ياد ئەتسەڭ خەبەردارىڭ ،
ئۆزى ۋەئدە قىلىپتۇر « مىنى ياد ئەت مەن سىنىڭ يارىڭ » ،
ۋەفا ئەلبەتتە قىلغاي ۋەئدىغە ، ھەر لەھزە قىلساڭ ياد .

ئۆزۈڭنىڭ ۋەسلىغە يەتكۇر ، ۋەلي ھىجران فىراق ئەتمە ،
ئۆزۈڭنىڭ ئىشق ئوتىن سالغىل ، بۆلەككە ئىشتىياق ئەتمە ،
بەسى ئىشقىڭدا كۆيدۇر گىل ، تامۇغدا ئىھتىراق ئەتمە ،
فەقىر ئامى زەئىفنى رەھمەتىڭدىن سەن يىراق ئەتمە ،
جەمئى ياخشى ئەئمالىن قەبۇل قىل ، قىلماغىل بەرباد .

*　　*

كۆڭۈلدە ھەر مۇددەئا دىلدار كەبى ئىرمەس لەزىز ،
ھاسىل ئولسا مەقسەدى دىدار كەبى ئىرمەس لەزىز ،
ئۆزگە تەقۋا كىچەدە بىدار كەبى ئىرمەس لەزىز ،
ھىچ نىمە كەۋنەيىن ئىچرە يار كەبى ئىرمەس لەزىز ،
لىك ئانىڭ لەئلى لەبىدەك ھىچ لەبى ئىرمەس لەزىز .

ھەجر دەشتىدە يۈرۈپمەن ھىچ ئىشىم تاپماي رىۋاج ،
قايدا بارغۇم قايدا كەلگۈم ، ۋەسل ئولۇرغە يوق ئىلاج ،
ئۆرغان ئاھىمدىن يۈزۈمگە يۈردى ھەردەم دۇدى كاج ،
مىسرنىڭ قەندى ئانىڭ لەبىغە بەردىكىم خىراج
گۈلدەك ئاغزىنىڭ سۆيىدەك ھىچ سۆيى ئىرمەس لەزىز .

ئۇدۇ ئەنبەر ، ئەترۇ زەئفەرلەرنى تەۋسىف ئەيلەمە ،
يارىنىڭ ۋەسلىنى قىلغىل ، ئۆزگە تەسنىف ئەيلەمە ،
ئىشق ئوتىنى كۆرمە ئاسان بەلكى تەخفىف ئەيلەمە ،
سەن تاتار بىرلە خوتەن مۇشكىنى تەئرىف ئەيلەمە ،

يارنىڭ زۇلفى بۇيىدەك ھېچ بۇيى ئېرمەس لەزىز .

كۆڭلى ئىچرە ئىشقى يوقلار ئۇرسە تەپسە يىغلاماس ،
نام دىلبەر زىكرىنى تەلقىن قىلسە ئاڭلاماس ،
كىم مۇھەببەت ئەھلىدۇر غەفلەتلى جايىدا ئۇخلاماس ،
ئۆزگەدىن شۇنى سۇخەن قىلسە قۇلاقىڭ تىڭلاماس ،
يارنىڭ قىلغان سۆزىدەك ھېچ سۆزى ئېرمەس لەزىز .

لەيلەتۇل ـ قەدرى بىلىپ ئىگراپ يۇرۇسەم ھەر شەبى ،
يوق ئەجەب تاپسام كۆڭۈلدە ھەر مەرام ھەر مەتلەبى ،
ئادەتۇللاھ بارئىمىش ھەر كارىنىڭ بىر سەبەبى ،
ھەر بەلا كۇلفەت باشىڭغە ياغسا يامغۇرلار كەبى ،
يارغە ئەرز ئەيلەگەندىن ئۆزگەسى ئېرمەس لەزىز .

تاشلاما ھەرگىز كۆڭۈلدىن دىلبەرىڭ فىكرىنى سەن ،
لەھزە غافىلسەن دىلىڭغە سانجىلۇر ئوغرى تىكەن ،
ھەر نەفەستە ئايغاسەن نىئمەتلەرىن شۇكرىنى سەن ،
ھېچ زەمان قىلما فەرامۇش يارنىڭ زىكرىنى سەن ،
يارنى ياد ئەيلەگەندىن ئۆزگەسى ئېرمەس لەزىز ،

ئەي ھەقىر ئامى ، دىلىڭدە ھەر زەمان فىكر ئەيلەگىل ،
زاھىرۇ باتىن بېرىپدۇر نىئمەتىن شۇكر ئەيلەگىل ،
سەن ئۆزۈڭنى جامى ۋەھدەت نۇش ئېتىپ شۇكر ئەيلەگىل ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، يارىڭنى سەن زىكر ئەيلەگىل ،
يارنىڭ زىكرى لەزىزدۇر ، ئۆزگەسى ئېرمەس لەزىز .

* *

تېگىپ تىيرى خەدەڭگىڭ جىسمى ئۇريانىمغەدۇر نافەر ،
قىلىپ چۇن مۇرغى بىسمىل قەتىل ئېتىپ قانىمغەدۇر نافەز ،
بولۇپ ئاغۇشتە تۇفراق بىرلە ۋەيرانىمغەدۇر نافەز ،
سېنىڭ لەئلى لەبىڭنىڭ ھەجر ئوتى جانىمغەدۇر نافەز ،
تىغى جاندىن ئۆتتۇپ ، زىرىھ ئولۇپ فانىمغەدۇر نافەز .

ۋىسالىڭغە يېتەرمەنمۇ رىيازەتتىن بىلىم بۇكسەم ،
ھەۋا بىرلە ھەۋەسنى نەفس سەگنى زەرب ئېتىپ سۆكسەم ،
تەكەببۇر ماۋۇمەنلىك خولقىدىن نەفرەت قىلىپ بۇكسەم .

ئەگەر شامۇ سەھەر ئىشقىڭدا مەن كۆز ياشىمە تۆكسەم ،
كۆزۈمدىن سەل قىلىنغان ئەشكلەر قانىمغەدۇر نافەز .

ئۆزۈك سۆيگەن قولۇڭنى ياخشىلار قاتارىغا قاتتىك ،
سالىپ ئىشقىڭ ئوتىنى ھەجرىنىڭ بازارىغە ساتتىڭ ،
بېرىپ ھىممەت ئەساسىن رەنج ئىلە مېھنەتغە پايلاتتىڭ ،
ماڭا رەھم ئەيلەبان رەنجۇر تەنىمغە تىپرلەر ئاتتىڭ ،
بۇ جۇملە ئوقلارىڭ بۇ جىسمى ئۇريانىمغەدۇر نافەز .

كۆڭۈلگە جارى قىلدىم ھەرزەمان فىكرۇ خەيالىڭنى ،
مۇيەسسەر بولسە كۆرسەم ئېردى ھۇسنى با كەمالىڭنى ،
ياپپىدۇر ئاي يۈزۈڭنى كاكۇلۇڭ كۆرسەم ھىلالىڭنى ،
جەمالىڭنى ھەمىشە ياد ئېتەرمەن ھەم ۋىسالىڭنى ،
كى دىيدارىڭ تەلەب قىلسام بۇ ھىجرانىمغەدۇر نافەز.

*　　　*

ئايا سەرۋەر ، رەھا دەپ يازمادىڭ بىر دەفئەئى كاغەز ،
ئەجەب دەرماندە قالدىم بەرمەدىڭ بىر نەفئەئى كاغەز ،
مېنىڭدىن ئۆزگەگە يازدىڭ بەرائەت سەفھەئى كاغەز ،
ئايا دىلبەر ، تىلىڭدىن بەرمەدىڭ بىر رۇقئەئى كاغەز ،
مېنى بىر نامە بىرلە ياد ئېتىپ ھېچ بەرمەدىڭ كاغەز .

ۋەلې نامە يازارغە مەن ئۈچۈن قىلماس قەبۇل خامە ،
يۈرەك باغرىم بولۇپ پارە قەلەم ئاندىن خۇن ئاشامە ،
قەلەم ئايتۇر ، دىلىم چاك سەرنىگۇن مەن سۇبھى ھەرشامە ،
ۋەلې روزى جەزادا ئىلىنگۈڭ ھەركىمگە بىرنامە ،
قولۇڭنى قىلماغىل رەسۋا سىياھى قىلماغىل كاغەز

فىراقىڭ ئوتى ئۆرتەپ مەن غەرىبنى قىلدى سەرگەردان ،
تاپالماي ئاڭا دەرماننى يۈرۈپ مەجنۇن كەبى ھەيران ،
ئىلاجىنى تاپارمەنمۇ بۇ جاننى ئەيلەسەم قۇربان ،
كى مۇندا سەندىن ھەجر ئولدۇم كى ئاندا قىلماغىل ھىجران ،
مېنىڭ نامەم سىياھ قىلمە ، مۇنەۋۋەر ئەيلەگىل كاغەز .

* *

زىهى شەۋقىڭ ئوتى دىۋانە قىلدى ، ئەي پەرى پەيكەر ،
يۈرەك باغرىمنى ئۆرتەپ ئوستىخانىمنى قىلىپ ئەخكەر ،
ھەمە ساھىب جەماللار ساڭا مۇھتاجدۇر ، ئۆزۈڭ سەرۋەر ،
جەمالىڭدىن قىراق ئولغاچ كى ھەيران بولدۇم ، ئەي دىلبەر ،
ساڭا بىر ۋەسل قىلماقغە تاپالمادىمكى خوپ رەھبەر .

ۋىسالىڭغە يېتەرمەن دەپ فەراغەت تاپمادىم بىردەم ،
بولۇپ كۈندۈزدە بىئارام كېچەلەر ئويقۇسىز ھەردەم ،
ھەمە بىغەم بولۇرلار ئاھكىم كۆڭلۈمدە يۈزمىڭ غەم ،
سېنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدا كى تاقەت قالمايىن يەكدەم ،
جۇنۇن سائىل بولۇپ يۈردۇم مەزارۇ خانىقاھ لەنگەر .

رىيازەت نەشتەرىدە نەفسى سەگىنىڭ كۆزىنى ئويسام ،
مەزەللەت خەنجەرىدە نەفس بەدنى بىر يولى سويسام ،
قىلىپ ھاسىل مۇھەببەت جامىدىن نۇش ئەيلەبان تويسام ،
سېنى ئىزلەپ ، خەيال ئەيلەپ يولۇڭغە بىر قەدەم قويسام ،
كۆزۈمگە قۇم قۇيۇپدۇر نەفسۇ شەيتان مىسلى رىھ سەرسەر .

سالىپ بوينۇمغە زەنجىر دام تەزۋىرى بىلەن غولنى ،
ئەسىرۋار كەزدۇرۇپ يۈردى ھەلاكەت دەشتىدە چۆلنى ،
قايان بارغۇم ، قايان كەتكۈم ئازىقنىم تاپمايىن يولنى ،
ئايا دىلبەر ، بۇ ئىككى دۇشمەنىمدىن ساقلا مەن قۇلنى ،
ئەگەر قەسد ئەيلەسە مەن ئاسىنى بەرگىل ماڭا شەمشەر .

فىراقىڭ دەردى ئىچرە سارغارىپ ھەردەم ئۇرارمەن ئاھ ،
قالىپ غوربەت ئىچىدە تاپمادىم ھىچ دەمدە بىر دىلخاھ ،
كۆرەرمەنمۇ جەمالىڭنىكى بولسام بىر سەگى دەرگاھ ،
كى سەندىن ئايرىلىپ ھۇسنۇ جەمالىڭ كۆرمەسەم ناگاھ ،
ھەلاك ئەتكۈم ئۆزۈمنى بۇ يۈرەكىمگە ئۇرۇپ خەنجەر .

ئايا ئاسى ، سېنى ئازغۇرسە شەيتان نەفس ۋەسۋاسى ،
قەبول قىلمە ئەگەرچە كۆڭلۈڭ ئىچرە تۈشسە ئىلقاسى
ئاتا بىرلەن ئانانى قىلدىمۇ مەغرۇر تەقازاسى ،
ئايا ئامى زەئىف ، سەن نەفس ئىلە شەيتانغە بول ئاسى ،

قايان ئەمر ئەتسە زىددىن ئەيلەبان كۆزىگە ئۇر نەشتەر .

* *

ئاي يۈزۈڭنىڭ شۇئلەسىدىن دىلدە زۇلمەت بولدى نۇر ،
بىقەرارمەن قاش ھىلالىڭ كۆڭلۈمە قىلدى خۇتۇر ،
ئىزلەسەم ئىگراپ يۈرۈپ گەر ۋەسلىڭ ئۈلغايمۇ ئۇتۇر ،
مەن سېنى تاپغۇمىكىن زىكرىڭنى ئايتسام ھەر سۇھۇر ،
دائىما ئەيلەپ رىيازەت سەجدە قىلسام با ھۇزۇر .

ھۇرمەتىڭدىن يۈز گۇناھ جىسمىمنى خۇش تەن ئەيلەگىل ،
كۆيدۈرۈپ ئىشقىڭ ئوتىدا جاننى تەفسەن ئەيلەگىل ،
شەۋق ئوتى بىرلە يۈرەكنى دەردكە مەخزەن ئەيلەگىل ،
رەھمەتىڭدىن بۇ سىياھ قەلبىمنى رەۋشەن ئەيلەگىل ،
ھەم ئۆلۈپ بارسام لەھەدگە ئەيلە قەبرىم ئىچرە نۇر .

ئەي ھەقىر ئاسى يۈرۈگىل دىلنى خەستە ئەيلەبان ،
باشىڭە تاش بىرلە ئۇرسا ساڭا جۇستە ئەيلەبان
كۆلۈبان باقغىل يۈزىگە ھەمچۇ پىستە ئەيلەبان ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، نەفسىڭ شىكەستە ئەيلەبان ،
كىمنى كۆرسەڭ ئىزىنى بوسە قىلىپتۇر ھەمچۇ مۇر .

* *

ئاڭا لايىق بولساڭىز شامۇ سەھەردە يىغلاڭىز ،
ئىگىسى يوق ئىت كەبى كېچە ئۇيۇماي ئىگراڭىز ،
يانىپ ئۆز فەزلىغە تائەتىغە مەغرۇر بولماڭىز ،
يارغە ئاشىق بولساڭىز ئول يارنى دائىم ئىستەڭىز ،
دائىما ھازىر تۇرۇر ھەر يەردە ئول يارى ئەزىز .

ئەي خەرىدار ، سودا قىلساڭ سودا قىلغىل رەستىدىن ،
ئۇلچە ئالۇ مۇۋەسىن ، قىلما تەمەئ جىنەستەدىن ،
ياخشى گۇلنى كۆر چەمەندە يوق ھۇزۇر گۇلدەستەدىن ،
گەر ئەزىزنىڭ مەئنەسىنى سورساڭىز مەن خەستەدىن ،
دەپدۇرۇر ئەھلى لۇغەت مەئنىدە كامىياب ، ئەي ئەزىز .

كۆرسەتىپ ھۇسنىنى ئەلگە سەرۋى رەفتار سالسا يول ،
قەددى شەمشاد ، زۇلفى سۇنبۇل ، بۇيى ئەنبەر ، يۈزى گۇل ،
ئاشىقى بىچارەلەر پەرۋانە يەڭلىغ ئۆگۈ سول ،
ناگەھان قىلسە تۇلۇئ نازۇ كەرەشمە بىرلە ئول ،
ھۇسن ئىچىدە مىسلى يوقدۇر لال بولادۇر ئەقلىڭىز .

ۋەسلىغە پەرۋاز ئېتىپ يەتسەم ماڭا بولسا جەناھ ،
زۇلف مۇشكىنى دىماغىم سارى يەتكۈرسە رەياھ ،
ئاي يۈزىنى كۆرسەتۈرنى ئەيلەسە ئەلگە مۇباھ ،
زۇلفىنىڭ تارىن پەرىشان ئەيلەسە بادى سەباھ ،
گەر ئانىڭ زۇلفى ساچىلسە شەمئ بولغاي كۆڭلىڭىز ،

ھۇسنىغە ئاشىقلارى شەيدا بولۇپ تۇرغۇچىدا ،
بولۇبان تاۋۇس كەبى تەخت ئۈزرە ئولتۇرغۇچىدا ،
ھەد بولۇرمۇ ھالىن ئايتىپ نۇكتە سۆز سورغۇچىدا،
گەز رەۋاق ئۆزرە تۇرۇپ قىلسا نەزەر كۆز ئۇچىدا ،
مەن ھۇشۇمدىن كېتىبان ئۆلسەمكى ھالىم سورماڭىز .

ھەر كىشىنىڭ مەتلەبىغە كۆڭلى ئىچرە راھدۇر ،
ئىشق ئوتىنىڭ سوزىشى دەرد بىرلە ئۇرغان ئاھدۇر ،
ئاشىقى بىچارەلەرنىڭ مەئشۇقى دىلخاھدۇر ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، يارىڭ پەرىزاد شاھدۇر ،
تاپماقىڭ مۇشكىلدۇرۇر بىلسەڭ خۇداغە يىغلاڭىز .

* *

كۆڭلىدىن غەم كەتكۈسىدۇر كىم ئىشتىسە ياخشى سۆز ،
بىمۇھەببەت ئادەمى بولسە پەرى كۆڭلۈگىنى ئۈز ،
دىلبەرىڭنىڭ ۋەسفىنى قىلماق ئۈچۈن زىھنىڭنى تۈز ،
كەلمەگەي دۇنياغا ھەرگىز سەن كەبى بىر قارا كۆز ،
ھۇسن ئىچىدە پادىشاھسەن ، زۇلفى سۇنبۇل قارا كۆز .

قاشلارىڭ ياسىنى رەڭگىن قىلدى ئوسما بىرلە نىل ،
ئاي يۈزۈگنى باستى زۇلفۇڭ بولدى كۆڭلۈڭ نەچچە خىل ،
ھەسرەتىڭدە قان يۇتارمەن بولمادىڭ مەندىن بىھىل ،
زۇلفىڭىزنىڭ ئالدىدا يەلدا كېچە بولغاي خىجىل ،

ھەم كۆزۈ زۇلفۇڭ كۆرۈپ بولغاي زەۋال ، ئەي قارا كۆز .

ھەر قاچان باردۇر غەرىبغە مىھر ئىلە لۇتفۇڭ سىنىڭ ،
يەككە ـ تەنھا بىمەكانسەن يوقتۇرۇر جۇفتۇڭ سىنىڭ ،
ئۇيقۇ ـ غەفلەت سەندە يوق يوقدۇر رەۋا خۇفتۇڭ سىنىڭ ،
ھىچ زەمان زايىل ئەمەستۇر كۆز ئىلە زۇلفۇڭ سىنىڭ ،
دۇ كۆزۈڭ كەۋنەينغەدۇر شەمئۇ چىراغ ، ئەي قارا كۆز .

ھەر زەمان قىلساڭ تەكەللۇم سۆزلەرىڭ گەۋھەرىدىن ،
ئۇدۇ ئەنبەر ، شەھدۇ شەككەر ساچىلۇر جەۋھەرىدىن ،
غۇنچە لەب ، ھۇسنۇ جەمالۇ گۇل يۈزۈڭ ئەھمەرىدىن ،
ناگەھان قىلساڭ تەبەسسۇم تىشلەرىڭنىڭ نۇرىدىن ،
ئايۇ كۈننىڭ نۇرلارى بولغاي خىجىل ، ئەي قارا كۆز .

ئەي ھەقىر ئاسى ، ئەجەب كارىڭنى تەسنىق ئەيلەدىڭ ،
سەن ئىبرۇرسەن بىر غەرىب ، يارىڭنى تەئرىق ئەيلەدىڭ ،
ياخشى ئىشنى كەم قىلىپ ، يامانىنى تەزئىق ئەيلەدىڭ ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىق ، يارىڭنى تەۋسىق ئەيلەدىڭ ،
گەر نەسىب قىلسە كۆرەرسەن ئول جەمالى قارا كۆز .

* *

جەھاندا تاپمادىم ئىستەپ ئىسەن بولغاننى بەرھەمسىز ،
جەراھەت دەردى بار دىلنىڭ سىھەت بولغاننى مەرھەمسىز ،
قىنى قايسى گىياھ قالدى سەھەر ۋەقتىدە شەبنەمسىز ،
فىغان ، دەردۇ ئەلەمدىن خەستە كۆڭلۈم بولمادى غەمسىز ،
كىشىنىڭ بولسا ئىشقى كۆزلەرى بولماس ئانىڭ نەمسىز ،

دىلىمنىڭ سەھنەسىغە تۈشتى ھىجران كارۋانى غەم ،
فەراغەت ئەيشۇ ئىشرەت بوستانىن ئۇرغالى بەرھەم ،
مىنى قەست ئەيلەدى بولسۇن دەبان گوياكى چۇن ئەدھەم ،
ئەگەر سەندىن جۇدا بولسامكى يوقتۇر ماڭا بىر ھەمدەم ،
مىنىڭدىن ئۆزگە ھىچكىم بولمادى دۇنيادە ھەمدەمسىز .

كەل ئەي ئازادە جوي ، سىررىنى نائەھلىغە بەرمەسدۇر ،
كۆڭۈل تەختىنى پاكلاپ يەر تۇتۇپ ھەريان ئىبەرمەسدۇر ،
ئۆزىنى پەست تۇتۇپ كىبرۇ ھەۋا كۆكسىن كۆتەرمەسدۇر ،

بىل ، ئەي فەرخۇندە خۇي ، دىلبەرنى تاپماق ئاسان ئېرمەسدۇر ،
ھەمە ئۇششاقلار تاپقان ئەمەسدۇر دەرد ئىلە غەمسىز .

يامان نەفسىم يولۇمدا بۆرى بولدى مەن ئۆزۈم بەررە ،
ھەلاك قىلماق ئۈچۈن توستى يولۇمنى بولدى دىۋ نەررە ،
مۇھەببەت دەشتىغە تۇشتۇم باشىمغە قويسمۇ ئەررە ،
كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئىشقى مۇھەببەت بولماسا زەررە ،
تېرەك يەڭلىغ سەمەرسىز مىسلى خەشخاش گەردەنى خەمسىز .

ئايا ئاشىق ، مۇھەببەت يولىدا جانىڭنى قىل قۇربان ،
مۇھەببەت ئەھلىدىن تۇتما دەرىغ ھېچ خەير ئىلە ئېھسان ،
ھەمىشە گىريە بىرلەن بول ئۆزۈڭنى ئەيلەمە خەندان ،
ئايا ئامى زەئىف ، ئىشقۇ فىراقنى كۆرمەگىل ئاسان ،
ئاڭا سەن ۋەسل بولماسسەن كۆزۈڭنى ئەيلەسەڭ نەمسىز .

* *

كىمكى ئاشىقدۇر دىلىنى ئۆزگەدىن شاد ئەيلەمەس ،
ئەررە قويسا باشىغە بىر زەررە فەرياد ئەيلەمەس ،
ئۆزىنى ئۆزگە تاشلاپ ئۆزگە بۇنىياد ئەيلەمەس ،
ئەھلى ئاشىق مەئشۇقىدىن ئۆزگەنى ياد ئەيلەمەس ،
دەردۇ غەم كەلسە باشىغە ئۆزگەگە داد ئەيلەمەس .

ھەجر ئوتىدا ئۆرتەنىپ ئۆزۈڭنى سوزان ئەيلەسەڭ ،
تاغۇ چۆللەرنى كېزىپ كۆزۈڭنى گىريان ئەيلەسەڭ ،
باغ ئارا بۇلبۇل كەبى باغرىڭنى بىريان ئەيلەسەڭ ،
سەن ئەگەر جانىدىن كېچىپ جانانغا قۇربان ئەيلەسەڭ ،
ۋەسل قىلغاي ئول سېنى ئۆزگەگە سەييات ئەيلەمەس .

* *

ئەي شەھى سەرۋەر كويۇڭغە ئۆزگە يوللار ئوخشاماس ،
ھەجرۇ دەشتىڭ بىر بەيابان ئۆزگە چۆللەر ئوخشاماس ،
فۇرقەتىڭ سەھراسىدا غۇل ئۆزگە غۇللار ئوخشاماس ،
ۋەھ ، زىھى غۇنچە كەبى ھۇسنۇڭغە گۇللار ئوخشاماس ،
ۋەھ يەنە لەئلى لەبىڭغە غۇنچە گۇللار ئوخشاماس ،

ھەرزەمان ئاشىقلارىڭغە مەجلىس ئەفرۇز ئەيلەسەڭ ،
مۇسقىيلىق لەئب ئىلە بارچەنى دىلسوز ئەيلەسەڭ ،
ھۇسنى ئىلە جەمالىڭە مۇشتاق شەب – رۇز ئەيلەسەڭ
ناگەھان نازۇ كەرەشمە بىرلە سەن سۆز ئەيلەسەڭ ،
بۇلئەجەب ئاۋازىڭە ئاۋازى بۇلبۇل ئوخشاماس .

يېڭى ئاي چىققان كەبى قاشىڭنى كۆرەيمۇ سېنىڭ ،
ئەرگەشىپ رەفتارىڭە ھەر لەھزە يۈرەيمۇ سېنىڭ ،
تەلمۈرۈپ جەمالىڭە دەرلەردە تۇرايمۇ سېنىڭ ،
قاشلارىڭ دەيمۇ سېنىڭ ، ناۋەكلەرىڭ دەيمۇ سېنىڭ ،
قۇللارىڭدۇر ئاج يەڭلىغ ئۆزگە قۇللار ئوخشاماس .

ياخشى سالىھ قۇللارىڭنى رەفىق ئەيلەپ قوش ماڭا ،
خىرقەئى پەشمىنەنى ھەر لەھزە قىل بەردۇش ماڭا
نامۇرادلىق شەربەتىنى ھەر زەمان قىل نۇش ماڭا ،
ئاي يۈزۈڭ خالۇ خەتىن ياد ئەيلەسەڭ يوق ھۇش ماڭا ،
باشىڭە گۈللار قىسىپسەن ئۆزگە گۈللار ئوخشاماس .

ئەي فەقىر ئاسى ، سەھەر ۋەقتىدە بۇلبۇل بولغاسەن ،
دىلبەرىڭنىڭ نۇرى گۈلدا ئاشىقى گۈل بولغاسەن ،
يادىدا سايراپ سەھەر ئىشق ئوتىدا كۆل بولغاسەن ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، دىلبەرغە سەن قول بولغاسەن ،
يولىدا بولساڭ جىلاۋدار ئۆزگە يوللار ئوخشاماس

*　　*

ئەي نىگەھبانىم جەفالار سالساڭ ئازارىم ئەمەس ،
خارۇ زار يوللاردا قويساڭ بۇ مېنىڭ خارىم ئەمەس ،
دەرد ئارا ئەۋۋارە قىلساڭ ئەسلى ئەۋۋارىم ئەمەس ،
ئەي شەھى شاھىم ، سېنىڭدىن ئۆزگەسى يارىم ئەمەش ،
سەندىن باشقا ھېچ كىشى دۇنيادا غەمخارىم ئەمەس .

قايدا بولسام سەن ئېرۇرسەن غەمگۇزارىم رەھبەرىم ،
ھەر ئىشمنى ساڭا تاپشۇردۇم ئېرۇرسەن سەرۋەرىم ،
ساڭا ئەئياندۇر نىھانۇ ئاشكارا ئىشلەرىم ،
غايىبۇ ھازىردا ياد ئەتسەم سېنى ، ئەي دىلبەرىم ،

سەن خەبەردارسەن ماڭا ، ئۆزگە خەبەردارىم ئەمەس .

ھېچ كىشىغە ھاجەتىڭ يوق ئەغنىيا زەردارسەن ،
ھەر خەتالىق يولىدىن ساقلارغە نىگاھدارسەن ،
ناتەۋان ئاجىز غەرىبغە رەھبەرۇ ھەم يارسەن ،
خاھى مۇندا خاھى ئاندا سەن ماڭا سەردارسەن
سەندىن ئۆزگە ھېچ كىشى ھېچ يەردە سەردارىم ئەمەس .

يولۇڭە ئەيلەي تەسەددۇق بۇ ئەزىز تەن بىرلە جان ،
مەن يەتىم ئاسى قۇلۇڭمەن سەن ئىرۇرسەن مىھرىبان ،
تاپمادىم ئىزلەپ كۆڭۈلنى قايدا بولغاندۇر رەۋان ،
خەستە كۆڭلۈمنى ئەگەر سەن ئىلتىسەڭ رەھم ئەيلەبان ،
سەن ئىرۇرسەن دىلبەرىم ئۆزگەسى دىلدارىم ئەمەس .

ئەي ھەقىر ئاسى بۇ سۆزنى جانو دىل سەمئ ئەيلەگىل ،
جۇرمدىن زۇلمەتدە قالغان دىل ئارا شەمئ ئەيلەگىل ،
ئەيلەبان ئاھۇ نەدامەت كۆزنى قان دەمئ ئەيلەگىل ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، كۆڭلۈڭنى سەن جەمئ ئەيلەگىل ،
كۆڭلىنى ھەريان ئىبەرمەك ياخشىلىق كارىم ئەمەس .

* *

مەھۋەشىم قاشىنى ئوسما بىرلە رەڭگىن ئەيلەمىش ،
يېڭى ئاي چىققان مەسەللىك خەتتى سەبزىن ئەيلەمىش ،
كۆزى بىر جەللاد قىلىچىغە ياشىل قىن ئەيلەمىش
ئەي سېنىڭ ھەجرىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمنى غەمكىن ئەيلەمىش ،
سۇرخگۇل يەڭلىغ چىرايىم كاھ رەڭگىن ئەيلەمىش .

زۇلفى سۇنبۇل يۈزى گۇل سەرۋى خىرامانىم مېنىڭ ،
كېچە زۇلمەتنى يارۇتغان ماھى تابانىم مېنىڭ ،
قەددى شەمشاد سەرۋى رەفتار شاھى خۇبانىم مېنىڭ
غەمزەگىزنى ياد قىلسام ئۆرتەنۇر جانىم مېنىڭ ،
ھەم جەمالىڭ كۆرمەگەچ كۆزۈمدە ئەشكىن ئەيلەمىش .

كىمكى بىمار شەھدۇ شەككەر بولماس ئاغزىدا لەزىز ،
ھەر كىشى ھەر مۇددەئاسى بولسا باغرىدا لەزىز ،
كۆرمەگەي دىيدار تەلەب جەننەتنى نەزدىدە لەزىز ،

يارنىڭ ئۇسمىنى ھەركىم بىلسە كۆڭلىدە لەزىز ،
زاھىرۇ باتىنىدە دائىم زىكرۇ تەلقىن ئەيلەمىش .

ئەيلەسەم ھەردەم تەسەددۇق كۆزلەرىمنىڭ گەۋھەرى ،
يۈزلەرىڭدە خالۇ خەتلەر بارچە نۇرنىڭ جەۋھەرى ،
يوقتۇرۇر ھەرگىز مىسالىڭ قايدا سەندەك دىلبەرى ،
گەر سېنى بىر كۆرسە ئېردى ئۇسمىنى جىنۇ پەرى ،
ئەقلى ھوشىدىن كېتىپ ھۇسنۇڭغە تەھسىن ئەيلەمىش .

ئەي فەقىر ئاسى ، تەرىقەت ئىچرە خوشە تەرگەسەن
ھەرقاچان تاپساڭ مۇھەببەت ئەھلىنى جان بەرگەسەن ،
خاكپايىن تۇتىيا ئەيلەپ كۆزۈڭگە سۈرگەسەن ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف يارىڭ ئۈچۈن جان بەرگەسەن ،
ئول ئۈچۈن ئۆلسەڭ تىرىك ۋەسلىنى تەكفىن ئەيلەمىش .

* *

غەرىبنىڭ كۆڭلى بەيتۇللاھ ، ئەزەل مۇنداغ بەنا قىلمىش ،
غەرىبنىڭ كۆڭلىنى ئالغا كىشىنى ھەق رەھا قىلمىش ،
ئۆزىگە قىلسا لايىق ئاشىقىنى بىنەۋا قىلمىش ،
ئايا ئاشىق ، ۋەفا قىل ۋەئىدەغە ئول ھەم ۋەفا قىلمىش ،
ئەگەر قىلسا ۋەفا ئاشىقغەكىم ئەۋۋەل جەفا قىلمىش .

سالىپ زىندانغە نەفسىنى رىيازەت بىرلە قىستايدۇر ،
ئاياغ ئاستىغە تاشلاپ پايمانلىق بىرلە دەسسەيدۇر ،
ۋە لېكىن مەئشۇقىنى ياد ئېتىپ دائىم گىرىستەيدۇر ،
كىشىكىم جانۇدىلدە ئول ۋەفادار يارنى ئىستەيدۇر ،
ۋەفا قىلماق ئۈچۈن ئول بەندەغە بوستان بىنا قىلمىش .

ئاگا لايىق بولاي دېسەڭ دەۋام تەنزىفى ھەلقىن قىل ،
دىلىڭدىن زالى دۇنيا شەۋقىنىڭ ھىرسىنى سالقىن قىل ،
شەياتىن خۇيىنى تاشلاپ ئۆزۈڭ نەفسىغە دەلقىن قىل ،
ئەگەر سەن ئىستەسەڭ تىنماي ئانىڭ زىكرىنى تەلقىن قىل ،
كىشى چىن بولسا ئاشىق جانىنى ئاگا فىدا قىلمىش .

ئانىڭ كويىدا ھەركىم ئۆزىنى قىلسا رىيازەتمەند ،
يولىدا ئىنتىزار ئەيلەپ ھەمىشە ئىستىقامەتمەند ،

دېگىل مۇندا كىشىنى ئەھلى تاجۇ ئەھلى دەۋلەتمەند ،
ئەزەلدە ھەر كىشىنى روھىم ئېتىپ قىلسا سەئادەتمەند ،
ئۆزى مەتلۇپ ئولۇپ تالىب قىلىپ يولدا گەدا قىلمىش .

ئانىڭ شەۋقىدە ھەردەم كېچە ـ كۈندۈز ئەيلەسەڭ گىريان ،
فىراقۇ ھەجر دەردىدىنكى باغرىڭ ئەيلەسەڭ بىريان ،
بەلا دەشتىدە قاخشالدەك تەننىڭنى ئەيلەسەڭ سوزان ،
ئانى تاپماق ئۈچۈن بۇ خەستە جانىڭ ئەيلەسەڭ قۇربان ،
ئۈمىددۇر ۋەسل ئېتەرگە دەردۇ غەمگە مۇبتەلا قىلمىش .

ئايا تالىب ، ئۆزۈڭنى نەفسى بەردىن ئەيلەگىل فەرھىز ،
جىھاد ئەيلەپ يامان نەفسىڭ بىلەن مەيدانىنى قىل خۇنرىز ،
كېرەك بولسا ۋىسالى ئەيلەگىل ئۆزۈڭنى سەھەر خىز
ئايا ئامى زەئىف ، يارنىڭ جەمالىن كۆرمەدىڭ ھەرگىز ،
تەلەب قىلساڭ كۆرەرسەن ھاجەتىڭنى ئول رەۋا قىلمىش .

* *

غەمۇ ھىجران ئوتى ئۆرتەپ نېتەيكىم بولدى سىررىم پاش ،
يۈرۈپ كويۇڭدا سەرگەردان ئۆزۈمنى ئەيلەدىم فەرراش ،
غەرىب بىچارە مەن ھەيران ماڭا كىم بولغۇسى يولداش ،
سېنىڭ دەردۇ فىراقىڭدا ھەلاكەتغە يېتەر بۇ باش ،
خۇدا ھەرگىز ياراتماس سەن كەبى بىر شوخ باغرى تاش .

ئەجەب بەختىم قارادۇركىم بىلەلمەيمەن بولۇرمۇ ئاق ،
جىگەر باغرىم كۆيەردائىم باشىم سەۋداسى بولماي ساق ،
خەلايىق تەئنە ئاتتۇرلار باشىم ئۆزرە ساچىپ تۇپراق ،
بۇ ھۇسن ئىلە جەمالىڭغە ھەمە شەھزادەلەر مۇشتاق ،
سېنى ھەركىم كۆرەي دېسە ئاقتسۇن كۆزىدىن قان ياش .

جۇنۇن سەھراسىدا يۈردۈم كۆڭۈلنى غەيرىدىن تىغلاپ ،
بەلا كۇلفەت ، مۇشەققەتنى ئۆزۈمگە تازە قاتتىغلاپ ،
كۆزۈمنىڭ ياشى قان بولدى فىراقىڭ دەردى سانجىغلاپ ،
كى شىرىن ئىشقىدا فەرھاد بەسى نالە قىلىپ يىغلاپ ،
ئۇشۇل تاش لەئل ئاتاندىكىم كۆزىدىن ئاقىزىپ قان ياش .

جەمالىڭ ئەلگە كۆرسەتكەچ يول ئۈستىدىن گۆزەر قىلساڭ ،

ساچى سۇنبۇل ، قەدى شەمشاد رەفتارلىق سەفەر قىلساڭ ،
كىيىپ گۇلگۇن قەباۋۇ ئەتلەسىدىن لاجىۋەر قىلساڭ ،
ئەگەر سەن رەھم ئەيلەپ مەن غەرىبغە بىر نەزەر قىلساڭ ،
سىنىڭ گەۋھەر كۆزۈڭغە دىلبەرىم تەسەددۇق ئۇلسۇن باش .

كۆڭۈلنى غەيرىدىن ئۈز دىلبەرىڭغە ئاشنا قىلغىل ،
كۆڭۈل تەختىنى پاك ئەيلەپ ئۆزۈڭنى پارسا قىلغىل ،
ئانى ھەرلەھزە ياد ئەت ئۆزگەنى دىلدىن جۇدا قىلغىل ،
ئايا ئامى زەئىف ، جانان ئۈچۈن جانىڭ فىدا قىلغىل ،
كى جاندىن كەچمەيىن ۋەسل ئولماغۇڭ ئول شوخ قۇندۇز قاش .

*　　　*

فەساھەتلەركى بار سۆزۈڭگە مەخسۇس ،
مەلاھەتلەركى بار ئۆزۈڭگە مەخسۇس ،
سەباھەتلەركى بار يۈزۈڭگە مەخسۇس ،
مىنىڭ دەردۇ غەمىم ئۆزۈڭگە مەخسۇس ،
ھەمە نۇرى خۇدا يۈزۈڭگە مەخسۇس .

ھەمە خۇبان ئۆزىنى تەۋسىق ئەتسە ،
ھەمە ھەر رەڭدە ھەر رەڭ تەسنىق ئەتسە ،
ۋەلى ھۇسنۇ جەمالىن تەزيىن ئەتسە ،
كىيىكلەر ھەم كۆزۈڭنى تەئرىف ئەتسە ،
كى دەپتۇر لەغۋى ھۇسن كۆزۈڭگە مەخسۇس .

كىشى شىرىن سۆز ئايتىپ قىلسە تەئرىف ،
فەساھەت ھەم بەلاغەت بىرلە تەسنىف ،
مەئانى بولسە كۆپ لەفزىدە تەخفىف ،
يەنە شەھتۇتى سۆزىن قىلسە تەۋسىف ،
بۇ ھەم بىھودە ، ھۇسن سۆزۈڭگە مەخسۇس .

ساچىڭنىڭ زۇلمەتى گوياكى شەبداج ،
فىراقىڭدا نەۋا ئەيلەدى دۇرراج ،
قايۇ ئىنساندا بار زۇلفىڭ كەبى ساچ ،
ھەمە ساجىبجەمال ھۇسنۇڭگە مۇھتاج ،
ھەمە ھۇسنۇ جەمال ئۆزۈڭگە مەخسۇس .

ھەمىشە ئەيلەگىل نەفسىڭ شىكەستە ،
كىشى تاش ئۇرسە باشىڭ ، ئەي خۇجەستە ،
كۆلۈپ باقغىل يۈزىگە ھەمچۇ پىستە ،
ئايا ئامى زەئىف ، دىلبەرنى ئىستە ،
ئانىڭ زىكرىن قىلىپ كۆڭلۈڭگە مەخسۇس .

*　　　*

مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئاستا نەسىغە باشىمە ئۇرسام ،
بارىپ پىرى مۇغانىنىڭ دەرگەھىغە تەلمۈرۈپ تۇرسام ،
كىرىپ مەيخانە ئىچرە كۇلبەئى ئەھزانىدە ئولتۇرسام ،
ئەگەر بىر ھادىنى تاپسام قولۇمنى ئاڭا تاپشۇرسام ،

ئانىڭ ھەلقىن ئۆزۈم ئۇرسام مېنى سەن قىلماغىل رەققاس .

ئېچىمنى ئۆرتەدى شامۇ سەھەردە دىلبەرىم يارى ،
غەرىبلەرنىڭ يېتەرمۇ ھەققە ئۇرغان ئاھۇ فەريادى ،
ئەجەب يوق دەردمەندنىڭ ھەققە يەتسە ئەيلەگەن دادى ،
مېنىڭدەك سەڭ سياھ دىلغە نەزەر قىلسە ئوشۇل ھادى ،
ئېرىپ كەتسەم ئۆزۈمدىنكىم گۇداز ئولغان كەبى رەسساس .

ئۇمىدىم كۆپ ئېرۇركىم ئۇرغان ئاھىم ئەيلەسە مەقبۇل ،
ئۆزىنىڭ فەزلى بىرلەن ھەر نەكارىم ئەيلەسە مەھسۇل ،
يامان نەفسىمنى مىھنەت تىغى بىرلەن ئەيلەسە مەقتۇل ،
ئوشۇل ھادى تۇتۇپ ئىلكىم ئەگەر قىلسە ساڭا مەۋسۇل ،
مېنى بەندە ئېتىپ ئۆز دەرگەھىڭدە ئەيلەگىل سەن خاس .

* *

ئىشق سەۋداسى تېگىپ قىلدى زەبانىمنى مەرەز ،
سۆزلەسەم ھېچكىمگە ياقماس قىلدى كامىمنى مەرەز ،
زاھىرىم ۋەيرىن قىلىپ ، قىلدى نىھانىمنى مەرەز ،
ھەجر ئوتى قىلدى مېنىڭ بۇ ئۇستىخانىمنى مەرەز ،
ئۇستىخانىمدىن ئۆتۈپ قىلدى بۇ جانىمنى مەرەز .

باشىغە مۇشكىل تۈشۈپ خەير ئىستە شافىئ بولغۇسى ،
رەنج ئىلە كۇلفەت بەلالار دەردى رافىئ بولغۇسى ،
خەيرۇ ئىھسان سەدقەدىن بەلايى دافىئ بولغۇسى ،
ھەر مەرەزغە بىر سەبەبدىن دارۇ نافىئ بولغۇسى ،
ماڭا قىلغان دارۇلار قىلدى تەۋانىمنى مەرەز .

ۋەسلىنى ئىزلەپ بەيابان كوھۇ چۆللەردە يۈرۈپ ،
ئىزىنى كۆرسەم كۆزۈمگە تۇتىيا ئەيلەپ سۈرۈپ ،
ئىسمىنى زىكر ئەتكۇچىلەر سۇھبەتىغە ئولگۇرۇپ ،
كېچەلەردە ئۇيقۇلاپ تۈشۈمدە دىلبەرنى كۆرۈپ ،
غەمزەسى قىلدى مېنىڭ رۇھى رەۋانىمنى مەرەز ،

پادىشاھى بىنەزىر ، بىچۇنۇ بىھەمتا ئېرۇر ،
بىمەلالۇ بىۋەزىرۇ بىمەكان يەكتا ئېرۇر ،
شەرىكى يوقتۇر ، يىگانە يەككەۋۇ تەنھا ئېرۇر ،
ئانى ئىزدەپ مەن تاپالماي قامەتىم دۇتا ئېرۇر ،
ئىشق ئوتىنىڭ داغى قىلدى نەۋجەۋانىمنى مەرەز .

خاتىرىمغە يەتكۈزۈرمەن ھەرزەمان خەيالىنى ،
كۆزلەرىم مەردۇمەكى دەپ ئاي يۈزىدە خالىنى ،
كىمگە ئايتىپ ، كىمگە يىغلاي مەن غەرىبىنىڭ ھالىنى ،
ھەر زە مانكىم زىكر قىلسام گەر ئانىڭ جەمالىنى ،
يۈرەكىم خۇن ئۆيرۈلۈپ قىلدى بۇ جانىمنى مەرەز .

ئەي ھەقىر ئاسى ، كۆزۈڭدىن ئەيلە قان ياشنى رەۋان ،
ئىشق ئوتى بولسا يۈرەكدە رەڭگى بولغاي زەئفەران ،
ئىشق ئوتى جانغا تۈشەر دەۋزەخ ئوتىدىن ھەم يامان ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، بولدۇڭ ئەجەب بىر ناتەۋان ،
كىم ئانىڭ فىراق ئوتى قىلدى بۇ جانىمنى مەرەز .

*　　　*

ھەر نەچە مۇشكىل ئىشىڭ بار قىل جەھانبانىڭغە ئەرز ،
ئاجىزۇ غەرىبلىقىڭنى قىل نىگە ھبانىڭغە ئەرز ،
ئۆزگەگە داد ئەيلەمەستىن ئەيلە خۇبانىڭغە ئەرز ،
بۇ سىينىڭ دەردۇ غەمىڭنى ئەيلە جانانىڭغە ئەرز ،
ئۆزگەنى ياد ئەتمە ھەرگىز ئەيلە سۇلتانىڭغە ئەرز .

باشىڭە كەلسە بەلالار ھەرنە بالا ـ پەستىدىن ،
خارۇ زارلىق ئۆتسە ھەردەم سەن غەرىبىنىڭ ئۈستىدىن ،
ھەرزەمان يەتسە ئەلەملەر بارچە دۇشمەن ـ دوستىدىن ،
جانىڭىز تەندىن جۇدا بولسا بەلالار دەستىدىن ،
ئايماغىل ھەرگىز كىشىغە ئەيلە جەببارىڭغە ئەرز .

داغۇ فۇرقەت تاشى ياغسە باشىڭ ئۈزرە دەم بەدەم ،
شەۋق ئوتىغە تاقەت ئەتمەي ئەيلەسە قەددىڭنى خەم ،

ئاي جەمالىن ياشۇرۇپ كىرسە ھىجاب ئىچرە سەنەم ،
ھەجرىنىڭ سەھراسىدا كەلسە باشىڭغە نەچچە غەم ،
كۆز ياشىڭنى ئاقىزىپ قان ئەيلە غەمخارىڭغە ئەرز .

نەفسىنىڭ ئەمرىنى تۇتتۇڭ باسمادىڭ راست - رۇستغە ،
نەفس ئىلە شەيتان كىرىپ ۋەسۋاس قىلدى پوستىغە ،
بۇ ئىكى دۇشمەن قويارمۇ يەتكەلى چىن دوستىغە ،
تا ئاياغىڭدىن باشىڭغە ئەيب ئىرۇر ئەيب ئۈستىغە
جۇملە ئەيبلەر دەستىن سەن ئەيلە سەتتارىڭغە ئەرز .

* *

مەھۋەشىمنىڭ دەردىدىن سەرسانە بولدۇم مەن پەقەت ،
ئاي يۈزىنىڭ خالىدۇر خەت ئۈستىدە دانە نۇقەت ،
ۋىردۇ ئەھۋالىمنى قىلدىم ئاڭا تەھرىرى سەمەت ،
فۇتۇدۇم دىلبەرغە يىغلاپ بىئەدەبلىغدىن بۇ خەت ،
گەرچە مەن بولسامۇ مەجنۇن دىمەڭىز بۇ سۆز غەلەت .

دانە - دانە خاللارى يۈزىدە بىھراق ئۇلغۇسى ،
كۆزلەرىم مەردۇمەكى دەردىغە تەرياق ئۇلغۇسى ،
كاكۇلى مىشكىن بويىدىن دەردلەرىم ساق ئۇلغۇسى ،
ئاي يۈزىنى كۆرسە ھەركىم ئاڭا مۇشتاق ئۇلغۇسى ،
ھىچ بەھاغە كەلمەگەي ئۇل ئاي يۈزىدە خالۇ خەت .

سايراسام دۇرراج يەڭلىغ ئۆزنى شەھباز ئەيلەگەي ،
مۇرغى بىسمىلدەك مىنى نىمجان ئىتىپ باز ئەيلەگەي ،
مەن سارى باقماي ۋەلى ئۆزگەنى ھەمراز ئەيلەگەي ،
بۇ مىنىڭ رۇھۇم ئانىڭ ئىشقىدا پەرۋاز ئەيلەگەي ،
قۇشبازى ئىلىكىدە ئۇچالماغاندەك غازۇ بەت .

كىمكى ئاشقدۇر دىلىنى مۇئتەمىد قىلماق كېرەك ،
خانىماندىن كېچىپ ئۆزىنى تەھىد قىلماق كېرەك ،
يەككە دىل ئائىنەسىغە نۇر پەدىد قىلماق كېرەك ،
كىم ئانىڭ يولىغە كىرسە جەھدۇ جىد قىلماق كېرەك ،
ھىچ كىشى قىلماي رىيازەت تاپماغاي ھازىنىمەت .

ئەگلىگە ئەدھەم سىفەت كىيگىل قارا فەلاس گىلەم ،
قولۇڭغا ئەسا ئالىپ چورۇق كىيىپ تارتغىل ئەلەم ،
خۇشلابان ۋەيرانەنى ئوتۇنچىلىق قىلغىل بۇ دەم ،
ئەي فەقىر ئامى زەئىف ، قولۇڭغا ئال دۇۋات ـ قەلەم ،
دىلبەرىڭ تەۋسىفىنى سەھفە يۇزىگە ئەيلە خەت .

ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنىپ ئۆزۈڭنى قىل خەسدەك ئەدەم ،
قىلماغىل ھەرگىز ئۆزۈڭنى ، بىمۇھەببەتلەرغە زەم ،
ئىستەگىل ئەھلى مۇھەببەتلەرنى دائىم دەم بەدەم ،
سەن ئەگەر مەردانە بولساڭ راھى راستغە قوي قەدەم ،
ھېچ كىشى مەردانە بولماي كىرمەدى ئۇشبۇ سىرات .

* *

خەمۇشۇ مەستۇ لايەئقىل بولۇبان قىلماغۇم بىر لەفز ،
فىراقىڭ دەردىدىن غەمگە تولۇبان قىلماغۇم بىر لەفز ،
ۋۇجۇدۇم ئۆرتەنىپ ئوتتا كۆيۈبان قىلماغۇم بىر لەفز ،
سېنىڭ دەردۇ غەمىڭ ئىچرە يۇرۇبان قىلماغۇم بىر لە فز ،
سېنىڭ ئالدىڭدا ھۇشۇم يوق تۇرۇبان قىلماغۇم بىرلەفز .

ئۆزۈڭنىڭ رەھمى كەلگەچ يوقلاساڭ « سەن قايدا كەتتىڭ » دەپ ،
ئۆزۈڭچە بول يۇرۇپ ئىستەپ مېنى « نە يەرگە يەتتىڭ » دەپ ،
« تاپالماي راھى راستنى تەقدى ئۇمرۇڭنى تۈگەتتىڭ » دەپ ،
ئەگەر سەن بىر سۇئال سورساڭ « نە قىلدىڭۇ نە ئەتتىڭ » دەپ ،
يۈزۈڭنىڭ نۇرىدىن بىھۇش بولۇبان قىلماغوم بىر لەفز .

ئىرۇر جۇرمىم ئاغىر تاغدىن سەۋابىم ئازۇ ھەم تەخمىن ،
زەلالەت يولىدا يۇرگەچ ئەمەل بەد ئەيلەدىم تەسنىن ،
بەيابان قۇملارىدىن كۆپ قايۇ بىرنى قىلاي تەئرىن ،
بەناگاھ رەھىم ئېتىپ بوستان سارى قىلساڭ مېنى تەكلىن ،
ئەجەب يوق ۋەئدە قىلدىڭ ئەفۋ قىلسام قىلماغۇم بىر لەفز .

ئۆزگە قىلسا لايىق قايسى قۇلنى ئول تەۋانا ھەي ،
تەسىب ئەيلەر مۇھەببەت جامىدىن نۇش ئەيلەمەككە مەي ،
تۇتار ئۇقبا يولىن مەنزىل مەراھىللەرنى ئەيلەپ تەي ،
ئەگەر كۆرسەم جەمالىڭنى ماڭا لازىم ئەمەسى ھېچ شەي ،

جەمالىڭنى نەسب قىلغىل كۆلۈبان قىلماغۇم نىر لەفز .

ھەمە ئەرزىمنى ئايتۇرغە بۆلەك ھېچ ھاكىمىم يوقتۇر ،
غەرىب يالغۇز يەتىمدۇرمەن شەرىك ھېچ خادىمىم يوقتۇر ،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئىستەر كىشىغە ھېچ لازىمىم يوقتۇر ،
ئۆزۈڭ رەھم ئەتمەسەڭ سەندىن بۆلەك ھېچ راھىمىم بوقتۇر ،
قولۇم دەپ مەغفرەت قىلساڭ ، نە ئۇبدان ، قىلماغۇم بىر لەفز .

* *

يارنىڭ ئىسمىنى مەرھەم دەردىڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز ،
كۆزلەرىڭ ئەشكنى شەبنەم ھەجرىڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز ،
داغى فۇرقەت ئاتەشىنى شەۋقىڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز ،
يارنىڭ زىكرىنى ھەردەم كۆڭلۈڭ ئەچرە ئەيلە ھىفز ،
قىلماغىل لەھزە فەرامۇش فىكرىڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز .

ھېرقاچان ئەيلەپ تەسەۋۋۇر دىلبەرىڭ ھەيئەتلەرىن ،
جارى قىلغىل كۆڭلۈڭ ئىچرە زەۋق ئىلە رىغبەتلەرىن ،
چارە تاپماي ئاھ ئۇرارسەن ھەجر ئىلە فۇرقەتلەرىن ،
ھەرزەمان ئەيلەپ تەفەككۇر يارنىڭ سەنئەتلەرىن ،
بارچە ئىشغە سانئۇ قادىرلىق ئىچرە ئەيلە ھىفز .

مېھرىبان شەفقەت يۈزىدىن سەير ئېتىپ قىلسا گۇزەر ،
ئەنبەر ئەفشانلىق بۇيى قىلسا دىھانىڭغە ئەسەر ،
جەزب ئۇرۇپ شەۋقى كېلىپ سەندىن ھەۋەس باتىل كېتەر ،
ناگەھان رەھمەت كۆزى بىرلەن ساڭا قىلسا نەزەر ،
تۆكۈلۈر ئەشكىڭ يۈزۈڭگە كۆڭلۈڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز .

* *

ماھى تابانىم چىقار دەپ كۈندە بولدۇم تامىئ ،
ئاي يۈزىن ياشۇرغانى ئالەمغە بولدى شايىئ ،
زۇلفىنىڭ قاراڭغۇسى بولماي يۈزىدىن رافىئ ،
بۇجەھانغە بولمادى ئۇل ماھتابان ئالىئ ،
بولغۇسى تۇلۇئىغە قارا بۇلۇتلار مانىئ .

كاكۇلى مشكندىن بادى سەبا كەلتۇرسە بۇي ،
ئوت چاقنغاندەك فەلەك ئۆزرە خىرامان تۇندى خۇي ،
قاشى ياسى تىير ناۋەك قەتل ئېتەرگە جۇستىجۇي ،
گەربۇلۇت زايل ئولۇپ قىلسا تۇلۇئ ئول ماھروي ،
نۇرىدىن بىھوش ئولۇپ كۆزۈمدىن ئوتلار ساتىئ .

شامى زۇلفدىن يۈزى ئايدەك دۇرەفشان ئەيلەسە ،
نۇرىنىڭ ئابى يۈرەك باغرىمدە جۇشان ئەيلەسە ،
باغى ئىشرەت كاسەسىدە مەينى نۇشان ئەيلەسە ،
ئىككى زۇلفنى شامال ناگاھ پەرىشان ئەيلەسە ،
تارىنىڭ ئاۋازىنى قۇلاقىم ئولغاي سامىئ .

قەددى شەمشاد سەرۋى رەفتار يول ئۈزە قىلسا گۇزەر ،
ھەم كىيىپ گۇلگۇن قەباۋۇ ئەتلەسىدىن لاجۇۋەر ،
باشىدا تاجى مۇرەسسەئ ھۇسنى چۇن بەدرى قەمەر ،
گەر رەۋان ئۆزرە چىقىپ ھالىمغە ئەيلەپ بىر نەزەر ،
رەھم ئېتىپ قىلسا تەبەسسۇم ھۇشۇم ئولسە راجىئ .

گەر بىشارەت بەرسە ۋەسلىن رەھم ئەيلەپ ناگەھان ،
ئەرزۇ ئەھۋالىمنى يىغلاپ ئالدىدا قىلسام بەيان ،
ۋەئدە ئەيلەپ ۋەسل ئولۇرغە ماڭا بەرسە بىر نىشان ،
گەر ئىشارەت ئەيلەسە ئەي بىئەدەپ ، كەتكىل ، دەبان ،
مۇندا سەن تۇرساڭ بولۇر ماڭا مەلالەت ۋاقىئ ،

زار ئېتىپ ئاستانەغە باشىمنى قويسام يالبارىپ ،
ئاتەشى ھىجران ئارا گۇلدەك چىرايىم سارغارىپ ،
تىلەسەم تاپىغۇممكىن مەزار - مەزارلارغە بارىپ ،
ۋەئدە قىلسا تاڭلا كەلگىل بوستانغە ، ئەي غەرىب ،
مەن سىنى مىھمان قىلاي ئەجرىڭنى قىلماي زايىئ .

ئەي ھەقىر ئاسى سيەھ دىل ئەمدى قىلغىل نۇر پەدىد ،
ئەزەلى ئېرمىش كىشكىم يا شەقىدۇر يا سەئىد ،
ياخشى ئىشنى ئادەت ئەيلەپ ، ياخشى سۆزنى قىل شۇنىد ،
ئەي فەقىر ئەمى زەئىف ، سەن دىلبەرىڭدىن تۇت ئۇمىد ،
بۇئەجەب ئېرمەس سىنى بوستانغە قىلسە تابىئ .

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# غەزەللەر

## مىرزا كامران

**نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئابدۇرەھىم ئىلھاجى**

**مۇھەررىردىن :** مىرزا كامران بۈيۈك شائىر زۇھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئوغلى بولۇپ ، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان . ئۇ ئاتىسىنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى تالانتىغا ۋارىسلىق قىلىپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان . تۈرلۈك تارىخىي مەنبەلەردە كامران مىرزىنىڭ دىۋانى ھەققىدە مەلۇماتلار ساقلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى . كامران مىرزا ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى ھازىر ھىندىستاننىڭ پەتنە شەھىرى خۇدا بەخشى كۇتۇپخانىسىدا ، كالكۇتتا ئاسىيا جەمئىيىتى قول يازمىلار فوندىدا ، رامپۇر شەھىرىنىڭ رىزا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا .

كامران مىرزا ئەسەرلىرىمۇ بابۇر ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولغان . شەئىدىيە خانلىقى بىلەن ھىندىستان مۇغۇل خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر قويۇق بولغانلىقتىن ، بۇ ئىككى ئەل مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە نامايەندىلەرمۇ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن . كامران مىرزا ئەسەرلىرىنى ئۆز ئانا تىلى بولغان تۈركىي تىلدا يازغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا بىۋاسىتە ۋە خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالغان ، ئەمما دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قول يازمىلىرى بىزدە ئازلاپ كەتكەن ، ھەتتا يوقىلىپ كەتكەن . مىرزا كامراننىڭ بۇ غەزەللىرى سەئىدىيەك ھەسەن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ ، تاشكەنت «يازغۇچى » نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «دىۋان » ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى .

* *

زىھى ھەرزەررەدىن ھۆسنۈڭ ھۆۋەيدا ،
جەمالىڭ ئاپتابى ئالەمئارا .
ئەگەر زاھىر ، ئەگەر باتىندا سەنسەن ،
كۆزۈ كۆڭلۈم ئارا پىنھانۇ پەيدا .

ئەگەر يۇمسام كۆز ، ئەر ھەرسارى ئاچسام ،
سېنىڭ ھۆسنۈڭنى ئەيلەرمەن تەماشا .
گەھى ئاشىق ، گەھى مەئشۇق ئېتەرسەن ،
بولۇپ ھەر سۇۋرەت ئىچرە ئاشكارا .

ئېرۇر لەيلا بىلە شىرىن بەھانە ،   قاچانكىم خاتىرىمغە كەلسە لەيلا .
جەھاندە سەن سالىپسەن شورۇ غەۋغا .   يېتىشتى كامران ئول تۈركى سەرمەست ،
قىلۇرمەن نەۋھەلەر مەجنۇن غەمىدىن ،   خىرەد مۇلكىن قىلۇر يەغما ھەمانا .

* *

ياردىن كەلدى خەتۇ تەئۋىزى جان بولدى ماڭا ،
قاتىلى ھەجر ئىلكىدىن خەتتى ئەمان بولدى ماڭا .
ۋەھ ، بۇ نې مەكتۇبدۇر كىم نامەئى ئەئمالدەك ،
يەتكەچ ئىلكىمغە سەئادەتقە نىشان بولدى ماڭا .
مىھرىبان ساغىنغانىم جەۋرۇ جەفا رەسمىن تۇتۇپ ،
مىھر تەركىن قىلدىيۇ ، نامىھرىبان بولدى ماڭا .
دائىما يانىمدا سەن باردۇر بۇ مەئناغە گۇۋاھ ،
ئۆلكى دائىم ۋاقىفى سىررى نىھان بولدى ماڭا .
گۇلئۇزارا ، زىكرۇ فىكرىڭدىن دەمى خالىي ئەمەن ،
تا ۋەتەن بۇلبۇل كەبى بۇ گۇلىستان بولدى ماڭا .
ئىشكىڭدە يۈز كەتۈرسەم كامراندەك ئەيب ئەمەس ،
كەئبەئى مەقسۇد ئۇچۇن ئول ئاستان بولدى ماڭا .

* *

ئول قۇياش ئارەزىدىن پەردە ئالىپ ،   كىرپىكىدىن يەنە ئوقلار قادالىپ .
شۇئلەئى خاشاك ۋۇجۇدۇمغە سالىپ .   ھادىسە تاشلارىدىن شىشە كەبى ،
گەرچە سۇرەتدە قىلىپ جىلۋەئى ھۇسن ،   بۇ كۇھەن دەيردە كۆڭلۈم ئۇشالىپ .
ھۇسنى يۈز ۋەجھ ئىلە كۆڭلۈمنى ئالىپ .   ئەمدى مەن ئەزمى خەرابات ئەتسەم ،
ھەرلىباس ئىچرە ئۇرار ئىشق يولىن ،   بارۇرەم كوينىدە كۆڭلۈمنى سالىپ .
گاھ شىرىن ، گاھى لەيلا ئاتالىپ .   كامران ئىشكىدىن بارغۇمدۇر ،
قىلىچى چاك قىلىپ كۆكلۈمنى ،   دەر بەدەر كۆڭلۈم ئىشكىدە قالىپ .

* *

ئۇشبۇ تۈن كۆڭلۈمدە يارۇ كۆزۈم ئېردى مەستى خاب ،
كىم يېتىشتى قايىلىم يۈز ناز ئىلە ئەيلەپ ئىتاب .

خەستە كۆكلۇم مۇزتەربدۇر زۇلفى تابىغە تۇشۇپ،
شەست ئارا تۇشكەچ بالىغ يەڭلىغكى ئەيلەپ ئىزتىراب.
خاكى راھ بولدۇم، گۇزەر گەر قىلماسا، ئېرمەس ئەجەب،
مەن گەدائى بىنەۋا، ئۇل خۇسرەۋى ئالىيجەناب.
كىمكى جانان چېھرەسىدە ئىشق سىررىن بىلمەگەي،
نە ئەجەب، ئاندىن دېسە: «يالەيتەنى كۇنتۇ تۇراب».
كامران، جانان تەمەننناسى مېنى پىر ئەيلەدى،
ئەي دەرىغا، ئانسىز ئۆتتى ئەھلى ئەييامى شەباب.

* *

ئىشق ئارا دىۋانە بولسام، نە ئەجەب،
ئەقلدىن بىگانە بولسام، نە ئەجەب.
خالى ئولمىش خىلۋەتىم ئەغياردىن،
يار ئىلە ھەمخانە بولسام، نە ئەجەب.
يارۇتۇر كۇلبەمنى ئۇل شەمئى جەمال،
باشىغە پەرۋانە بولسام، نە ئەجەب.
زاھىر ئۇلدى كويىدە رەسۋالىغىم،
شەھر ئارا ئەفسانە بولسام، نە ئەجەب.
ئۇل پەرىۋەشقە بولۇپمەن، ئاشنا،
كامران، دىۋانە بولسام، نە ئەجەب.

* *

بەرقدەك ئەنۋارى ھۇسنۇڭ كۆزلەرىمگە چاقىلىپ،
كۆزدىن ئاقىزدىڭ كۆڭۈلنى قەترە ـ قەترە قان قىلىپ.
شەمئى ھۇسنۇڭنى كۆرۈپ بىلدىمكى، ئالەمسوزدۇر،
سالدىم ئۆزنى شوئلەغە پەرۋانەدەك كۆرۈپ بىلىپ.
جان بىلە كوڭلۇمدىن ئايرىلدىم ساڭا يەتكە زەمان،
ئەمدى، ئەي جانۇ جەھان سەندىن بولۇرمۇ ئايرىلىب.
جان يېتىپدۇر ئاغزىمە، بولغايمۇ، ئەي ئىسا نەفەس،
بىرنەفەس ئاللىمدە ئولتۇرساڭ ئىيادەتقە كېلىپ.

* *

خۇب ئېردى مەڭا بولسە ئىدى يار مۇساھىب،
يا بولماسە ئېردى ئاڭا ئەغيار مۇساھىب.
بىمارمەنۇ بار كۆزى يادى كۆڭۈل ئىچرە،
بىمارغە ئۇل نەۋئىكى بىمار مۇساھىب،

ھەر نېچە قاچاي دەپ قىلىبان قەسد قۇتۇلماي ،
بولدۇم غەمۇ مىھنەت بىلە ناچار مۇساھىب .

* *

ئۆتتى ھىجران كېچەسى رەنجىدە ئۇمرۇم ، يا رەب ،
يەتكۈزۈپ ۋەسل كۈنىن ئەيلە تەرەھھۇم ، يا رەب .
تيرەھىجران كېچەسى ھېچ يارۇغ بولغايمۇ ،
گەر قۇياش بولسە بۇ تۈن ئىچرە ھەر ئەنجۇم ، يا رەب .
ئاغزىدىن نۇكتە ئىشتىمەكنى ھەۋەس ئەيلەرمەن ،
ھېچ قىلغايمۇ مېنىڭ بىرلە تەكەللۇم ، يا رەب .

* *

يېتىشتى قاسىدى جانان ماڭا دەمى سەكەرات ،
بۇ چىن ئېمىشكى ، تىرىك جانغە بار ئۇمىدى نىجات .
لەبىڭ تەكەللۇم ئېتىپ جان بىرۇر تەئالەللاھ ،
زىھى تەكەللۇمى شىرىن سەڭا ، زىھى كەلىمات .
ئىتىڭ شۇمارىدە ئەتكىل ھىساب ، كەھەق ئىتىدەك ،
كىشىكى مىھرۇ ۋەفا شىۋەسىدە قىلدى سەبات .
كۆڭۈل قۇشى تىلەبان سېنى تەلپۈنۈر ، نە ئاسىغ ،
كى ، ئەشك جالەسىدىن سىندى ئاڭا بالۇ قانات .
غەرىقى بەھرى سىرىشك ئۆلمىشەم ئەمەس ئەجەبى ،
بۇ مەۋىج ئىچرە ئەگەر يوقتۇرۇر ئۇمىدى نىجات .
چۇ كامران ساڭا قۇلدۇر ياراتما ئۆزلۈكدىن ،
كى ھەجرئارا ئاڭا ئىمكان ئەمەس قەرارۇ سەبات .

* *

تا قارا تۇپراققە قىلدىم مەن بۇدەير ئىچرە نىشەست ،
مەسنەدى جەم قەدرىنە بىلمىش مېنىڭ يەر بىرلە پەست .
ھەر زەمان ئۇل تۇررەنى يۈزگە پەرىشان ئەتمەكىم ،
تۇشمەسۈن ئالەم ئارا ئۇل زۇلفى پۇرخەمدىن شىكەست .
دەم بەدەم سەيلى سىرىشكىمكىم ، كېلۇر بىئىختىيار ،
قىلدى ئۇمرۇمنىڭ ئۆيى ئۇل سەيل سەدرىدىن نىشەست ،

كامران ئاندىن نېتىپ جان ئېلىنە ئالغايمەنكى ، يار ،
كۆزلەرى قاتىل ، سۆزى مۇھلىك ، ئۆزى بىباكۇ مەست .

* *

قەدىگىدىندۇر خىجىل باغ ئىچرە شەمشاد ،
بىرىپ قوللۇق خەتىنى سەرۋى ئازاد .
لەبىڭ جان بەخشۇ ئەسرۇ تۇرفەدۇر بۇ ،
ئىكى كافىر كۆزۈڭ قەتتالۇ جەللاد .
تەئالەللاھ ، زىھى ھۇسنۇ لەتافەت ،
پەرىسەن ، يا مەلەك ، يا ئادەمىزاد .

سېنىڭ يادىڭ بىلە ھىجران غەمىدىن ،
بار ئېردىم دەھر ئىچىندە شادۇ ناشاد .
ھەياتىم ھاسىلىن بەرباد بەردى ،
فىراقىڭ ئىلگىدىن ئەفغانۇ فەرياد .
دەرىغا ، كامران نەۋمىد ئۆلدۈڭ ،
بېرىپ جانۇ جەھان نەقدىنى بەرباد .

* *

قىلىپ چېھرەڭدە ۋەجھۇللانى مەنزۇر ،
ئەيان بولدى مەگىڭ نۇرۇن ئەلا نۇر .
يۈزۈڭ كۆزگۈسىدە تەگرىنى كۆر گىل ،
كۆرۈپ كۆزگۈدە ئۆزنى بولما مەغرۇر .
ئەگەر مىھراپ ئارا ۋەر بۇت قاشىندە ،
بارى ھالەتدە سەنسەن بىزگە مەنزۇر .

سىكەندەر بىرلە قەيسەر چاكەرىڭدۇر ،
قۇلۇڭدۇر ، گەر ئېرۇر خاقانۇ فەغفۇر .
ئاتىپ غەمزە ئوقىن كۆڭلۈمنى ئاۋلا ،
بېرىپ بىر بۇسە بىزنى ئەيلە مەسرۇر .
قايانىكىم ئەزم ئېتەر ، بولسۇن مۇزەففەر ،
ئەبۇلغازى ھۇمايۇن شاھى مەنسۇر .

* *

ناتەۋانىكىم ، نىگارى ھەمدەمى ئەغيار ئېرۇر ،
چارە قىلماق بۇ قاتىق ھالەتقە بەس دۇشۋار ئېرۇر .
سەرۋنى سالدى ئاياقتىن قامەتىڭ رەفتار ئىلە ،
ئەھمەدۇللاھ ، نە قىيامەت قامەتۇ رەفتار ئېرۇر .
ھەر تەرەف قىلسام گۇزەر كۆڭلۈمدە ئول رەفتاردۇر ،
ھەر سارى سالسام نەزەر مەنزۇر ئوشول روخسار ئېرۇر .
ئەيلەگەن مەندەك بەسى زاھىدنى كافىر ئىشق ئەرا ،
ھەلقەئى زۇلفى دىمەگىكىم ، رىشتەئى زۇننار ئېرۇر .
يۈز مۇسۇلمان قانىنى تۆكتى كۆزۈگىنىڭ غەمزەسى ،
ئەللاھ ـ ئەللاھ ، نە ئاجايىب كافىرى خۇنخار ئېرۇر .
شەھكى ، چەكمىش شەۋكەت ئىستەب سايەبانى زەرنىگار ،

سايەبان ئېرمەسكىم ، ئۇل بىرپەردەئى پىندار ئېرۇر .
تا كۆرۈپمەن كامران پىرى مۇغاندىن ئىلتىفات ،
دەير كويىدە مەقامىم كولبەئى خەممار ئېرۇر .

* *

ئىستىك تا ماڭا يارۇ ھەمدەم بولۇپتۇر ،
جەھان ئەھلىدىن ئۇلفەتىم كەم بولۇپتۇر .
تىشنىمۇ لەبىگىدىن نەمۇدار ئولۇپتۇر ،
كى گۈل غۇنچەسى غەرقى شەبنەم بولۇپتۇر .
كۆڭۈل ئۈزمەكىم ساچىدىن مۇمكىن ئېرمەس ،
كى ، جان رىشتەسى ئاندە مەھكەم بولۇپتۇر .
ئىكى زۈلفۇ خەتتۇ يۈزىنى كۆرۈڭكىم ،
ئەجەب دىلكەشۇ سەبزۇ خۇررەم بولۇپتۇر .

* *

ئۇل شوخ ئەگەر باشتىن ئاياغى كانى نەمەكتۇر ،
بۇ قاتلە ئىشىم فۇرقەتىدىن ئۆزگەچەرەكتۇر .
دىۋانە بولۇر ئەھلى خىرەد ، جىلۋەگەر ئولسە ،
ئۇل شەكلۇ شەمايىل بىلەكىم ھورۇ مەلەكتۇر .
قۇللابى مۇھەببەتمۇ ئىكىن خەستە كۆڭۈلگە ،
يا باشىدە سەنچىلگەن ئەگرى كەجەكتۇر .
ئۆزلۈك يۈكۈنى تاشلاماغۇنچە يەتەئالماك ،
تا سۈرئەت ئىلە گەردىشىدە چەرخى فەلەكتۇر .
خۇشۋەقت ئوشۇل رىندكى دەير ئىچىدە مەندەك ،
ئىگنىدىكى خىلئەت ئاڭا ئەسكى كەپەنەكتۇر .

* *

سەندىن ئايرۇ تۇشكەلى كۆڭلۈم ئەسرى غەمدۇرۇر ،
جانىغە ھىجران غەمىدىن يۈز تۈمەن ماتەمدۇرۇر .
ۋەسلىڭ ئولسە نەيلەيىن نەۋرۇزۇ بەيرەمكىم ، ماڭا ،
ھەر زەمان نەۋرۇزدۇر ، ھەر لەھزەئى بەيرەمدۇرۇر .

ئالەمۇ ئالەم ئېلى دۇشمەن ئېسە ، سەن يار ئېسەڭ ،
ئالەم ئەھلى بىرلە ئالەمدىن ماڭا نە غەمدۇرۇر .
سەندىن ئايرۇ نە ئاسىغ ئەمدى رەفىقۇ ياردىن ،
فىكرىڭ ئۆلمىش مەھرەمىم ، زىكرىڭ ماڭا ھەمدەمدۇرۇر .
غۇنچە يەڭلىغ لەئلىدىن گاھى كۆڭۈلدۇر غەرقى خۇن ،
گەھ پەرىشان زۇلفى يەڭلىغ خاتىرىم دەرھەمدۇرۇر .
ئۆلكى ئۆزى جاندۇرۇ شىرىن لەبى ئابى ھەيات ،
ھېچ بىلمەنكىم مەلەكتۇر يا بەنى ئادەمدۇرۇر .
كامران دېدىمكى ئالەم ئىچرە يوق رەسمى ۋەفا ،
يانە ئايتۇرمەنكى شايەد بار ئىكەن ئالەمدۇرۇر .

* *

سەنسزىن سەبرۇ قەرارىم يوقتۇر ،
سەندىن ئۆزگە يانە يارىم يوقتۇر .
زۇلفۇ يۈزىنى كۆرەي دەپ تۈنۈ ـ كۈن ،
ۋەھكى ، ھەرلەھزە قەرارىم يوقتۇر .
سەرۋ ئىلە لالەنى نەيلەي مەنكىم ،
سەرۋ قەد لالە ئۇزارىم يوقتۇر .
تيرەدۇر كۆزۈمە ئالەم گويا ،
يولىدىن كۆزدە غۇبارىم يوقتۇر ،
كامران بارغالى ئول لالە ئۇزار ،
ئۇمر باغىندە بەھارىم يوقتۇر .

* *

نەزەردە سەنمۇ مېنىڭ ، خاب يا خەيالدۇرۇر ،
ۋىسال ئەگەر دېسەم ئەندىشەئى مۇھالدۇرۇر .
نە ئەيشلەركى تەخەييۇل ئارا كۆڭۈل قىلماس ،
مەگەركى پادىشەھى ئالەمى خەيالدۇرۇر .
ئول ئەسرۇ سەركەشۇ مەن ھەم سەنەۋبەر قەددىن ،
كۆڭۈلنى ھېچ ئۈزەلمەن غەرىب ھالدۇرۇر .
چىقىپ ئۇلۇس ئاراسىدىن كەنارە تۇتايىن ،
كى ، كۆڭلۈم ئىچرە ئۇلۇسدىن بەسى مەلالدۇررۇر .
مەگەركى بىلىڭۇ ئاغزىڭ ھەدىسىن ئايتۇرلار ،
كى خوردەدانلار ئارا ئەسرۇ قىيلۇ قالدۇرۇر .
سارىغ يۈزۈمگە قىزىل ئەشكدىنكى خەت يازدىم ،
بەھارى ئۇمر خەزان بولغانىغە دالدۇرۇر .

يۇزۇڭۇ شاھىدى مەئنانى جىلۋەگەر كۆردۇم ،
ئەجەب ئەمەس دېسە ئۇل مىھرى بىزەۋالدۇرۇر .
كەمال شېئرۇ سۇخەنۋەرلىغىمغە تۇتتى قۇلاق ،
خوجەند مۇلكىدەكىم ساھىبى كەمالدۇرۇر .
گەھىكى خالۇ خەتىن كامران ئانىڭ كۆرسە ،
كۆڭۈلنى باي بىرۇر ، كۆزلەرىنى ئالدۇزۇر .

*        *

فۇرۇغى چىھرەڭ ئېرۇر سۇبھدەك جەھان ئەفرۇز ،
تۇلۇئى ھۇسنۇك ئېرۇر ئافتابى ئالەمسوز .
جەمال كۆزگۇسىنى مەتلەئى زۇھۇر قىلىپ ،
جەھان مەزاھىرىنى ئەيلەدىڭ جەھان ئەفرۇز .
رۇمۇزى ئىشق بىلىپمەن يۇزىن نەزارە قىلىپ ،
بىرەۋكى ئاشىق ئەمەس ئۇل نە بىلسۇن ئۇشبۇ رۇمۇز .
يۇزىن جەھاندىن ئۆگۈرگەي ، سېنىڭ سارى قىلغاي ،
كىشىكى ، ئاڭا مەدەد قىلسە تالئى فىرۇز .
تىكە قىيا باقىشىدىن كۆڭۈلنى چاك قىلىب ،
ھەبىب غەمزەسىدىن ، ۋەھكى ، ناۋەكى دىلدۇز .
يۇزى گۇلىغە ئانىڭ كامران ئېرۇر بۇلبۇل ،
نە گۇلشەن ئىچرەكىم ئۇل گۇلنى كۆرسە چىھر ئەفرۇز .

*        *

ئالدى كۆڭلۇمنى ، ئاچىپ ساچىنى ئۇل رەئنا قىز ،
سالدى سەۋدايى باشىمغە ساچىدىن سەۋدا قىز .
ئۇت قويار ئەقل ئىلە دىن خىرمەنىغە شەيخ ئىلە شاب ،
چۇن تەرەب بەلگە بىرۇر تۇررەسىن ئۇل تەرسا قىز .
ئۇلكى گۇلنار كىيىپ دېگلەيىن ئەتتى كاھى ،
دەھر باغىندە يوق ئانداق يانە بىر رەئنا قىز .
ۋەھكى ، مەجنۇنلىغ ئىلە شۇھرەئى شەھر ئەتتى مېنى ،
ئاتىن ئايتۇردە ھىجاب ئۇلدى ، دەيىن لەيلا قىز .

*    *

لالەۋۇ گۇل رەۋنەقى هۇسنۇ جەمالىغچە يوق ،
سەرۋۇ سەنەۋبەر تەقى تازە نىهالىغچە يوق .
گۇلشەن ئارا گەر هەزار بولسە مەنۇ كۇنجى غەم ،
گۇلشەنۇ باغۇ بەهار ماڭا خەيالىغچە يوق .
سەرۋ قەددىغچە ئەمەس ، لالە خەدىغچە ئەمەس ،
سەبزە خەتتىغچە ئەمەس ، ۋەردى جەمالىغچە يوق .
ئەيكى كۆزۈم ئۆيىدە مەردۇمەكى دىيدە سەن ،
مەردۇمەكى دىيدە لىك هىندۇيى خالىغچە يوق .
مالۇ مەنال ، ئەي كۆڭۈل ، يار غەمۇ دەردىدۇر ،
ئىككى جەهان هاسىلى مالۇ مەنالىغچە يوق .
گۇلنى بەسى كامران كۆردىيۇ ئەي گۇل ، سەنى ،
ئابىيو تابى ئانىڭ چىهرەئى ئالىغچە يوق .

*    *

ئەي يېتىشمەي كەمالىغە ئىدراك ،
پەس ئۇلۇپ قەدرىڭ ئالىدە ئەفلاك .
قابە قەۋسەيىندىن نەمۇنە قاشىڭ ،
قەددىغە چۇست خىلئەتى «لەۋلاك» .
سەندىن ئادەم ئەزىز ئېرۇر ، يوق ئېسە ،
زاهىر ئېرۇر مەقامى زەررەئى خاك .
ياغماسە گەر شەفائەتىڭ ياغنى ،
بەرقى ئىسياندىن ئۆرتەنۇر خاشاك .
شوكرى لىللاهكى ئاقىبەت ئىشقىڭ ،
غەير نەقشىنى كۆڭۈلدىن ئەيلەدى پاك .
ساڭادۇر نەفسۇ دېۋدىن پەنەهىم ،
كامران ئاجزۇ ئۆلەر بىباك .

*    *

ئاتەشى مۇسا دېگەن ئەنۋارى رۇخسارىڭ سېنىڭ ،
شەربەتى ئىسا ئېمىش لەئلى شەكەر بارىڭ سېنىڭ .
ئەي بەسا مۇسا سىفەتلەركىم ، كۆرۈپ ، ئۆزدىن بارىپ ،
مەتلەئى نۇرى تەجەللى كەلدى رۇخسارىڭ سېنىڭ :
قىلمايىن تۇغيان قىلىپ مەقسەتنى مەنزۇرى نەزەر ،
سۇرمەئى «مازاغ» چەكمىش چەشمى بىدارىڭ سېنىڭ .
جەننەتۇل مەئۋادە تۇبىي جىلۋەسىن قىلماس هەۋەس ،

كىمكى ، كۆردى كويۇڭ ئىچرە قەددۇ رەفتارىڭ سېنىڭ .
ئەي كۆڭۇل ، ئىشق ئوتىدۇر كىم ، باردۇرۇر نارى خەلىل ،
بۇ سەبەبدىن ئوت ئىچىدە كەلدى گۇلزارىڭ سېنىڭ . .
ئىستەسەڭكىم ، يەتمەسۇن دەۋرانىدىن ئازارى ساڭا ،
سەئيى قىلكىم ، تەگمەسۇن ھېچ كىمگە ئازارىڭ سېنىڭ .
كامران سەئيى ئەتكى ، فانىي بولغاسەن ئۆزدىن تەمام ،
ئىستەرەمكىم ، بولمەغاي ئالەمدە ئاسارىڭ سېنىڭ .

* *

ئىشتىپ ھۇسنۇڭ سىفاتىن بولمىشەم زارىڭ سېنىڭ ،
يا رەب ، ئولغايمۇ مۇيەسسەر بىزگە دىدارىڭ سېنىڭ .
ئەي مەسىھا دەم ، يەتۈرگىل مۇجدەئى ۋەسلىڭنىكىم ،
ئۆلگەلى يەتمىش فىراقىڭ ئىچرە بىمارىڭ سېنىڭ ،
كۆزلەرىم گەۋھەر فىشان بولدى ئانىڭدەككىم ، سەھاب ،
شەككەر ئەفشان بولغالى لەئلى شەكەر بارىڭ سېنىڭ .
گەرچە كويۇڭدە بەسى ئەل ئىشق لافىنى ئۇرار ،
بارمۇ ئېركىن مەن كەبى بىر ئاشىقى زارىڭ سېنىڭ .
شەۋقتىن پەرۋانەدەك باشىڭدىن ئەۋرۇلسەم نېتاڭ ،
تىيرە كۇلبەمنى يارۇتسە شەمئى رۇخسارىڭ سېنىڭ .
ھەر شىكەستىكىم ، يېتەر دەۋراندىن ، ئولغاي مۇرتەفە ،
بىر نەزەر قىلسە سۇنۇق كۆڭلۈمگە دىدارىڭ سېنىڭ .
كامران خۇسرەۋ كەبى شېئرىڭ تاپار ھۇسنى قەبۇل ،
بۇيلە بولسە ھۇسن ئىلى ۋەسفىدە گۇفتارىڭ سېنىڭ .

* *

ئىشكىگە گۆزەرى چۇنكى ، ئەي سەبا ، قىلساڭ ،
قاشىدە يەر ئۆپۈبان قۇللۇغۇم ئەدا قالساڭ .
دېگىل خەيالىڭ ئىلە خۇشنۇرۇر فىراق ئىچرە ،
ئانىكى مىھنەتى ھىجرانغە مۇبتەلا قىلساڭ .
دەۋائى ۋىسالىڭ ئېرۇر كۆڭلۈمە تەرەھھۇم ئېتىپ ،
نې بولدى دەردىمە ، ئەي بىۋافا ، دەۋا قىلساڭ .
ۋىسال مۇجدەسىنى يەتكۈزۈپ ، كەرەم ئەيلەپ ،
«ۋەفاغە ۋەئدە قىلىب ، ۋەئدەغە ۋەفا قىلساڭ .

لەبى خەيالدە قان باغلادى كۆڭۈل ، يا رەب ،
نې بولدى كۆڭلۈمە زۇلفىن گرىھ كۇشا قلساڭ .
يىغندىن ئۆزگە ساڭا كامران دەۋايى يوق ،
فراق ئوتىغە سەن ھەر نىچەكى ياقلساڭ .

* *

سەندىن ئايرۇ ھەر زەمان كۆڭلۈم مېنىڭ غەمناكرەك ،
كۆكرەگىم ھەجر ئىلكىدىن پىراھەنىمدىن چاكرەك .
تىغى مۇژگان تىز ئېتىپ مەستانە باقساڭ ، ئەي قۇياش ،
خەنجەرىڭ بىباكۇ ئاندىن كۆزلەرىڭ بىباكرەك .
بىر نەزەر بىرلە بىلىپ دەردىم مۇداۋا ئەيلەدىڭ ،
يوقتۇرۇر ھۇسن ئەھلىدە سەندىن كىشى دەرراكرەك .
پاكلار كۆڭلى مەقامىڭدۇر مەگەر نەققاشى سۇنئ
چەكمەدى سۇرەت بۇ سەفھە ئۆزرە سەندىن پاكرەك .
كامران قۇلدۇر قەدۇ رەفتارىڭەكىم ، يوقتۇرۇر ،
قامەتىڭدىن باغ ئارا سەرۋى سەھى چالاكرەك .

* *

قىيامەتى قۇپارىپتۇر جەھاندە رەفتارىڭ
كۆڭۈلگە ئوت سالادۇر ، ۋەھكى ، يانە رۇخسارىڭ .
ئۆلۈكنى تىرگۈزەدۇر ھەر نەفەس مەسىھادەك .
تەكەللۇم ئەيلەسە ، جانا ، لەبى شەكەر بارىڭ .
نە يەردە ساكىن ئېسەڭ تەڭرىنىڭ پەناھىدە بول ،
قايانكى ئەزم قىلۇرسەن خودا نىگەھدارىڭ .
كۆزۈمدە سۇۋدۇرۇ كوڭلۈمدە ئوتدۇرۇر دائىم ،
كۆڭۈل كۆزۈم يولىدىن بولغالى گىرىفتارىڭ .
جەفا تەرىقىن ئۇنۇتقىل ، ۋەفا تەرىقىنى تۇت
كى ، كۆپ يېتىشتى بۇجانى ھەزىنىغە ئازارىڭ .
رەفىقلەر قاشىدە ھالىمنى ئەرز قىلىب ،
ھەبىب فۇرقەتىدىن ئەمدى مېنى قۇتقارىڭ .
جەھاندە ياخشى ـ يامان ھەر نېگىم باشىڭغە كېلۇر ،
جۇ ياخشى باقسەڭ ئېرۇر خوبۇ زىشت كىردارىڭ .
تەلەب يولىدە قەدەم قويغاج ـ ئوق باشىنى قويار ،

بىراۋكى ، بولسە فەنا كويىدە تەلەبكارلىك .
چۇكامران سىنى كۆرسە ، ئۆزىنى كۆرمەس ھېچ ،
جەمال كۆزگۈسىدە جىلۋە قىلسە دىدارلىك .

* *

چەرخدىن جانىمە بار ئانچە مەلال ،
كى ، دىمەن ئاتىنى ھەم ئاغزىڭە ئال .
گەر مېنىڭدەك ئايىدىن ئايرۇ ئەمەس ،
نېگە ھەم بولدى بۇ تۈن كۆكتە ھىلال .
بولدى ھىجران مەيىرىن كامىم تەلخ ،
ساقى ، ئەمدى ماڭا تۇت جامى ۋىسال .
ساقىيا ، چۈن مېنى سەرمەسىت ئەتتىڭ ،
تۇت پەياپەي قەدەھى مالا مال .
ھەر كىشىكىم ، دىسە ئۇل مەينى ھەرام ،
رىندلەر مەزھەبىدە قانى ھەلال .
كۆرىنۇر ئەخگەر ئۆزى ئەنبەردەك ،
زىب ئۇچۇن لەئلىڭ ئۆزە قويغان خال .
كامران ئۇل گۇلى رەئنا غەمىدىن ،
ئارەزىم بولدى سارىغ ، ئەشكىم ئال .

* *

گۇلشەندە سەھەر ۋەقتى مەن ئىردىمۇ جانانىم ،
گۇلدەك يۈزى شەۋقىدىن بۇلبۇل كەبى ئەفغانىم .
ئەي سۇبھ ، نەفەس ئۇرما دەمى ، مىھر تۇلۇئ ئەتمە ،
كىم ، بۇ كېچە مېھماندۇر ئۇل شەمئى شەبىستانىم .
ھۇشۇ خىرەدىم كەتتى بىلمەنكى ماڭا نېتتى ،
گويا باشىمە يەتتى سەر فىتنەئى دەۋرانىم .
ئۇلكىم ، قاشىدە چىندۇر ، تاراجگەرى دىندۇر ،
قان تۇكمەكى ئايىندۇر ، ۋەھ ئانغەفىدا جانىم .
تۇر كىيدە نەۋائىغە يەتسەم ، نې ئەجەب ، غازىي ،
شېئرىمغە قۇلاق سالسە مەھبۇبى سۇخەندانىم .

* *

ئەغيارغە كۆپ ۋەفا قىلۇرسەن ،
جانىمغە بەسى جەفا قىلۇرسەن .
ئۇق ئەل سارى بىخەتا ئاتارسەن ،
جۇنكى بىزگە يېتەر خەتا قىلۇرسەن .
تۈن ئۆتمەكى ، گەردى مەركەبىڭنى ،
ئەل كۆزىگە تۇتىيا قىلۇرسەن .
رەفتارىڭ ئولۇپ رەۋان بەلاسى ،
بالا بىلە يۈز بەلا قىلۇرسەن .
جان رىشتەسىغە سالىپ گىرىھلەر ،
زۇلفىڭنى گىرىھ كۇشا قىلۇرسەن .
رايىڭە قەزا مۇۋافىق ئولسۇن ،
ھەرنەۋئىكى مۇددەئا قىلۇرسەن .

هۇسن ئايىنەسىدە جىلۋە ئەيلەپ ،
مىرئاتى خودا نەما قىلۇرسەن .
هۇسن ئەهلىغە سەن سەفا باغىشلاپ ،
ئىشق ئەهلىنى مۇبتەلا قىلۇرسەن .
ئەل سانىغە كامران كىرەرسەن ،
گەر ئىتلەرى ئىچرە جا قىلۇرسەن .
ئۇل هېچ جەفانى تەرك قىلماس
هەر نېچەكى سەن ۋەفا قىلۇرسەن .
ئۇل ئوتتۇرۇر سەن نېچوككى خاشاك ،
قۇرب ئىستەسەڭ ئوتقە ياقىلۇرسەن .

*        *

ئاهكىم ، ئاگەھ ئەمەس داغى نىهاندىن ئۇل ماھ ،
يا رەب ، ئۇل داغ ئوتىدىن ئەيلەگىل ئانى ئاگاھ .
ئەل ئاچىپ تەلئەتىنى جانىم ئارا ئوت سالدى .
رۇزگارىمنى قارا قىلدى ئوشۇل زۇلفى سىياھ .
سەنسىزىن جانۇ جەهاننى نېتەي ، ئەي ئۆمرى ئەزىز ،
غەرەزىم سەنسەنۇ بەس ئىككى جەهاندىن ۋەللاھ .
كوهى ئەلبۇرزچە بولدى گۇنەهىم تاغى ئۇلۇق ،
گەر ئېسەر لۇتف نەسىمى ، يوق ئېرۇر بىر پەرىگاھ ،
غەيرغە خەيلۇ سىپاھ ئولسە ماڭا لۇتفۇڭ بەس .
لۇتفۇڭ ئەر بولماسە نېتكەي ، يىغىلىپ خەيلۇ سىپاھ .
كامران تاپتى يولۇڭ تۇپراغىدە سەلتەنەتى ،
كىم ، تىلەب يەر يۈزىنىڭ شاهلىغىدە تاپماس شاھ .

*        *

ئەيكى ، تالىئ قىلدى چىهرەڭ ئافتابى خاۋەرى ،
تەرگە پاتتى ئارەزىڭ ئاللىدە گۇل بەرگى تەرى .
گۇل يۈزۈڭ نەم بولماسۇن هەرگىز ئەجەل بارانىدىن ،
ئەسمەسۇن سەرۋى رەۋانىڭغە فەنانىڭ سەرسەرى .
نىلۇفەردىن شاخى گۇلدە كۆرمەدۈڭ ئۇل لۇتفكىم ،
قامەتىڭدىن زاهىر ئەتمىش خىلئەتى نىلۇفەرى .
كۇفر ئېلىنىڭ مەقسەدى ، دىن ئەهلىنىڭ مەقسۇدىسەن ،
تالىبى ۋەسلىڭ ئېرۇر ئىزىدىي هەم ئازەرى .
كامران گەر بىستەرى راهەت ساڭا يوقتۇر ، نې باك
بەس ئەمەسمۇ گۇلخەن ئىچرە بىستەرى خاكستەرى .

* *

ۋەهكى ، جانىم دەردىنى ئۇل ماهى سىيما بىلمەدى ،
هەرنېچە جانىم دېدىم ، جانىمغە رەهمى قىلمادى .
يۈز جەفا بىرلە مەنى دىلداردىن ئايىردى چەرخ ،
يوقسە هېچكىم كۆڭلى بىرلە جاندىن ئايرىلمادى .
گۇل بىلە سۇنبۇل تىلەپ بۇباغ ئارا كەزدىم بەسى ،
ئارەزىڭدەك گۇل ، ساچىڭدەك سۇنبۇلى تاپىلمادى .
يۈز گۇل ئاچتى گۇل يۈزۈڭ مەي تابىدىن ، ئەي مۇغبەچە ،
تۈرفەراق بۇكىم ، يۈزۈڭدەك بىر گۇلى ئاچىلمادى .
يەتكەچ ئۈزلۈكدىن بە جان ، لەئلىڭ مەيدىن كامران ،
مەستۇ بىخود بولدى ئانداقكىم يەنە ئايىلمادى .

* *

نە بولدى سورساڭ ، ئەي ئاي ، زارلاردىن ،
بۇغەمدە قويماساڭ ئەفگارلارنى ،
ماڭا يول [باشلاساڭ] خۇررەم هەرەمدە ،
قاۋۇب ئەتراپىدىن ئەغيارلارنى .
ئەزىزىم ، گەر ئەزىز ئولماق تىلەرسەن ،
قارا تۇپراققە قويمە خارلارنى .
كۆزۈڭ بىمارىمەن ، سورغىل ، نە بۇلدى ،

گەهى ، ئەي دىلرەبا ، بىمارلارنى .
سېنىڭدەك دىلبەرى تەنناز بىلمەن ،
كۆرۈپمەن گەرچە كۆپ دىلدارلارنى .
خۇش ئۇلكىم جەمئ ئىدى بارى يارانلار ،
فەلەكتىن كۆرمەيىن ئازارلارنى .
دەرىغا ، كامران ، فىتنەئى دەۋران ،
فەرىشان قىلدى جەمئى يارلارنى .

* *

ئاچىبان رۇخسارى ئاتەشناكنى ،
ئۆرتەدىڭ مۇشتى خەسۇ خاشاكنى .
لام ئەلىفتەك زۇلفۇ قەددىڭنى كۆرۈپ ،
نەفى قىلدىم بىر يولى ئىدراكنى .
مەي ئىچىب بۇت قاشىدە قىلدى سۇجۇد ،
كىمكى ، كۆردى ئۇل بۇتى بىباكنى .

كۆردىلەر كۆكسۇم شىكافىنى كۆرۈپ ،
غۇنچەدەك كۆڭلۈمدە تۈشكەن چاكنى .
مەندە بىر ئوتتۇركى ، ئاه ئۇرسام بەلەند ،
بىر نەفەستە ئۆرتەگەي ئەفلاكنى .
كامران ساف ئەت كۆڭۇل كۆزگۇسىنى ،
ئاندە كۆرمەك ئىستەسەڭ ئۇل پاكنى .

# تەسەۋۋۇپنىڭ ئەدىبىيات تەرەققىيات جەريانلىرى

ھۇرمەتجان ئابدۇراخمان

زاھىدلىق يولىغا مېڭىپ خىلۋەتتە يىگانە ھالدا قەلبىنى ماسىۋادىن تازىلاپ ، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان زاھىدلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم زاھىد ـ سوپىلاردا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ساداقىتى ئارقىلىق ئاللانى تونۇش ، ئۇنىڭغا يېتىش ئىستىكى ئويغىنىشقا باشلىدى . مانا شۇنداق خاھىشلارنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بەسرەلىك تۇنجى ئايال سوپى رەبئەتۇل ئادەۋىييە ( 717 ـــ 801 ) نىڭ « ئىلاھىي ئىشق » قارىشى ئوتتۇرىغا چىقتى .

## (1) ئىلاھىي ئىشق

پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ « تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا » دىكى بايانىغا قارىغاندا ، رەبئە ئەسلىدە ئائىلىسىدىكى قىزلارنىڭ تۆتىنچىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى رەبئە ( يەنى تۆرتىنچى دېگەن مەنىدە ) دەپ ئاتالغانىكەن . ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن ، باشقا ئاچا ـ سىڭىللىرى تىرىكچىلىك ئېھتىياجى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن . شۇ مەزگىللەردە بەسرە شەھرىدە قىسچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ ، بىر زالىم كىشى رەبئەنى ئالتە تەڭگىگە قۇللۇققا سېتىۋەتكەن . ئۇ خوجايىنىنىڭ تاپشۇرغان ئىشلىرىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ، ۋاقتىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن . ئۇنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ساداقىتىگە قايىل بولغان خوجايىنى ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋەتكەن . ئۇ ئۆمۈر بويى ياتلىق بولماي ئۆمرىنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىگەن . ئۇنىڭ قارىشىچە ئاللا مەڭگۈلۈك گۈزەللىك بولۇپ ، بۇ گۈزەللىككە يېتىشنىڭ يولى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى چەكسىز ئىشقتىن ئىبارەت . كىشىلەر ئۇنىڭدىن ، « ھەقنى سۆيەمسەن ؟ » دەپ سوراشقاندا ، « شۇنداق » دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن ، كىشىلەر يەنە « ئىبلىسنى ( شەيتاننى) ئۆچ كۆرەمسەن ؟ » دەپ سورىغان ، ئۇ « ياق » دەپ جاۋاب بەرگەن . كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالىغا ، ئۇ ، « شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، رەھىملى ( ئاللا ) سۆيگۈسى ئىچىمگە شۇنچىلىك توشۇپ كەتتىكى ، ئىبلىسقا ئۆچمەنلىك قىلىش ئۇنىڭغا سىغمايدۇ . » دەپ جاۋاپ بەرگەن . ئۇ يەنە كىشىلەرگە شۇنداق دېگەن : « بىر كۈنى چۈشۈمدە پەيغەمبىرىمىزنى كۆردۇم . ئۇ مەندىن :

ـــ ئەي ، رەبئە ! مېنى سۆيەمسەن ؟ ـــ دەپ سورىدى . مەن ئۇنىڭغا :

ـــ يا رەسۇلۇللاھ ! سېنى كىممۇ سۆيمىسۇن . لېكىن ھەق سۆيگۈسى ۋۇجۇدۇمنى شۇنچىلىك قاپلاپ كەتتىكى ، باشقا دوستلۇق ياكى ئۆچمەنلىككە ھېچ ئورۇن قالمىدى ، دەپ جاۋاپ بەردىم . » ①

رەبىئەنىڭ نەزەرىدىكى ئىشق « ھۆسنى مۇتلەق » ( مۇتلەق گۈزەللىك ) كە بولغان چەكسىز ئىشق بولۇپ ، ئىنساننى ھۆسنى مۇتلەقكە يەتكۈزىدىغان يول پەقەت بىر ، ئۇ بولسىمۇ ئەنە شۇ چەكسىز ئىشقتىن ئىبارەت . بۇ يەردىكى چەكسىز ھەم ساپ ئىشق خۇددى ياپونىيەلىك ئالىم ئىزۇتسۇ توشىھىكو (Izutsu Toshihiko) ئۆز تەتقىقاتىدا چۈشەندۈرگىنىدەك ، ھېچقانداق ھەق ( بەدەل ) تەلەپ قىلمايدىغان ، سۆيگۈچىنىڭ ئۆز ئوبيېكتىغا بولغان ساپ بىر خىل مۇھەببەتتىن ئىبارەت بولۇپ ②، بۇنداق ئىشق سويۇلگۈچىدىن مەنپەئەت ، ھەق تەلەپ قىلمايدۇ ، بۇ پەقەت ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يارنى سۆيۈشتىن ئىبارەت .

ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ، بۇ خىل ئىشق پەقەت ئاللانىڭ لۇتفىدىن يەنى ھىممىتىدىن ئىبارەت . ۋۇجۇدىغا بۇنداق ئىلاھىي ئىشق چىرماشقان ئاشىقتا يارغا ( ئاللاغا ) ئىنتىلىشتىن ئۆزگە مەقسەد ـ مۇددىئا بولمايدۇ . جانانىغا يېتەلمىسە ، ئۇنىڭدىن زارلاپ ئىشقىدىن يالتايمايدۇ . بۇ يولدا ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئۆزى بىر بەخت . يەنى ئۇنىڭغا يەتكەن بىلەن ئوخشاش .

تەسەۋۋۇپتا ئىشق تەلىماتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ، بارا ـ بارا دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىدلىقنى بىر خىل رىياكارلىق دەپ تونۇش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش خاھىشى ئىپادىلىنىشكە باشلىغانىدى . چۈنكى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قارىشىدا زاھىدنىڭ تەقۋاگەرلىكى پەقەت ئاخىرەتتىكى دوزاق ئازاۋىدىن قورقۇش ، جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىش ئۈچۈن دەپ ھېسابلانىدى . ئۇلار بۇنداق تەقۋاگەرلىكنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ھەققىنى مەلۇم بەدەل تەلەپ قىلغانلىق ، مەنپەئەت ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلغانلىق ، چىن دىلدىن ئاللاغا سادىق بولغانلىق ئەمەس دەپ قاراشقانىدى . شۇڭا ئۇلارنىڭ پىكرىچە ، ۋۇجۇدى ئاللاغا بولغان ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق بولسا پەقەت ھۆسنى مۇتلەقنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچنەرسىنى خىيال قىلمايدۇ ، ئۇلاردا جەننەت تاماسىمۇ ، دوزاخ قورقۇنچىمۇ يوق . پەقەت ئاللاغا بولغان چەكسىز ئىشقلا بار ، يەنى چەكسىز سادىقلىقلا بار . رەبىئەتۇل ئاداۋىييە دائىم ئۆز ئىبادىتىدە شۇنداق مۇناجات ئېيتىدىكەن : « خۇدايا پەرۋەردىگارا ! ئەگەر مەن ساڭا دوزاختىن قورقۇپ ئىبادەت قىلسام ، مېنى دوزاخقا تاشلاپ كۆيدۈرگىن ؛ ئەگەر جەننەت ئۈمىدى بىلەن ئىبادەت قىلسام ، جەننەتنى ماڭا ھارام قىل ، ... ئەگەر سېنى دەپ ئىبادەت قىلسام ماڭا دىدارىڭنى نېسىپ قىل . » ③ يەنە پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ نەقىل قىلىشىچە ، بىر كۈنى رەبىئە قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ . يوقلاپ كەلگەنلەر ، « بۇ نېمە ھال ؟ ساڭا نېمە بولدى ؟ » دەپ سوراشقانىكەن . رەبىئە ئۇلارغا ، « جەننەتكە قارىغان ئىدىم ، ئىگەم مېنى ئەدەبلىدى » دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ④ .

بۇ خىل قاراشنىڭ تەسەۋۋۇپتا ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىنى ، ھەتتا كېيىنچە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى كۆرىمىز . ئەھمەد يەسەۋى « دىۋانى ھىكمەت » تە :

ئىشقىڭ قىلدى شەيدا مېنى جۈملە ئالەم بىلدى مېنى ،
قايغۇم سەنسەن تۈنى ـ كۈنى ، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن .
تەئاللاھ زىھى مەنى سەن ياراتتىڭ جىسمۇ جاننى ،
قۇللۇق قىلسام تۈنى ـ كۈنى ، ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن .

دېسە ، يۇنۇس ئەمرە ( مىلادى 1320 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) مۇ :

ئىشقىڭ ئالدى بەندەن بەنى بانا سېنى گەرەك سېنى ،

بەن يانارەم دۇنى گۇنى بانا سىنى گەرەك سىنى ،
( ئىشقىڭ ئالدى مەندىن مىنى ماڭا سەن كىرەكسەن ،
مەن كۆيمەن تۇنى كۇنى ماڭا سەن كىرەكسەن . )

دەيدۇ . ئەلىشىر نەۋائىي :

زاھىد ساڭا ھۇرۇ ماڭا جانانە كىرەك ،
جەننەت ساڭا بولسۇن ، ماڭا مەيخانە كىرەك .
مەيخانە ئارا ساقىيۇ پەيمانە كىرەك ،
پەيمانە نىچە بولسە تولا يانە كىرەك .

دىسە ، ھۇۋەيدا مۇنداق دەيدۇ :

نە قىلاي جەننەتنى مەن ئاندا يۈزىنى كۆرمەسەم ،
يارسىز جەننەت كۆرىنۈر كۆزىمە جايى خەراب .
بۇل ھۇۋەيدا يارنىڭ دوزەخ ئارا كۆرسە يۈزىن ،
ماڭا ئول جەننەت ئېرۇر ، كەلسە رىزامەن ھەر ئەزاب .

تەسەۋۋۇپ رەبئەتۇل ئادەۋىيەنىڭ « ئىشق » تەلىماتى بىلەن ئۆزگە خاس بولغان دەسلەپكى نەزەرىيىۋى ئاساسىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن ، مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە بارا - بارا تولۇقلىنىپ ، تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ باردى . لېكىن تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا « ئىشق » قارىشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق چۈشەنچە ، كۆز قاراشلار مانا شۇ « ئىشق » كۆز قارىشىنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايغان ۋە راۋاجلىنىپ بارغاندى . شۇڭا « ئىشق » قارىشى تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپلا قالماستىن ، پۈتۈن تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىدىيىۋى تۈرتكە ئىدى . ئۇندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان تەلىماتلار ئاساسەن مۇشۇ قاراشنىڭ رىۋاجى ئىدى . ئىشق تەلىماتى بارغانسېرى كېڭىيىپ ، بەدىئىي تەپەككۇر ئۇچۇنمۇ ئىلھام مەنبەسى بولغانىدى . ئىشق كۆز قارىشى رىۋاجلىنىپ بېرىپ « مەجازى ئىشق » ( يەنى ئىنسانىي ئىشق ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت ) ۋە « ھەقىقىي ئىشق » ( ئىلاھىي ئىشق ) دەپ ئىككىگە ئايرىلدى . بۇ خىل ساپ ئىشقنى يەنى ئىلاھىي ئىشقنى مەزمۇن قىلغان تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ سېھرى كۈچى شۇنچىلىك ئېشىپ باردىكى ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدا ئاساسەن دېگۈدەك يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى .

ئىشق تەلىماتىنىڭ رىۋاجلىنىشى بىلەن ھەتتا ئىلاھىي ئىشقتىن بىھۇش بولغان سوپىلا ئۆزلىرىنى سوپى دەپ ئەمەس ، بەلكى ئاشىق دەپ ئاتاشقانىدى . جالالىددىن رۇمى بىر رۇبائىسىدا ، ئىشقنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىپ ، بىزنى ئانا ئەمەس ئىشق تۇغقان دەيدۇ :

ئىشق بىزگە رەھنەما راۋانىمىزدۇر ،
بىزنى ئىشق تۇغقاندۇر ، ئىشق ئانىمىزدۇر .

رەبىئۇتۇل ئادەۋىيەنىڭ ئىشق قارىشىدا ئاللاھ « ھۆسنى مۇتلەق » ( مۇتلەق گۈزەللىك ) سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ، يېتىش ئارزۇسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغانىدى. بۇ قاراش تەرەققى قىلىپ ، « ھۆسنى مۇتلەق » كە يېتىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىش ، تونۇشتىن ئىبارەت مەنتىقىي ھالدىكى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلدى . بۇ زۇننۇن مىسرى ( مىلادى 860 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ « مەرىفەت » قارىشى ئىدى .

«مەرىفەت» نىڭ سۆز مەنىسى «ئىلىم ، بىلىم» دېگەندىن ئىبارەت . بىراق زۇننۇن مىسرى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئادەتتىكى بىلىم (知识) لەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «مەرىفەت» (神智) يەنى ئاللانى تونۇش ھەققىدىكى ئىلىم دەپ ئاتىغانىدى . شۇڭا تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدا مەرىفەت ھەقنى بىلمەك ،ھەقنى تونۇماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

«مەرىفەت» قارىشىنى زۇننۇن مىسرىدىن ئىلگىرى گەرچە بۇ نام بىلەن ئاتىمىسىمۇ بەزى سوپىلار ئىپادىلىگەنىدى . مەرۇف كەرھىنىڭ (مىلادى 815 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «ئاللاغا بولغان ئىشقنى ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ ، ئۇ خۇدانىڭ لۇتفىدۇر » ⑤ دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى ئىدى . چۈنكى ، ئىشقنى كىتابتىن ياكى باشقا بىلىملەر ئارقىلىق ئۆگەنگىلى بولمايدۇ ، ئۇ ئەسلىدىنلا ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ، دەپ قاراشنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىشقنىڭ ئوبيېكتىغا بولغان تونۇش قىسمەن ئەكس ئەتكەنىدى .

ئەمما ، ھەقنى بىلىش ، تونۇش ھەققىدىكى بۇ چۈشەنچىلەرنى رەسمىي يوسۇندا كۆتۈرۈپ چىققان ۋە شەرھىلىگەن كىشى زۇننۇن مىسرى بولدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ھەقنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزلۈكتىن كېچىش كېرەك . ئاللانى تونۇش ئەقلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئىشقنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ۋۇجۇدى ئىلاھىي ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق ، مانا شۇ ئىشق قايىنىمىدا ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ مەشۇقى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ . ئۇ بۇ ئىشقنى كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان شىرىن مەيگە تەمسىل قىلغان . ياپونىيەلىك ئالىم ئىزۇتسو توشىھكونىڭ ئېنىقلىشىچە ، تەسەۋۋۇپتا ئىشقنى مەيگە سىمۋول قىلغان تۇنجى سوپى زۇننۇن مىسرى بولغان ⑥ . بىزگە مەلۇم ، تەسەۋۋۇپتىكى ئىشقنىڭ سىمۋولى بولغان مەي ( بادە ) پارس ۋە تۈركىي كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى قاپلىغان ۋە جەلىپكارلىقىنى ئاشۇرغان مەزمۇنلاردىن بىرى . پىكرىمىزنىڭ بۆلۈنمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى كېيىنگە قالدۇرىمىز .

زۇننۇن مىسرىنىڭ مەرىفەت قارىشىدىكى ئاللانى تونۇشنىڭ بىلىشنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىشقنىڭ كېلىش مەنبىئى خۇددى مەرۇف كەرھى ئېيتقاندەك ئاللانىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت . شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ قارىشىچە ، ھەقنى بىلىش ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىش ، قەلبنى يورۇتۇش كېرەك . مەنىۋى يۈكسىلىش بىر قانچە باسقۇچلار (مەقام) ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ . ھەر بىر مەقامدا قويىلىدىغان قاتتىق ئۆلچەملەر يەنى روھىي جەھەتتىن تاۋلىنىش ، چېنىقىش جەريانلىرى بولىدۇ . بۇ جەريانلار ھال (كۆپلۈكى : ئەھۋال) دېيىلىدۇ . «نەفەھاتۇل ئۈنس » دا بايان قىلىنىشىچە ، زۇننۇن مىسرى ئۈچ ئىلىم كەلتۈرگەن (يەنى ئۈچ باسقۇچنى ئوتتۇرىغا قويغان ) . بۇلارنىڭ بىرىنچىسىنى ئاۋاممۇ ، خاسمۇ قوبۇل قىلغان .

ئىككىنچىسى خاس قوبۇل قىلىپ ، ئاۋام قوبۇل قىلمىغان . ئۈچىنچىسى بولسا ھەر ئىككىسى قوبۇل قىلمىغان . بۇ ئۈچ ئىلىم — تەۋبە – تەۋەككۇل ، مۇھەببەت ، ھەقىقەتتۇر ⑦ .

بۇ ئۈچ ئىلىم ( ئۈچ باسقۇچ ) زۇنۇن مىسرىنىڭ مەرىفەت قارىشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بولۇپ ، ھەقنى بىلىشنىڭ ئۈچ باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىدى . زۇنۇن مىسرىنىڭ قاراشلىرىدا ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بايەزىد بەستامى ، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ سۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى ئېنىق ئىپادىلەنگەنىدى . شۇڭا ئۇ بىدئەت دەپ ئەيىبلىنىپ باغداتتا تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانىدى .

**(3) تەۋھىد**

زۇنۇن مىسرىنىڭ مەرىفەت قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى راۋاجلاندۇرغان ، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى مەقامەت ( يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئۈچ مەقام ) ۋە ھال ھەققىدىكى پىكىرلەرنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ شەرھىلىگەن سوپى سەرىيىي سەكاتى ( مىلادى 867 – يىلى ۋاپات بولغان ) بولدى .

سەرىيىي سەكاتى گەرچە ئاللاھدە يېگانە بىر كۆز قاراشنى ۋۇجۇدقا چىقارمىغان بولسىمۇ ، مىسرىنىڭ قاراشلىرىنى كېڭەيتىپ شەرھىلەپ ، ئىنسان مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىش جەريانلىرى (مەقامەت) ئارقىلىق ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ ھەق بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ ، دەپ قارىغانىدى . بۇ ئەمەلىيەتتە زۇنۇن مىسرى ئوتتۇرىغا قويغان ، ئاۋاممۇ ، خاسمۇ قوبۇل قىلمىغان ئۈچىنچى باسقۇچ — ھەقىقەت مەقامى ئىدى .

سەكاتى بۇنى شەرھىلەش ئۈچۈن « تەۋھىد » سۆزىنى ئىشلەتكەن بولۇپ ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى بولغان « بىرلىك ، ئاللانىڭ يېگانىلىقى » مەنىسىدە ئەمەس ، بەلكى ئىنساننىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىپ ھەققە قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللانغانىدى . شۇندىن باشلاپ « تەۋھىد » سۆزى تەسەۋۋۇپتىكى ئاساسىي ئاتالغۇلاردىن بىرى سۈپىتىدە ئىشق مەيدىن مەست بولغان ئاشىق سوپىلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇملاردىن بىرى بولۇپ قالغانىدى .

**(4) مۇھاسىبە ( ئۆزىنى كۆزىتمەك ، تەكشۈرمەك )**

زۇنۇن مىسرى بىلەن زاماندىش بولغان خارىس مۇھاسىبى تەسەۋۋۇپنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئاساسىنى بېيىتىپ ، ئۇنىڭغا يېگانە بىر ئاتالغۇ ئېلىپ كىرگەنىدى .

خارىس مۇھاسىبى ( مىلادى 857 – يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ئاساسىي قارىشى «ئۆزىنى كۆزىتىش ، ئۆزىنى تەكشۈرۈش ...» تىن ئىبارەت بولۇپ ، مۇشۇ مەنادىكى «مۇھاسىبە» سۆزى ئۇنىڭ لەقىمى سۈپىتىدە ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئاتالغانىدى . ئىزوتسۇ توشىھىكو ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇھاسىبى ھەققىدە ، «مۇھاسىبىنى ئىلگىرىكى سوپىلاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان ئالاھىدىلىكى شۇكى ، مۇھاسىبىنىڭ ئىنسانىيەت پسىخىكىسىغا قارىتا ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بارغان مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك .» دەپ يازىدۇ ⑧ . مۇھاسىبى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى شەرھىلەپ « ئەر – رىئايە لى ھۇقۇق ئەللاھ » ( « ئاللانىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش » ) ناملىق 61 بابتىن تەشكىل تاپقان بىر ئەسەر يازغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاساسەن مۇھاسىبە ( ئۆ-

زىنى كۆزەتمەك ) نىڭ ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن ، ئىنساننىڭ سىرتقى پائالىيىتى بىلەن قەلبىنىڭ خاھىشى ئوتتۇرىسىدىكى ماناسىۋەتلەر بايان قىلىنغان . مۇھاسىبىنىڭ بۇ كىتابى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتلىرىدىكى قەلبنى تازىلاش چۈشەنچىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان بولۇپ . يى . ئې . بېرتلىس بۇ ھەقتە ، « ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ناھايىتمۇ زور ، چۈنكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ( X – XI ئەسىرلەر ) سوپىلىق تەرىقەتلىرى ھەققىدە بىر نەرسە يازغان ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭدىن ناھىيىتمۇ كۆپ پايدىلانغان » دەپ يازىدۇ ⑨ .

خارىس مۇھاسىبى ئۆزىنىڭ « مۇھاسىبە » كۆز قارىشىغا ئاساسەن روھنىڭ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئۈستۈن قىسمىدىكى روھ تەن بىلەن بىرلىشىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇد بولۇپ ، بۇ ھەقىقىي يوسۇندىكى روھ ھېسابلىنىدۇ . بۇ روھتا ياراتقۇچى ئاللا ئۆزلىرىنىڭ سىرلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ . ئاستىنقى قىسمىدىكى روھ بولسام تەننى ئاساس قىلغان ، بارلىق بالايى - ئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى بولغان « نەفس » تىن ئىبارەت . ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق قەبىھلىكلەر مانا شۇ نەفستىن كېلىپ چىقىدۇ . شۇڭا سوپىلىق يولىنى تۇتقان كىشى ئۈچ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نىشان - نەفسنى يېڭىپ ، ئۇنى روھىي كىشلەنلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئەسلىدىكى ئەركىن ساپ ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك . ئىنساندىكى نەفستە زور بىر ئالۋاستى يوشۇرۇنغان ، ئىنسان ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىدىكەن ، ئۇ ئىنساننى گۇناھ پاتقىغا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ . شۇڭا ئىنسان ھەر دەقىقىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ، كۆزىتىپ تۇرۇشى ( يەنى مۇھاسىبە ئىچىدە بولۇشى ) ۋە بۇ ئارقىلىق نەپسىنى يېڭىشى كېرەك .

شۇندىن تارتىپ « مۇھاسىبە » مۇ تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم ئىستىلاھلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى .

**(5) فەنا**

تەسەۋۋۇپتا « فەنا » ( يوق بولۇش ) ئاتالغۇسىنى دەسلەپ بولۇپ ئىشلەتكەن كىشى « سۇلتانۇل ئارىفىن » دەپ شۆھرەت قازانغان ، ئۆزىگە خاس قاراشلارغا ئىگە بولغان مۇتەپەككۇر ئەبۇ بەزىد بەستامى ياكى بايەزىد بەستامى ( مىلادى 875 - يىلى ، ھىجرىيە 262 - يىلى ۋاپات بولغان ) ئىدى .

ئۇ ئۆزىنىڭ « فەنا » قارىشىدا رەبئەتۇل ئاداۋىييەنىڭ « ئىشق » تەلىماتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان بولۇپ ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، ۋۇجۇدى ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق ئۈچۈن ئاخىرقى مەنزىل — فەنا ، يەنى يوق بولۇشتىن ئىبارەت . بۇ يوق بولۇش ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقى ئىچىدە يوق بولۇپ كېتىشى ، يەنى ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان يوق بولۇش جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆلۈش يەنى يوق بولۇشنى ئەمەس بەلكى ئاشىقنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىپ ، ئۆزلۈكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالىتىگە قارىتا ئېيتىلغان .

بەزى غەرب ئالىملىرى بايەزىد بەستامىنىڭ بىر ھىندىستانلىقتىن تەلىم ئالغانلىقى ۋە شۇنىڭ تەسىرىدە بۇ قاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى

بەزى مەزمۇنلارنىڭ ھىندىستاننىڭ دىنىي پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرى ھېسابلانغان « ئۇپانىشاد » (Upanisad) ۋە « بخاگاۋادگىتا » (Bhagavadgita) دىكى مەزمۇنلارغا بەكمۇ يېقىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بولسا بۇ پىكىرلەرنىڭ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

فرانسىيە ئالىمى كارراديۋائۇكس (Carra de vaux) غەززالىي ھەققىدە يازغان كىتابىدا « ئىسلام تەسەۋۋۇپىدىكى « فەنا » نىڭ ھىندىلارنىڭ « نىرۋانا » سى بىلەن ھېچبىر باغلىنىشى يوق ئىكەنلىكىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن چۈشەندۈردى[10]» ئاتاقلىق ئىرانشۇناس، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملاردىن بىرى ي. ئې. بېرتېلىس ئۆزىنىڭ «سۇفىزىم ۋە سۇفىستىك ئەدەبىيات» دېگەن ئەمگىكىدە، تەسەۋۋۇپتىكى «فەنا» چۈشەنچىسى بىر قىسىم غەرپ ئالىملىرى كۆرسەتكەندەك ھىندىلارنىڭ بۇددا دىنىدىكى «نىرۋانا» (Nirvana) دىن كېلىپ چىققان دېيىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، بۇ ئىككى چۈشەنچە ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ھەم تەسەۋۋۇپتىكى « فەنا » كۆز قارىشىنىڭ تەرەققى قىلىپ « بەقا » ( مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك ) كۆز قارىشىغا راۋاجلانغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بۇددىزىمدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە بولغان « نىرۋانا » دىن روشەن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ[11].

« فەنا » — تەسەۋۋۇپتىكى ناھايىتىمۇ چىگىش، مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنى سۆز مەنىسى بويىچە بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا « ئۆلمەك، يوق بولماق دېيىش » مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى مەنىسىنى ئىزاھلاش، شەرھىلەشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭغا يۈز رىسالىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئەلشىر نەۋائى شۇنداق يازىدۇ:

دېدىڭ: « فەنا نېدۇر ؟ » مۇختەسەر دېيىن: « ئۆلەمەك ! »
كى شەرھىن تىلەسەڭ، يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.
( « فەنا دېگەن نېمە ؟ دەپ سورىدىڭ، قىسقىلا دېسەم، « ئۆلمەك ! » ،
ئەمما شەرھىسىنى تەلەپ قىلساڭ، يۈز رىسالە بولىدۇ. )

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى ھەمزە پانسۇرى ئۆزىنىڭ «ئەسرارەل ـ ئارىفىن» (ئارىفلارنىڭ سىرلىرى) ناملىق ئەسىرىدە « فەنا » نى شۇنداق شەرھىلەيدۇ: « فەنا ـ يەنى ئۆلمەك، بۇ خۇدادىن باشقا ھەممە نەرسىنى يوق ئېتىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆلۈم ئىچىدە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنسە، ئۇنى فەنا بولدى ( ئۆلدى، يوق بولدى ) دېيىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭدىن خۇدادىن ئۆزگىنىڭ ھەممىسى تېخى تولۇق يوقالمىغان بولىدۇ. بۇ فەنا دېيىلمەيدۇ. قاچانكى خۇدادىن باشقا ھەممە نەرسە يوق قىلىنسا، شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنىمۇ، كىمگە سېغىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنۇتۇپ بىرلىككە ئېرىشىپ فەنا بولىدۇ ... »[12]

بايەزىد بەستامىنىڭ فەنا قارىشى — مەنىۋى جەھەتتىن كامىللىققا ئېرىشىپ ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق ئېتىش، ئۆزلۈكتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالماسلىق بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئاشىق ئۆز مەشۇقى بىلەن قوشۇلۇپ بىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا، « يىلان پوستىنى تاشلىغىنىدەك مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەرك ئەتتىم. بىر

چاغدا ئۆز ماھىيىتىمگە قارىسام ... ئاھ، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپتىمەن.» دەيدۇ[13]. ئۇ يەنە
«سۇبھانى سۇبھانى مائەئزىمەشانى» (ئۇلۇغمەن، ئۇلۇغمەن، شانۇ شەرەپكە تولۇقمەن) دەپ
ئىسلام دىنىدا پەقەت ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندا قوللىنىلىدىغان «سۇبھان» سۆزىنى ئۆزىنىڭ
فەنالىق ئىچىدىكى روھىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەنىدى. ئۇ بۇ سۆزلىرىنى تېخىمۇ
كېڭەيتىپ، «مەن ئۆزۈمدىكى ھەر قانداق قۇسۇرلاردىن قۇتۇلدۇم. جىسمىمدا خۇدادىن بۆ-
لەك ھېچنەرسە قالمىدى. ئۇلۇغمەن، ئۇلۇغمەن، شانۇ شەرەپكە تولۇقمەن.» دەيدۇ[14].

بەستامىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەنسۇر ھەللاجنىڭ سۆزلىرىنىڭ
ئاساسى ئىدى. ئۇ بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن كاپىر دەپ ئەيىبلىنىپ، ئۆز شەھرىدىن قوغلاپ چە-
قىرىلدى. لېكىن سوپىلار ئارىسىدا بولسا «سۇلتانۇل ـ ئارىفىن» دەپ شۆھرەت قازاندى.
ئەھلى سۈننەت ئارىسىدىمۇ چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، مۆتىدىل يول تۇتقان مۇتەسەۋ-
ۋىپ جۇنەيد باغدادى (مىلادى 911 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بولسا، بايەزىدنىڭ بۇ سۆزلىرىدە
«ئىسلامغا مۇخالىپ كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقلۇقى»نى[15] كۆرۈپ يەتكەنىدى. جۇنەيد بايە-
زىدنىڭ سۆزلىرىنى پەقەت خۇدا بىلەن بىرلىشىش خىيالىنىڭ چوڭقۇر قاينىمىغا
چۆككەنلىكتىن ئىبارەت دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بايەزىد ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى
پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ «سۇبھانى» دەپ خىتاپ قىلىپ ئاڭسىز ھالدا تەكرار ـ
تەكرار ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى خۇداغا قارىتا ئېيتىلغان[16].

جۇنەيدنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى قاراشلىرىمۇ ئاساسەن بەستامىنىڭ فەنا قارىشىدىن ئىبا-
رەت بولۇپ، بۇ ھەقتە «كىتاب ئەل ـ فەنا» ناملىق رىسالىمۇ يازغان. جۇنەيد سەرىيى
سەكاتى بىلەن مۇھاسىبىنىڭ مۇرىدى بولۇپ، ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىپ،
ئۆزىدىن ئىلگىرىكى سوپىلارنىڭ قاراشلىرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئەھلى سۈننەت
چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ قارىغان يەرلىرىنى تۈزىتىپ، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى ئەھلى
سۈننەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە راۋاجلاندۇرغانىدى. شۇڭا ئادەتتە تەسەۋۋۇپقا ئۆچمەنلىك
كۆزلىرى بىلەن قارايدىغان ئەھلى سۈننەت ئىچىدىكى فىقھىلار (قانۇنچىلار)، ئۆلىمالارمۇ
جۇنەيدگە ھۆرمەت قىلاتتى. چۈنكى ئۇ موتىدىل يول تۇتقانىدى. شۇڭا ئۇ كىشىلەر تەرىپى-
دىن «تاۋۇسەل ـ ئۇلەما» («ئۆلىمالار ئىچىدىكى توز») دەپ ئاتالغان. ئەتتارمۇ، «ئۇنى
باغدات ئىچىدە ‹ سەييىدۇت ـ تائىفە ›(سوپىلار ئائىپىنىڭ ھۆكۈمرانى)، ‹ سۇلتانۇل مۇھەق-
قىقىن ›(ھەقىقەتچىلەر سۇلتانى) دەپ ئاتىشاتتى» دەپ قەيد قىلغان.

ئەبۇ يەزىد بەستامى ئوتتۇرىغا قويغان فەنا كۆز قارىشى شۇندىن تارتىپ
تەسەۋۋۇپتىكى ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەنزىلىنىڭ نامى بولدى. فەنا قارىشى ئۆزىنىڭ
بارلىققا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلىغان ئىشق تەلىماتىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، ئاشىقنىڭ ئۆز
مەشۇقىغا يېتىشىدىكى ئالدىنقى شەرت — ئۆزلۈكتىن كېچىش، ئۆزلۈكنى يوقىتىش، يەنى فەنا
بولۇش بولدى. تەسەۋۋۇپتىكى بۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىشق كۆز قارىشى بىلەن بىرلىكتە شېئ-
رىيەتنىڭ سېھرى كۈچىنى ئاشۇرىدىغان تېمىلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. نەۋائىي غەزەللىرىدە
شۇنداق يازغانىدى:

دېمە جامى فەنا ئىچرە ئېزىلمىشتۇر ئەجەل زەھرى،

نەۋائىي جان بېرىپ ئۇل جامنى چەكمەكتۇر ئەرمانىم .

ئۆز ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدا يېڭى قاراشلارنى ئۇزلۇكسىز ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ، تېخىمۇ تولۇقلىنىپ مۇكەممەللىشىپ ھەم مۇرەككەپلىشىپ بېرىۋاتقان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ «ھۇسنى مۇتلەق » كە يېتىش يولىدىكى پىكىر تەرەققىياتى « فەنا » بىلەن تۈگەللەنمىدى . تەسەۋۋۇپتىكى مەنىۋى يۈكسىلىش جەريانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان چۈشەنچىلەرنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قاراش قوشۇلۇشى كېرەك بولاتتى . بۇ نۇقتىنى مۇتەسەۋۋىپلار تونۇپ يېتىشكەنىدى . ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ، مۇرەككەپ بىر روھىي ھالەت جەريانلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ ھەق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى ھالەتنى يەنە « فەنا » دەپ ئاتاش توغرا بولمايتتى . چۈنكى ، فەنا ــ يوق بولۇش دېمەك ، بۇ ئۆزلۈكنىڭ يوق بولۇپ ھەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشىنى بىلدۈرىدۇ . ھەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش بولسا ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش دېگەن گەپ ، شۇڭا ئۆزلۈك يوقلىپ ھەق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ھالەت « فەنا » ئەمەس ، بەلكى « بەقا » دېيىلىشى كېرەك ئىدى . شۇنىڭ بىلەن « فەنا » دىن « بەقا » چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ ، بۇ ئىككىسى ئايرىلماس بىر جۈپ ئاتالغۇ بولۇپ قالدى . ئەبەدىيلىككە ئېرىش ئۈچۈن ( بەقا بولماق ئۈچۈن ) ئالدىنقى شەرت ــ ئۆزلۈكنى يوقتىش ، يەنى فەنا نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا :

ئەي نەۋائىي دەۋلەتى باقى تىلەرسەن ۋەسلىدىن ،
ئانى كەسب ئەتمەك فەنا بولماي نى ئىمكان ئاقىبەت .

« فەنا » ۋە « بەقا » ــ ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆزلۈكنى يوقتىش ۋە ھەق بىلەن بىرلىشىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش مەنىسىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن يەنە « فەنا فىللاھ » ، « بەقا بىللاھ » شەكلىدىمۇ قوللىنىلغان . يەسەۋى ئۆز ھېكمەتلىرىدە شۇنداق ئىشلىتىدۇ :

لى مەئەللاھى مەقامىغا بارماغۇنچە ،
ئەنتەمۇتۇ سەرايىغە كىرمەگۈنچە ،
فەنا فىللاھ دەرياسىغا چۆممەگۈنچە ،
بەقا بىللاھ گەۋھەرىدىن ئالسا بولماس .

مانا شۇ فەنا قارشىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىپ ئۆزىنىڭ يوق بولغانلىقىنى ئېيتقان سوپى ــ مەنسۇر ھەللاجى ئىدى .

### (6) « ئەنەل ھەق »

« ئەنەل ھەق » تەسەۋۋۇپتىكى مەلۇم بىر كۆز قاراش ياكى چۈشەنچىنىڭ نامى ئەمەس . ئۇ پەقەت مەنسۇر ھەللاجىنى دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ نامىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تاراتقان بىر ئېغىز سۆزدىنلا ئىبارەت . بۇ سۆز ئەھلى سۈننەت بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئەڭ كەسكىن باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى . ياپونىيەلىك ئىسلامشۇناس ئىزۇتسۇ توشىھىكو « ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى » ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسەۋۋۇپ قىسمىدا ، « دەسلەپكى باسقۇچتىكى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئۈچ مەشھۇر شەخس بار . ئۇلار جۇنەيد باغدادى ، ئەبۇ يەزىد بەستامى ۋە ھۇسەيىن

مەنسۇر ھەللاجىدىن ئىبارەت » دەپ يازغانىدى[17].

بۇ ئۈچ چوققىنىڭ بىرى بولغان مەنسۇر ھەللاجى ( تولۇق ئىسمى : ئەبۇل مۇغىس ئەل ـ ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ئەل بەيزەۋى بولۇپ ، ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ ئىسمى ، ھەللاج بولسا لەقىمى .) ھىجرى 244 ـ يىلى ( مىلادى 857 ـ يىلى ) فارس ۋىلايىتىنىڭ بەيزا شەھرى ئەتراپىدىكى تۇردا دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ياشلىقىدىنلا تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن بولۇپ ، شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق سوپىلاردىن ، جۇملىدىن جۇنەيد باغدادىدىن تەلىم ئالغان . لېكىن تەسەۋۋۇپتا مۇتىدىل يول تۇتۇپ ، ئۇنى ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش خاھىشىدىكى جۇنەيد ھەللاجىنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى دەسلەپكى پىكىرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالمىغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ھەللاجى جۇنەيدىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ جاھان كەزدىلىككە ئاتلىنىدۇ . ئۈچ قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدۇ . ماۋەرائۇننەھر ۋە ھىندىستانلارغا بارىدۇ . ئەتتارنىڭ «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا» دىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا ، چىن ( خوتەن ) غىمۇ كەلگەن . مەنسۇر ھەللاجى مانا شۇ جاھان كەزدىلىك ھاياتى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى سۆزلەپ تارقاتقانىدى . ئۇ ئۈچىنچى قېتىملىق ھەجدىن كېيىن (مىلادى 900 ، ھىجرى 268 ـ يىلى) باغداتقا قايتىدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇرىدلار توپلانغانىدى . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر سۆزلىرى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆلىما ـ موللىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى . ئەسلىدىنلا تەسەۋۋۇپنى ئىسلامدىن چەتنەپ كەتتى دەپ ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى مەنسۇر ھەللاجغا قارشى چىققانىدى . ھەللاجىنىڭ « ئەنەل ھەق » ( مەن ھەقمەت ، مەن خۇدامەن ) دېگەن سۆزى ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىپ ، ئۇ زىندانغا تاشلانغان . دوكتور كەمال ئەراسلاننىڭ پىكرىگە قارىغاندا ، ھەللاجى ئۆزىنىڭ دىۋانى ــ « تەۋاسىن » نى زىنداندا يازغان[18].

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە بايەزىد بەستامىنىڭ فەنا قارىشىنىڭ راۋاجى بولۇپ ، ھەللاجى ئۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەنىدى . ئۇ بىرىنچى قېتىم زىنداندىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۆز ئېتىقادىدىن ، كۆز قاراشلىرىدىن يالتايمىغان . ئەكسىچە داۋاملىق « ئەنەل ھەق » دەپ خىتاب قىلغان . شۇنىڭ بىلەن يەنە زىندانغا تاشلىنىپ سەككىز يىل قامالغان . پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ بايانىغا قارىغاندا ، كىشىلەر زىندانغا كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ :

« ئەي ، ھۇسەيىن ! دېگەن سۆزۈڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورىغىن ، زىنداندىن قۇتۇلىسەن » دېگىنىدە ، ھۇسەيىن شۇنداق جاۋاب بەرگەن :

« مەن ئۇزىر سورىغىدەك نېمە دەپتىمەن . مەن خالىقنى قويۇپ خەلققە يالۋۇرمايمەن» ( ياراتقۇچىدىن كېچىپ ، يارالغۇچىغا يەنى ئىنسانغا يالۋۇرمايمەن )[19].

مەنسۇر ھەللاجى زىنداندىكى قىيناشلار ئالدىدىمۇ ئۆز ئېتىقادىدىن يانمىغانلىقى ئۈچۈن شۇ چاغدىكى باغدادنىڭ قازىسى ئۆمەر ھەممەدىنىڭ پەتىۋا بېرىشى بىلەن خەلىپىدىن مەنسۇر ھەللاجىنى دارغا ئېسىشنى تەلەپ قىلغان . بەزى مەلۇماتلاردا مەنسۇرنىڭ مۇرشىدى جۇنەيدنىڭمۇ پەتىۋا بېرىشى تەلەپ قىلىنغان دەپ قەيد قىلىنىدۇ . « تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا » دا بايان قىلىنىشىچە ، جۇنەيددىن مەنسۇرغا پەتىۋا بېرىش تەلەپ قىلىنغان . شۇنىڭ بىلەن

جۇنەيد « ئۇچىنچى سوپىلارنىڭ تونىنى سېلىپ، ئۆلىما قىياپىتىگە كىرىپ » شۇنداق پەتىۋا چىقارغان: « بىز ئۇنىڭ زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىمىزكى ئۆلۈمگە لايىقتۇر، باتىنىنى ئاللاھ بىلىدۇ »[20]

قازىنىڭ ھۆكمىگە خەلىپىنىڭ تەستىق سېلىشى بىلەن ھىجرىنىڭ 309 ـ يىلى ( مىلادى 922 ـ يىلى ) ئەتىيازدا مەنسۇر ھەللاجى دارغا ئېسىلغان، بېشى نەچچە كۈنگىچە دار ياغىچىغا ئېسىپ قويۇلغان. تېنى نەچچە پارچە قىلىنىپ كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى دەجلە دەرياسىغا سورۇلغان. مەنسۇر ھەللاجى دار ئالدىغا كەلگەندە دۇئا ئوقۇپ خۇداغا شۇنداق ئىلتىجا قىلغانىكەن: « ... سېنىڭ قۇللىرىڭ ساڭا بولغان يېقىنلىقلىرى ۋە دىنغا بولغان سادىقلىقلىرى سەۋەبىدىن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولدى. ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن. چۈنكى سەن ماڭا كۆرسەتكەن سىرلارنى ئۇلارغىمۇ كۆرسەتكەن بولساڭ، مېنى بۇنداق چۈشەنمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇلاردىن يوشۇرغان سىرلارنى مەندىنمۇ يوشۇرغان بولساڭ، بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلىمەس ئىدىم »[21]

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئىچىنىشلىق ئاقىۋىتى سوپىلارنى بىرئاز چۆچىتكەنىدى. ئۇلار رىئاللىققا يۈزلەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى. تەسەۋۋۇپقا ئۈچمەنلىك بىلەن قاراپ، قارشى چىققانلار ئەھلى سۈننەت ئىچىدىكى ئۆلىمالارلا ئەمەس، يەنە مۇئتەزىلىيلەرمۇ بار ئىدى. چۈنكى تەسەۋۋۇپ بولسا « ۋۇجۇدى مۇتلەق » نى تۇيغۇ يەنى ئىشق ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. مۇئتەزىلىيلەر بولسا ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئەقلچىلىك ئېقىمى بولۇپ، بىلىشتە ئەقلنىڭ رولىنى ئۈستۈن قوياتتى. تەسەۋۋۇپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە ئەقلنىڭ ئورنىنىڭ ئىككىنچى ئورۇنغا قويىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەسەۋۋۇپ ئىسلام پەلسەپىسىدىكى تەسىرى چوڭراق بىر پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا پىكىر ئېقىمى ۋە خاھىشتىكىلەر بىلەن ئىختىلاپ، توقۇنۇش ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان. تەسەۋۋۇپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارمۇ كۆپىيىپ تۇرلۇك ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆچمەنلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرلۇك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ بېرىشى، تەسەۋۋۇپتىكى يېڭى ـ يېڭى قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەر قايسى ئېقىملار، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارمۇ ـ قارشىلىقلارنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ قارشىلىقلار ئىچىدە ئەھلى سۈننەت بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشكەن بولۇپ، ئۇلار سوپىلارنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ ھەقتە گولدزىر شۇنداق يازغانىدى: « XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باغداتتا ئورتودوكسلارنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، نامى چىققان سوپىلاردىن قىيىن قىستاققا ئېلىنمىغان بىرەرسىمۇ قالمىغان »[22]

بۇ قارمۇ ـ قارشىلىقنىڭ يۇقىرى چېكى مەنسۇر ھەللاجى بولدى. ھەللاجىنىڭ ساۋىقىدىن كېيىن سوپىلار سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ئاۋام خەلق چۈشىنەلەيدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان دائىرە ئىچىدە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى. تەسەۋۋۇپ ئۆز

تەرەققىياتىنىڭ قىيىن بىر دەۋرىگە كېلىپ قالغانىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئالدىدا پەقەت بىرلا يول — ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلىشىش. ئۇلار يول قويغان دائىرىدە پىكىر قىلىش يولى بار ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆز ئىدىيىلىرىنى داۋاملىق تەرغىپ قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدا بۇ قىيىن باسقۇچقا دۇچ كېلىشى، تەسەۋۋۇپ بىلەن تۇرلۇك پىكىر ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ، قارمۇ — قارشىلىقنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «تەسەۋۋۇپ ئاشۇ قىيىن باسقۇچنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، تەرەققىي قىلىپ ئوتتودوكسلارمۇ ئېتىبارسىز قارىيالمايدىغان بىر كۈچكە ئايلاندى. ھەم ھەر خىل راتسىئونالىزملىق (ئەقلچىلىك)، مىستىتسىزملىق ۋە ترادىسيونالىزملىق ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى ئورتودوكسال ئېتىقادقا ئېلىپ كىرگەن غەزالىيدەك «ھۆججەتۇل ئىسلام» مەيدانغا كەلدى»㉓.

تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش خاھىشى دەسلەپكى سوپىلاردىن خارىس مۇھاسىبى ۋە جۇنەيد باغدادىلارلاردا خېلى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەنىدى. ئەمما، بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ، ئەھلى سۈننەت بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى قارمۇ قارشىلىق ۋەزىيىتىگە ھەقىقىي يوسۇندا خاتىمە بەرگەن كىشى — مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس، پەيلاسوپ ھەم سوپى ئىمام غەززالى بولدى. بۇ باسقۇچ تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدىكى بۇرۇلۇش باسقۇچى بولغانىدى.

### (7) غەززالىينىڭ تۆھپىسى

ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل غەززالى ھىجرى 450 — يىلى (مىلادى 1058 — يىلى) خۇراساننىڭ تۇس شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، 505 — يىلى (مىلادى 1111 — يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئۆلىما — ئالىملىرىدىن جۇۋەينى، ئىمام ئەل ھەرەمەينلەردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىلىم جەھەتتىكى پەۋقۇللاددە تالانتى ئۇنىڭ نامىنى تېزلا تاراتقانىدى. بۇ ھەقتە ياپونىيەلىك ئالىم ئىزۇتسۇ توشھكو: «ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن دەۋر قەھرىمانىنى يارىتىدۇ. شۇنداقلا قەھرىمانمۇ دەۋرنى يارىتىدۇ دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىغان زات — غەززالى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان باغداتتىكى نىزامىيە مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەززالىنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە تارالغان، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بولۇپ قالغانىدى» دەپ يازىدۇ㉔.

دەرۋەقە، غەززالىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ئورنى ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، «ھۆججەتۇل ئىسلام»، «زەينۇددىن» (دىنىنىڭ زىننىتى) دېگەنگە ئوخشاش ھۆرمەت ناملىرىغا سازاۋەر بولغان. ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر كېيىن ئۆتكەن تەرىقەتچى پەيلاسوپ سەبۇكى ئۇنىڭغا، «ئەگەر مۇھەممەددىن كېيىنمۇ پەيغەمبەرلىك ۋاجىپ بولغاندا، بۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئەل — غەززالى مۇناسىپ ئىدى» دەپ تەرىپ بەرگەن㉕. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ دەۋرلەردىن باشلاپلا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان. گېگېل ئۇنىڭ

ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان بولۇپ، ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا، «شەرقنىڭ بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىگىلىگەن دانا سىكېپتىك(26)» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن(27).

غەززالىنىڭ ئىدىيىسى تولىمۇ مۇرەككەپ جەريانلار ئىچىدە تەرەققى قىلغان. ئۇ شۇ دەۋردە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ھەممىسى بىلەن دېگۈدەك ئۇچراشقان. نىزا مۇل مۇلك تەسىس قىلغان نىزامىيە مەدرىسىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىن-لەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاساسىي دىققەت ئېتىبارى پەلسەپىگە قارىتىلغانىدى. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلغىنى ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئارىستوتېل ئېقىمىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بولغان فارابى (873 ـ 950) بىلەن ئىبىن سىنا (980 ـ 1037) لارنىڭ پەلسەپىسى ئىدى. دەسلەپتە غەززالى بۇلارنىڭ بەلگىلىك تەسىرىگە ئۇچرىغان. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە بارا ـ بارا زىددىيەت تۇغۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇ فارابى بىلەن ئىبىن سىنالارنىڭ پەلسەپىسىنى تې-خىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشىنىشكە كىرىشكەن ۋاقىتتا بولسا، ئۆز ئىدىيىسىدە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر شۈبھىلىنىشنىڭ باش كۆتىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ توقۇنۇشلارنىڭ ئاساسى سەۋەبى ئەقىل بىلەن ئېتىقاد-نىڭ كۆرىشى ئىدى. ئۇ ئەقىلنىڭ ھەقىقەتنى بىلەلىشىگە گۇمان بىلەن قاراشقا باشلايدۇ. بۇ گۇمان ئاخىرى ئۇنىڭغا پەلسەپىنىڭ ئۇ بىلمەكچى بولغان ھەقىقەتنى بىلىشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە قاتتىق بىر داۋالغۇش پەيدا قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ فارابى، ئىبىن سىنالارنىڭ قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىشقا ئۆتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا راتسىئونالىستىك خاھىش كۈچلۈك بولۇپ، بىلىشتە ئەقىلنىڭ رولى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلاتتى. غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدە ئىزچىل يوسۇندا زىددى-يەت ئىچىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە دەل مانا شۇ ئەقىلنىڭ بىلىشتىكى رولى مەسىلىسى ئىدى. ئۇ ئەقىلنىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى رولىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، لېكىن مۇتلەق ھەقىقەتنى ئەقىل ئارقىلىق بىلىش مۇمكىنلىكىدىن گۇمانلىناتتى. بۇ گۇمان، شۈبھىلىنىشنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدە زور بىر يىمىرىلىش پەيدا قىلدى. ئۇ ئىدىيىسىدىكى بۇ مەسى-لىلەرنى پەلسەپىگە تايىنىپ ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىزامىيە مەدرىسىسىدىكى مۇدەررىسلىك ئورنىدىن ئىستىپا بېرىپ، نام ـ ئابرويىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن جاھان كېزىشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ سوپىلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىغىمۇ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن ئىشقى بىلەن ھەقنى زىكرى قىلىپ ساماغا چۈشۈشلىرى ئۇنىڭ روھىدىكى داۋالغۇشلارغا يول كۆرسەتكەندەك بولىدۇ. چۈنكى سوپىلار-نىڭ قارىشىدا مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ۋاستىسى ئەقىل ئەمەس بەلكى تۇيغۇ ئىدى. غەززالىنىڭ بىلىش ھەققىدە گۇمان بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنىمۇ دەل شۇ يەردە ئىدى.

غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇنداق داۋالغۇش، زىددىيەتلەرنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسىمۇ بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى قىزغىنلىقىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى، شەكىل ئۈچۈنلا دىنى رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىپ، چىن دىلىدىن ئىخلاس بىلەن دىنغا

بېرىلمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇئتەزىلىيلەرنىڭ راتسىئونالىستىك (ئەقىلچىلىك) قاراشلىرىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ قىلىشى، كىشىلەرنىڭ دۇنياۋى مەئىشەتكە بەك بېرىلىپ كېتىشى قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئىجتىمائىي ئاساس ئىدى. غەززالىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «دەۋر ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كېسەلگە» مۇپتىلا بولغانىدى»[28].

چۈنكى، ئەشئەرىيلەرنىڭ كالام پەلسەپىسىمۇ، مۇئتەزىلىيلەرنىڭ راتسىئونالىزىمىمۇ قاتمال، دوگمىچىلىق ئاساسىدىكى شەكىلۋازلىققا (فورمالىزىم) غا تايانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا ئاجىزلىق قىلغانىدى. غەززالى دەۋرنىڭ بۇ «ئېغىر كېسەل» نى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر يولى قۇرۇق شەكىلۋازلىققا ئايلىنىپ قالغان ئېتىقادنى قايتىدىن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئېلىپ كىرىپ، «مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئابى ھايات بىلەن ئۇنى تىرىلدۈرۈش»[29] دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى، ئۇ جاھانكەزدىلىك ھاياتى ئىچىدە سوپىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللانى ياد ئېتىش، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ساماغا چۈشۈش ئارقىلىق قەلبىنى «خۇدانىڭ نۇرى» («نۇرى ئىلاھىيە») بىلەن پارلىتىشىدىن ئىبارەت «تەجرىبە» سىنى كۆرگەن ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىزغىنلىقىنى جانلاندۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل دەپ قارىغان.

غەززالى سوپىلاردىكى مانا شۇ ئىچكى قىزغىنلىق ئارقىلىق دەۋرنىڭ «ئېغىر كېسىلى» نى داۋالاش مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەسەۋۋۇپنى قىسمەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىگە زىت ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ، بۇ ئارقىلىق دىنىنى گۈللەندۈرۈش يولىنى تۇتۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ گۈنكى كۈندىمۇ ئىسلام ئەللىرىدە قايتا نەشر قىلىنىپ قەدىرلىنىپ كېلىۋاتقان نوپۇزلۇق ئەسىرى «ئىھيائۇل — ئۇلۇمەددىن» («دىنىي ئىلىملەرنى تىرىلدۈرۈش») ناملىق تۆت جىلدلىق ئەسىرى مانا شۇ مەقسەتتە يېزىلغانىدى. غەززالى بۇ ئەسىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق توختالغان.

غەززالى تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەتنى بىرلەشتۈرۈشتە، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپتىكى بەزى ئىلمىنىتلارنى، مۇقەددەس زات، مۇقەددەس قەبرىلەرگە تاۋاپ قىلىش خاھىشلىرىنى چەكلەپ تاشلىدى. ئۇ ئەھلى سۈننەت چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ قارىغان بەستامى، ھەللاجىنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش پىكىر چۈشەنچىلەرگە قارىتا بىر ئاز سىلىقلاپ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاشلارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، «ئىنسانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە سۆزلىشىڭلار.» دەپ كۆرسەتتى[30]. ئۇ يەنە، «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ»[31] دېگەن ھەدىسكە تايىنىپ سوپىلارنىڭ سۆز — ھەرىكەتلىرىنى دەلىللىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، غەززالىنىڭ تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەتنى بىرلەشتۈرۈشتە تايانغان ئۇسۇللىرى ئىدى. ئۇ مانا شۇ ئاساستا ھەقنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش كېرەك، بارلىق بىلىملەر ئۆزىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ، دېيىش ئارقىلىق سوقراتنىڭ ئىنساننىڭ ئۆز — ئۆزىنى تونۇشى ھەققىدىكى تەلىماتىنى قايتا گەۋدىلەندۈرگەنىدى.

غەززالى تەسەۋۋۇپنىڭ ھەقنى بىلىش توغرىسىدىكى تەلىماتى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ توغرا

ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۈننەتكىمۇ مۇخالىپ ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دەيدۇ:
« ئەڭ ئالدى بىلەن ئاللا يولىدا ماڭغانلارنىڭ سوپىلار ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. ئۇلارنىڭ تۇر-مۇشى ئەڭ گۈزەل تۇرمۇش، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى ئەڭ توغرا ئۇسۇل، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ئەڭ ساپ پەزىلەت ..... ئۇنداق بولسا تەسەۋۋۇپنىڭ يولىنى (تەرىقەتنى) ئادەتتىكىچە قىلىپ يەنە قانداق تەرىپلەش مۇمكىن؟ ساپلىق ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى، بۇ قەلبىنى ئۇلۇغ ئاللادىن ئۆزگە ھەممىدىن پاك ـ پاكىز تازىلاش دېگەنلىك. بۇ ئۇسۇل ئىبادەت قىلغاندىكى نامازنىڭ ئاشكارە ھەرىكەتلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچلۇق يېرى، قەلب پۈتۈنلەي ئاللانى خىيال قىلىش ئىچىگە غەرق بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولسا ئاللاھتا فەنا بولۇشتىن (يوق بولۇشتىن) ئىبارەتتۇر»(32)

غەززالى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن تەسەۋ-ۋۇپ ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ، ئاۋام خەلقنىڭمۇ ئالقىشىغا ئېرىشكەندى. ئىلگىرى تەسەۋۋۇپقا ئۆچمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان سۈننى مەزھەبىدىكى « ئىبنى ئەل جەۋزى ۋە ئىبنى قايىملارغا ئوخشاش ئالىملار غەززالىنىڭ بۈيۈك مەنىۋى سالاھىيىتى ئالدىدا باش ئەگدى »(33) شۇنىڭ بىلەن « سوفىزىم ئىسلامدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولدى ۋە بۇ ئورۇننى Ⅴ، Ⅵ ئەسىردىن ئۈزۈنراق، يەنى ئىبنى ئەبدۇلۋەھھابنىڭ ۋاھابىلىق تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، سوفىزىمغا قارشى ھەرىكەت قوزغالغانغان قەدەر ساقلىدى »(34)

دېمەك، غەززالى تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەتنى بىرلەشتۈرۈپ، تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىدا بۇرۇلۇش ياساپ، ئۇنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ياراتتى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، تەسەۋۋۇپنى « قانۇنىي » ئورۇنغا ئىگە قىلغانىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقشۇناس ئالىمى غەززالىشۇناس ۋ. ۋ. نائۇمكىن (B. B. HAYMKNH) غەززالى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان تەسەۋۋۇپنى « مۇنىستىك سوفىزىم » (بىر مەنبەلىك سوفىزىم) دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە « غەززالى مۇنىستىك سوفىزىم سىستېمىسىنى ياراتتى » دەپ كۆرسىتىدۇ(35)

مېنىڭچە، غەززالى تەسەۋۋۇپقا ئالاھىدە بىر يېڭى تالىمات، ياكى كۆز قاراشلارنى ئېلىپ كىرمىدى. لېكىن ئۇنى ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ « قانۇنىي » ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ غەززالىنىڭ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس.

**(8) ئىشراق**

ئىشراق سۆزىنىڭ مەنىسى نۇرلىنىش، پارلاش دېگەنلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى پىكىر تەرەققىياتىدا ئېپادىلەنگەن قەلبىنى ماسىۋادىن تازىلاش، ئۇنى پەقەت ئاللا-غىلا قارىتىش ئۈچۈن مەشغۇل بولغان پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قەلبىنى تازىلاپ، پەقەت ئاللانىلا خىيال قىلىش بىلەنلا بەند بولۇش، ھەممىنى ئۇ-نۇتۇپ ئاللانىڭ خىيالى قايىنمىغا چۆكۈش ئارقىلىق قەلبىنى ئىلاھىي نۇر («نۇري ئىلاھىيە») بىلەن يەنى ئاللانىڭ نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇش، يورۇتۇش مۇمكىن. ئۇلار بۇنى «تەجرىبە» دەپ ئاتاشقان. ياپونىيەلىك ئىسلامشۇناس ئىزۇتسۇ توشىھىكونىڭ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا، بۇ « تەجرىبە » نىڭ ئەڭ دەسلەپكى كەشپىياتچىسى جۇنەيد باغدادى ئىكەن(36)

تەسەۋۋۇپتىكى ئىشراق چۈشەنچىسىنىڭ نەزەرىيىسىگە قارىغاندا، ئەمەلىيىتى يەتتى «تەجرىبە» سى بۇرۇنراق ئوتتۇرىغا چىققان. غەززالىمۇ سوپىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ قەلبىنى تازىلاش ئۇسۇللىرى بىلەن تاۋلىنىپ، قەلبىنى ماسىۋادىن پۈتۈنلەي تازىلاپ، «ئىشراق» (قەلبىنى نۇرلاندۇرۇشقا) قا مۇيەسسەر بولغان. ئۇ ئۆزى ھېس قىلغان «تەجرىبە» گە ئاساسەن، قەلبىنىڭ ئاللانىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ پارلىشى ھەققىدە «مىشكاتۇل - ئەنۋار» ناملىق رىسالىنىمۇ يازغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى كېيىنكىلەرگە بولۇپمۇ سۇھرىۋەردىنىڭ ئىشراق پەلسەپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

تەسەۋۋۇپتا ئىشراق چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، «قۇرئان» دىكى نۇر سۈرىسى ۋە باشقا سۈرىلەردىكى نۇرغا ئائىت مەزمۇنلار، ھەدىسلەردىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ نەزەرىيىسى قىسمەن ئىزاھلانغان. «قۇرئان» دىكى نۇر سۈرىسىدە: «ئاللا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ نۇرىدۇر ... ئۇ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.» (سۈرە نۇر، 35 - ئايەت) دېيىلگەن بولۇپ، ئاللانىڭ 99 نامىنىڭ بىرىمۇ نۇر ئىدى. ئۇلار شۇلارغا ئاساسلانغان ھالدا قەلب ماسىۋادىن تازىلانغاندىن كېيىن، قەلب ئاللانىڭ نۇرى بىلەن يورىيدۇ دەپ قارىغان، ۋە بۇنى بىۋاسىتە سېزىشكە، ھېس قىلىشقا ئىنتىلگەن بولۇپ، قەلبىنىڭ پارلىشىنى «تەجرىبە» دەپ ئاتىغان. شۇندىن باشلاپ تەسەۋۋۇپتىكى ئىشراق چۈشەنچىسىگە ماس ھالدا «نۇرى ئىلاھىيە»، «نۇرى مۇھەممەدىيە» ياكى ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە» دېگەنگە ئوخشاش چۈشەنچىلەرمۇ پەيدا بولغان. ھەتتا ئىبن سىنامۇ ئىنساننىڭ بىلىمى ئەسلى نۇرىنىڭ پارلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ دەپ قارىغانىدى.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ئىشراق چۈشەنچىسى ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى ئەقىل - پاراسەت، بىلىم قاراشلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، تەسەۋۋۇپ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا قەدىمكى ئاشۇ قاراشلاردىنمۇ قىسمەن ئوزۇقلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «قەدىمكى ئەرەبلەر خۇددى باشقا شەرق خەلقلىرىگە ئوخشاش ئەقىل - پاراسەت، بىلىمنى نۇر بىلەن باغلاپ، بىلىمى بار، ئەقىل - پاراسەتلىك ياكى ئاقىل كىشىنىڭ قەلبىدە چوقۇم نۇر بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئوخشاشلا، ئەرەبلەر قۇياش چىققان شەرقنى نۇرنىڭ ماكانى، قۇياش پاتىدىغان غەربنى بولسا قاراڭغۇلۇقنىڭ ماكانى دەپ ھېسابلىغان. ئەرەبلەر شەرقنى نۇر بىلەن باغلاپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشراقنى (جىلۋىلىنىش، پارلاشنى) ئوبرازلىق ھالدا قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشىگە سىمۋول قىلغان. ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، بۇ بىۋاسىتە سېزىش تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھەتتا ئەرەبچىدە ئىشراق بىلەن شەرق دېگەن ئىككى سۆزنىڭ يىلتىزىنىڭ ئوخشاش (sharg، شەرق) بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. كېيىن سوپىلار ئەرەبلەرنىڭ بۇ قارىشىنى قوبۇل قىلغان»[37]

بۇلاردىن سىرت تەتقىقاتلاردا يەنە ئىشراق قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشىدا زەردۇشت دىنىنىڭ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈرىشىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىك (دۇئالىستىك تەلىماتىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭمۇ بەلگىلىك تەسىرى بارلىقى، شۇنداقلا ئىشراق چۈشەنچىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىدا يېڭى پلاتونىزىمچىلارنىڭ «نۇرلىنىش» (流溢说) تەلىماتىنىڭ

تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئىشراق قارىشىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن رەسمى يوسۇندا شەرھىلەپ، ئايرىم بىر تەلىماتقا ئايلاندۇرغان كىشى ـ شەھابىددىن سۇھرىۋەردى (1151 ـ 1191) بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىماتى «ئىشراق پەلسەپىسى» دەپ ئاتالغان. سۇھرىۋەردى ئاساس سالغان بۇ تەلىمات ئۇنىڭ مۇرىدلىرى تەرىپىدىن تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئايرىم بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىپ، بۇ تەلىمات تەرەپدارلىرى «ئىشراقىيۇن» (نۇرچىلار) دەپ ئاتالغان.

## (9) ۋەھدەتى ۋۇجۇد (بارلىقنىڭ بىرلىكى)

تەسەۋۋۇپ دەسلەپكى ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دە جۇنەيد باغدادى، بايەزىد بەستامى، مەنسۇر ھەللاجىدەك ئۈچ چوڭ چوققىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىدا ئىبن ئەرەبىگە ئوخشاش «ئىسلام مىستىتسىزمىنىڭ ئاتىسى»[38]نى، جالالىددىن رۇمىغا ئوخشاش ‹سۇفىزىم تەرەققىياتىنىڭ ‹ئالتۇن دەۋرى› نى ھەقىقى پايانىغا يەتكۈزگەن»[39]مۇتەپەككۇرنى مەيدانغا چىقارغانىدى.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد دېگەن بۇ سۆز بىرىكمىسىنى تۇنجى بولۇپ كىم، قاچان ئىشلەتكەنلىكى تا ھازىرغا قەدەر ئېنىق ئەمەس»[40] بولسىمۇ، ئەمما بۇ سۆز بىرىكمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان چۈشەنچە، قاراشلارنى رەسمى يوسۇندا شەرھىلەپ، پەلسەپىۋى تەلىماتقا ئايلاندۇرغان كىشىنىڭ ئىبن ئەرەبى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا شەيخۇل ئەكبەر (ئەش ـ شەيخ ئەل ـ ئەكبەر) دەپ داڭ قازانغان ئەبۇ بەكىر مۇھەددىن ئىبن ئەل ـ ئەرەبى مىلادى 1165 ـ يىلى (ھىجرى 560 ـ يىلى) 7 ـ ئاۋغۇستتا، ئەندەلۇسىيە (ئىسپانىيە) نىڭ مۇرسىيە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەندەلۇسىيەدىكى مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان سېۋىلىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مۇشۇ يەردە ئالغان. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىلا ئەھمەد ئىبنۇل ئەسرى دېگەن بىر ياش سوپى بىلەن دوستلاشقان بولۇپ، تەسەۋۋۇپقا زور قىزىقىش بىلەن قارىغان. ئىبن ئەرەبى زېھنى قۇۋۋىتى جەھەتتىكى پەۋقۇلئاددە ئۈستۈنلۈكى بىلەن باتىنى ئىلىملەرنى ياخشى ئىگىلىگەن ھەم مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەن بولۇپ، تېخى ياش بولۇشىغا قارىماستىن ئەندەلۇسىيەدىكى ئىلاھىيەتشۇناسلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ نامى شۇ ۋاقىتتىكى مەشھۇر پەيلاسوپ ئىبن رۇشد (1126 ـ 1198) نىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكەن، ئىبن رۇشددا بۇ ياش سوپى بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالغانىدى.

بۇ ئۇچرىشىش ئىبن رۇشدنىڭ ئۆيىدە بولغان. ئىبن رۇشد ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ «ئىككى ھەقىقەت» تەلىماتىغا ئاساسلانغان ھالدا ھەقىقىي بىلىمگە پەقەت ئەقىل بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئىبن ئەرەبى بولسا تېخى ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن (بۇ ئۇچرىشىش 1182 ـ يىلى بولغان) ياش يىگىت بولۇشىغا قارىماستىن، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر دەسلەپكى بىلىملىرى ئاساسىدا ھەقىقى بىلىمگە نوقۇل ئەقىل بىلەنلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى تەسەۋۋۇپتىكى «كەشف» يولى بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ (يەنى ئەقىل ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىپ ئەمەس، بىۋاستە

سىزىم ئارقىلىق ھېس قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ ) دەپ قارايتتى . ئۇلار پەلسەپە ۋە تەسەۋۋۇپقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشقان . ئىبنى رۇشدنىڭ بىلىش ھەققىدىكى سوئاللىرىغا ، ئىبنى ئەرەبى ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە ئادەتتىكى بىلىملەر بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان مۇتلەق ھەقىقەتنى تەسەۋۋۇپتىكى مىستىكلىق يول ئارقىلىق بىلىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ جاۋاپ بەرگەن . « ئىبنى رۇشد سوپىنىڭ ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئالغان » (41)

ئىبنى ئەرەبىمۇ ئىلگىرىكى سوپىلارغا ئوخشاش ، تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەھەر كېزىشكە ئاتلانغان . تۇنىس ، قاھىرە ، ئىرۇسالىملارنى ئايلانغاندىن كېيىن ، 1201 – يىلى دەسلەپكى قېتىم مەككىگە ھەجگە بارغان ھەم ئىككى يىلغا يېقىن مەككىدە تۇرۇپ قالغان . بۇ ئارىلىقتا ئۇ «تاجۇل – رەسائىل» ، «روھۇل – قۇدس» قاتارلىق ھەجىمى كىچىكرەك ئەسەرلىرىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن . ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئەسىرى «فۇتۇھاتى مەككىيە» مۇ مۇشۇ ۋاقىتلاردا يېزىلىشقا باشلىغان . ئۇ يەنە مۇشۇ ۋاقىتلاردا مەككىدە گۈزەل بىر ساھىبجامالغا ئۆيلەنگەن ھەم ئۇنىڭغا بېغىشلاپ «تەرجۇمەنەل – ئەشۋاق» ناملىق شېئىرى ئەسىرىنى يازغان . ئۇ باغداد قاتارلىق بىر قانچە شەھەرلەرنى ئايلانغاندىن كېيىن كونياغا كەلگەن . ئۇنىڭ كونياغا كېلىشىنىڭ تارىخي ئەھمىيىتى ھەققىدە ئامېرىكىلىق ئالىم ر . ج . ئائۇستىن (R. J. Austin) « ئەندەلەسۇيەلىك سوفى » (SufiofAndalusia) ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق يازىدۇ : « ئىبنى ئەرەبىنىڭ كونياغا كېلىشى شەرقىتىكى سوفىزىمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى . سەدرەددىن كونيەۋى ئۇنىڭ يېقىن مۇرىدى بولۇپ ، ئۆز ئۇستازىنىڭ تەلىماتلىرىنى تارقاتقۇچى ئىدى . ئېھتىمۇ مۇھىمى بۇ ئۇلۇغ ئەندەلۇسىيەلىك بىلەن پارس سوفىزىمنىڭ كۆپلىگەن نامايەندىلىرى ، بولۇپمۇ جالالىددىن رۇمى ئارىسىدىكى زەنجىرنى ( ھالقىنى) ئۆزئارا تۇتاشتۇرغۇچى بولغانىدى » (42)

ئىبنى ئەرەبى بۇ سەپەرلىرىدە يەنە كۆپلىگەن شەھەرلەرگە بارغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇ دەمەشىققە كەلگەندىن كېيىن ، بۇ يەردە ماكانلىشىپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە تۇرغان ، ئۇنىڭ دەمەشىقتىكى ھاياتى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر يىرىك ئەسەلىرىنى تاماملىغان بىر دەۋر بولغانىدى . مانا شۇ دەۋردە ئۇ «فۇتۇھاتى مەككىيە » ( مەككە فەتىھلىرى ) ناملىق تۆت توملۇق 560 باپتىن تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك ، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى قاراشلىرى مۇپەسسەل بايان قىلىنغان يىرىك ئەسىرىنى يېزىپ تاماملىدى . تېخى 1964 – يىلىلا بۇ ئەسەرنىڭ يېڭى نەشرىنى يورۇققا چىقارغان ئو . يەھيا شۇنداق يازىدۇ : « بۇ كىتاب ، باتىنى ئىلىملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاز ئۇچرايدىغان نادىر ئەسەر بولۇپ ، ئۇنى پەلسەپە ، تارىخ ، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق تەرەپلەردە ئىبنى خەلدۇنىنىڭ « مۇقەددىمە » سى بىلەن ، ھوقۇقشۇناسلىق بويىچە شاتىبىنىڭ «مۇۋەفەقات»ى بىلەن ، رىتورىكا ساھەسىدە جۇرجانىنىڭ « ئەسرارەل – بەلەغە » سى بىلەن گىراماتىكىدا سىباۋەيھىنىڭ « كىتاب »ى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ» (43) بۇ ئەسەرنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغانلاردىن كوربىن (H. Corbin) ئۇنى ئىبنى ئەرەبىنىڭ « روھىي خاتىرىسى » دەپ ئاتىسا ، ئا . د . كىنىش « تەسەۋۋۇپ ئېنسىكلوپېدىيىسى » دەپ ئاتىغانىدى (44)

ئىبن ئەرەبى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەسەۋۋۇپقا دائىر ئىككىنچى يىرىك ئەسىرى « فۇسۇسۇل ھىكەم » ( ھىكمەت گۆھەرلىرى ) نى يازدى . بۇ ئەسەرگە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان شەرھىلەرمۇ كۆپ بولۇپ ، ئا . د . كىنىشنىڭ ئېنىقلىشىچە ، « فۇسۇسۇل ھىكەم » گە يېزىلغان شەرھىلەر بىر يۈز ئەللىكتىن ئاشىدىكەن . بۇ ئەسەر يېقىنقى ۋاقىتلاردىمۇ قايتا - قايتا نەشىر قىلىنغان . ( 1946 - يىلى بېيروتتا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان . 1985 - يىلى ئىككىنچى قىتىم ، نەشر قىلىنغان )

ئىبن ئەرەبى 1240 - يىلى ( ھىجرى 638 - يىلى ) 22 - ئاپرىلدا دەمەشققە يېقىن بىر كىچىك شەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ئوسمانلار ئىمپىرىيىسىنىڭ (1299 - 1922 ) سۇلتانلىرىدىن ياۋۇز سۇلتان سەلىم ( ھاكىمىيەت دەۋرى : 1512 - 1520 ) شامنى ( سۇرىيە ) ئىشغال قىلغاندا ، شەيخ ئەكبەر ئىبن ئەرەبىگە ئالاھىدە مەقبەرە ياسىتىپ ، مەقبەرىنىڭ يېنىغا بىر مەسچىد ۋە مەدرىس سالدۇرغان . بۇ جاي بۈگۈنكى كۈندىمۇ زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان زىيارەتگاھ بولۇپ تۇرماقتا .

ئىبن ئەرەبى ئۆزىگە قەدەر بەش ئەسىر ئىچىدە تەسەۋۋۇپتا ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق ئىدىيە ، چۈشەنچىلەرنى ، سوپىلارنىڭ سۆزلىرىنى جەملەپ يۇغۇرۇپ ، ئۇنى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتىرىپ ، تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتى — «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتىنى ياراتتى . شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار ئىبن ئەرەبىگە تەسەۋۋۇپنىڭ بەش ئەسىرلىك تەرەققىياتىنى خۇلاسىلەپ ، ئۇنى « سىستېمىلاشتۇرغان تالانت ئىگىسى » دەپ باھا بېرىدۇ .

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىبن ئەرەبىگە قەدەر بولغان تەرەققىياتى جەريانىدا قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا يېڭى كۆز قاراش ، چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئىدىيىۋى جەھەتتىن تولۇقلىنىپ بارغان بولسىمۇ ، ئۇلار ئاساسەن ھەقىقەتنى قەلب ئارقىلىق ھېس قىلىپ بىلىشتىن ئىبارەت «تەجرىبە » نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار بولۇپ ، نەزەرىيىۋىلىكى ئانچە كۆچلۈك ئەمەس ئىدى . ئىبن ئەرەبى ئەنە شۇ چاچما ھالدىكى كۆز قاراش ، چۈشەنچىلەرنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن دەلىللەپ چىقتى . « ۋەھدەتۇل - ۋۇجۇد » تەلىماتى ئەمەلىيەتتە ، تەسەۋۋۇپتىكى بەش ئەسىرلىك ئىدىيىۋى جۇغلانمىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ئىدى . بەستامىنىڭ سۆزلىرى ، مەنسۇر ھەللاجنىڭ ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن شەرىئەتتىن چەتنەپ « ھۇلۇل » ( سىڭىپ كىرىش ) ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى دەپ ئەيىبلەنگەن « ئەنەل ھەق » سۆزىدە بىز « ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد » قارىشىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرىنى روشەن كۆرەلەيمىز . شۇنىڭ ئۈچىنمۇ بەزى تەتقىقات ئەسەرلىرىدە مەنسۇر ھەللاجى « ۋەھدەتى ۋۇجۇد » تەلىماتىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان[45]

« ۋەھدەتى ۋۇجۇد » تەسەۋۋۇپنى پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەر قىلىپ تۇرغان تەلىمات بولۇپ ، تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ياكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دېيىلگەندە ئاساسەن مۇشۇ تەلىمات نەزەردە تۇتۇلغان . بۇ تەلىماتتىن كېيىن تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەرىپلەرمۇ ئاساسەن مۇشۇ تەلىماتقا مەركەزلەشكەن . ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتى تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر

شائىرلارنىڭ دۇنيا قارىشىدىن، پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنى پەلسەپىۋى زېمىنغا ئىگە قىلغان.

بىز كېيىنكى ماقالىمىزدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى قاراشلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان تەھلىل، مۇلاھىزىلىرىمىزدە ئاساسەن مۇشۇ تەلىماتنى چۆرىدىگەن ھالدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى ھەققىدە ئايرىم چۈشەنچە بەرمىدۇ.

**(10) «ۋەھدەتى شۇھۇد» (گۇۋاھلىقنىڭ بىرلىكى)**

ئىبن ئەرەبىنىڭ تەلىماتلىرى تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىش بىلەن بىرگە، ئۇ ھايات ۋاقتىدىن باشلاپلا خۇددى ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىگە ئوخشاشلا مەلۇم توسقۇنلۇق، قارشىلىقلارغىمۇ ئۇچراشقا باشلىغان. لېكىن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكى باسقۇچلاردىكى تەسەۋۋۇپقا ئۆچمەنلىك تۈسىنى ئالغا قاراشلىقلاردىن پەرقلىق يېرى شۇكى — ئۇلار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا ئاساسلانغان ھالدا بۇ تەلىماتقا قارشى يېڭى بىر قاراشنى تەسەۋۋۇپقا ئېلىپ كىرگەنىدى.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان «ۋەھدەتى شۇھۇد» (شاھىدلىقنىڭ ياكى گۇۋاھلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتى ئەمەلىيەتتە ئىبن ئەرەبىنىڭ تەلىماتىغا قارشى خاھىشلارنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى.

«ۋەھدەتى شۇھۇد» قارىشىنى دەسلەپ بولۇپ XIV. ئەسىردە كۇبرەۋىيە تەرىقىتىنىڭ مۇرىدلىرىدىن بىرى بولغان ئىرانلىق ئەلەد ــ دەۋلە ئەس ــ سىمنانى (1261 ــ 1336) ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئۇنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ رەسمى تەلىماتقا ئايلاندۇرغان كىشى بولسا بىزگە ئىمام رەببانى نامى بىلەن تونۇشلۇق بولغان ئەھمەد فارۇق سىرھىندى (1564 ــ 1624) ئىدى.

ئىمام رەببانى ھىندىستاننىڭ سىرھىندى شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خۇددى غەززالىغا ئوخشاش دىننىڭ ھاياتى كۈچىنى ئۈستۈرۈشكە تىرىشقان بولۇپ، «ۋەھدەتى شۇھۇد» تەلىماتىنى راۋاجلاندۇرۇپ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قا قارشى ئايرىم تەلىماتقا ئايلاندۇرۇشىمۇ، ئەنە شۇ مەقسەت يولىدىكى ئورۇنۇش ئىدى. ئۇ دىندا ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتى، دىننىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن «مۇجەددىدى ئەلفى سانى» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، ھەدىسلەردىن بىرىدە، ھەر ئەسىردە بىر مۇجەددىد (يېڭىلىغۇچى، ئىسلاھاتچى) مەيدانغا كېلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئىمام رەببانى ئەنە شۇ مۇجەددىدلەردىن بىرى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدا يېڭىلاش، ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ۋاقتى ھىجرىيە ھېسابى بويىچە بىرىنچى مىڭ يىل ئاخىرلىشىپ، ئىككىنچى مىڭ يىلنىڭ باشلىنىشىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «مىڭ يىلدىكى مۇجەددىد» دېگەن مەنىدە «مۇجەددىدى ئەلفى سانى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئىمام رەببانىنىڭ «مەكتۇبات» ناملىق مەكتۇب شەكلىدە يېزىلغان ئەسىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن رەببانىنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

« ۋەھدەتى شۇھۇد » تەلىماتىنىڭ قارىشىچە ، سوپى قەلبىنى ماسىۋادىن تازىلاپ ، پاكلانغاندىن كېيىن ، ئۇ پەقەت ۋەھدەتنىلا ( يەنى پەقەت بىرلىكنىلا ، يىگانىلىقنىلا ) كۆرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كۆپلۈك شەكلىدە كۆرۈنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى ( كۆرۈنۈشى ) ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ بىرلىكىگە يەنى يې-گانە ئىكەنلىكىگە شاھىد ( گۇۋاھ ) بولىدۇ .

« ۋەھدەتى شۇھۇد » تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە ، سوپىنىڭ قەلبىنى ھەقتىن باشقا ھەممىدىن تازىلاپ ، ھەقنى بىلىش يولىغا مېڭىشتىكى مەقسىتى ھەق بىلەن قوشۇلۇپ ، بىرلە-شىپ كېتىش ئەمەس ، بەلكى ھەققە ھەقىقىي قۇللۇق قىلىشنى ( ئۇبۇدىيەت ) چۈشىنىش ئۈچۈندۇر . شۇڭا ، ئەس - سىمنانى تەرىقەتلەردىكى ھەقنى بىلىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى بولغان « شەرىئەت - تەرىقەت - ھەقىقەت » تىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنىڭ رەت تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ « ھەقىقەت - تەرىقەت - شەرىئەت » قىلىپ ئۆزگەرتكەنىدى[46] چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە ، ھەقىقىي بىلىم ئاللاھ كۆرسەتكەن توغرا يولغا باشلايدىغان شەرىئەتنى ياخشى چۈشىنىش ، ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ ، شۇڭا ھەقنى بىلىشتىكى يۇقىرى باسقۇچ شەرىئەت بولۇشى كېرەك . شەرىئەت تولۇق ئورۇنلانسا سوپى ئاخىرقى مەقسىتىگە - ئۇبۇدىيەتكە يېتىدۇ . ئۇنىڭ قەلبى « شۇھۇدى تەۋھىد » ( بىر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ) گە ئېرىشىدۇ ، دەپ قارالغان .

بۇ ئىككى تەلىماتنى ئاددىيراق قىلىپ چۈشەنسەك ، « ۋەھدەتى ۋۇجۇد » تەلىماتى ۋۇجۇد ( بارلىق ) بىر ، ئۇ بولسىمۇ ئاللا ، ئۇندىن باشقا كۆرۈنگەن مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى ، شۇڭا ئىنسان قەلبىنى پاكلاپ ، مەنىۋى كامىللىققا يەتكەندە ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ ، ئەسلى ۋۇجۇدقا قوشۇلۇپ كېتىدۇ ، دەپ قارايدۇ .

« ۋەھدەتى شۇھۇد » تەلىماتى بولسا ، ئىنسان قەلبىنى ماسىۋادىن تازىلاپ ، روھىي كامىللىققا ئېرىشكەندە ، ئۇ كۆرۈنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ( تەجەللىسى ) ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن بارلىقنىڭ بىر يەنى يىگانە ئاللا ئىكەنلىكىگە شاھىد بولىدۇ . كۆرۈنگەنلەرنىڭ ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللەر-دىكى تەجەللىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ئارقىلىق ۋۇجۇدنىڭ ( بارلىقنىڭ ) پەقەت بىر ئىكەنلىكىگە شاھىد بولىدۇ ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، بىرلىشىپ كەتمەيدۇ ، دەپ قارايدۇ .

« ۋەھدەتى شۇھۇد » تەلىماتى ئىمام رەببانى تەرىپىدىن بىر قەدەر تەرەققى قىلدۇرۇ-لۇپ راۋاجلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ، بۇ تەسەۋۋۇپتىكى بىر تەلىمات سۈپىتىدە بەلگىلىك تارقىلىش دائىرىسىگە ئىگە بولدى . لېكىن بۇ تەلىمات « ۋەھدەتى ۋۇجۇد » تەلىماتىدەك مۇ-سۇلمان شەرقىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى . شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دېيىلگەندە ئاساسلىق قىلىپ « ۋەھدەتى ۋۇجۇد » تەلىماتى نەزەردە تۇتۇلىدۇ . ئەمەلىيەتتىمۇ « ۋەھدەتى ۋۇجۇد » تەلىماتى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپلا قالماستىن ، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭمۇ ئومۇرتقىسى بولۇپ قالغانىدى .

يۇقىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر قەدەر گەۋدى-

لىكرەك بولغان قاراشلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەگەر رەبئەتۇل ئاداۋىيىيە بىلەن زۇنۇن
مىسرىنىڭ قاراشلىرىنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولۇشى ۋە دەس-
لەپكى تەرەققىياتى دېسەك، ئۇ ھالدا خارىس مۇھاسىبىدىن باشلاپ تەسەۋۋۇپ ئۆز ئىدىيىۋى
تەرەققىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» گە كىرگەنىدى. بۇ «ئالتۇن دەۋر» دىكى گۈللىنىش نە-
تىجىسىدە قاتتىق زەربىگە دۇچ كەلدى بۇ ۋەزىيەتتە گەرچە ئىمام غەززالى بۇرۇلۇش ياساپ، ۋ.
ۋ. نائۇمكىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «مۇنىستىك سۇفىزىم» نى مەيدانغا كەلتۇرگەن بول-
سىمۇ، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە تەسەۋۋۇپتا ئالاھىدە
يېڭى كۆز قاراش كۆزگە چېلىقمايدۇ. بەلكىم، تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىدىكى بۇ بىر ئەسىر (XI
ئەسىر) ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر قەدەر ئاز
تەتقىق قىلىنغىنى ئۈچۈن[47] شۇنداقتۇر. لېكىن بۇ بىر ئەسىر تەسەۋۋۇپنىڭ تارقىلىش سۈر-
ئىتى ناھايىتىمۇ تېز، تارقىلىش دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ بولغان بىر دەۋر بولغانىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىنى بەزى تەتقىقاتچى ئالىملار ئومۇمىيلىق
جەھەتتىن ئاسكىتىزم (زاھىدلىق)، مىستىسىزم، پانتېئىزم دەپلا ئۈچكە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئا-
ساسەن تەسەۋۋۇپنىڭ تېخى نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولمىغان، پەقەت ئايرىم شەخسلەرنىڭ
تەركى دۇنيا بولۇپ زاھىدلىق يولىغا مېڭىشىدىنلا ئىبارەت بولغان زاھىدلىق باسقۇچى بىرىنچى
باسقۇچ دەپ قارالسا، تەسەۋۋۇپنىڭ بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ،
مۇرەككەپلىشىپ تەرەققى قىلىش جەريانى مىستىسىزم دەپ ھېساپلانغان. ۋەھدەتى ۋۇجۇد كۆز
قارىشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى بىلەن بۇ تەلىمات پانتېئىزم دەپ ئاتىلىپ ئۈچىنچى باسقۇچ دەپ
قارالغان. تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىبراھىم ھەققۇلوۋمۇ
بۇنى «تەسەۋۋۇپنىڭ بىر قانىتى مىستىسىزم بولسا، يەنە بىر قانىتى ئاسكىتىزم. بىراق ئۇنىڭ
مەركىزىدە پانتېئىزم — ۋەھدەتى ۋۇجۇد غايىسى تۇرىدۇ.» دەپ يازىدۇ[48]

دەرۋەقە، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى زاھىدلىقتىنلا (ئاسكىتىزم) ئىبارەت
ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى ئىنساننىڭ خۇدانى تونۇشى
ھەققىدە ئوتتۇرىغا چىققان قاراش، چۈشەنچىلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىپ، سىرلىق تۈس ئېلىپ
بېرىشىغا نىسبەتەن مىستىسىزم (ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئېقىمنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئومۇمىي
ئاتالغۇ بولسىمۇ) دەپ ئاتاشنىڭمۇ ھېچبىر خاتاسى يوق. لېكىن ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتىنى
پانتېئىزم دېگەن نام ئاستىغا يىغىنچاقلىۋېتىش، ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە
ئۇيغۇن كېلەمدۇ ـ يوق؟ بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مەسىلە. خېلى بۇرۇنلا بەزى
ئالىملار ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتىنى پانتېئىزم دەپ قاراشنىڭ ئانچە توغرا بولمايدىغانلىقىنى
كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بىزنىڭ قارىشىمىزدىمۇ، ۋەھدەتى ۋۇجۇد بىلەن پانتېئىزم ئوتتۇرىسىدا
ماھىيەتلىك پەرق بار. شۇڭا ئۇنىڭ پانتېئىزم دەپ ئاتاش ھەم شۇنداق ھېسابلاش ۋەھدەتى
ۋۇجۇد تەلىماتىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ، ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

بۇ ئىككى خىل قاراش سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا تەھلىل ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدى-
غان ئالاھىدە تېما بولغاچقا بىز بۇ ھەقتىكى پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىمىزنى كېيىن ئايرىم ئوتتۇرىغا
قويۇشقا قالدۇرۇپ، ماقالىنى تاماملىدۇق.

# ئىزاھاتلار

① پەرىددىن ئەتتار ، « تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا » ، ئىستانبۇل ، 1983 ـ يىل ، ( ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىكى يېڭى نەشرى ) ، 222 ـ بەت .

② ئىزۇتسۇ توشىھكو ، « ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى » ، بېيجىڭ ، 1992 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى ، 121 ـ 122 ـ بەتلەر .

③ پەرىددىن ئەتتار ، 233 ـ 234 ـ بەتلەر ؛ ئىزۇتسۇ توشىھكو يۇقىرىقى كىتاب 153 ـ بەت .

④ پەرىددىن يۇقىرىقى كىتاب ئەتتار ، 231 ـ بەت .

⑤ ۋ . ۋ . نا ئۇمكىن ، « غەززالى ۋە ئۇنىڭ ‹ ئىھيائۇل ـ ئۇلۇمەددىن › ناملىق رىسالىسى » ـــ غەززالىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز ئورنىدا ئىلاۋە قىلىنغان ماقالە . « ئىھيائۇل ـ ئۇلۇمەددىن » ، موسكۋا ، 1980 ـ يىل ، رۇسچە نەشرى ، 73 ـ بەت .

⑥ ئىزۇتسۇ توشىھكو ، يۇقىرىقى كىتاب ، 122 ـ بەت .

⑦ سەلچۇك ئەرايدىن «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر » ، ئىستانبۇل 1981 ـ يىل ، تۈركچە نەشرى ، 31 ـ بەت .

⑧ ئىزۇتسۇ توشىھكو ، يۇقىرىقى كىتاب 125 ـ 126 بەتلەر .

⑨ يى . ئې بېرتېلس 29 ـ 30 بەتلەر .

⑩ كار را دې ۋا ئۇكىس ، « غەززالى » ، پارىژ ، 1902 ـ يىل ، 287 ـ بەت ( فۇئاد كۆپرۈلۈ ، 16 ـ بەتتىكى ⑧ ئىزاھقا قارالسۇن ) .

⑪ يى . ئې . بېرتېلس «سوفىزم ۋە سوفىستىك ئەدەبىيات » 1965 ـ يىل ، مۇسكۋا ، رۇسچە نەشرى ، 32 ـ ۋە 38 ـ بەتكە قاراڭ .

⑫ ھەمزە پانسۇرى ، «ئەسرارەل ئارىفىن» ـــ م . ت . ستېپانيانىس « سۇفىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى » ناملىك كىتاپچىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان ، ۋ . ئى . براگىنسكىي تەرىپىدىن قىلىنغان رۇسچە تەرجىمىسى ؛ شۇ كىتاپ ، موسكۋا ، 1987 ـ يىل ، 147 ـ بەت .

⑬⑭ رادى فىش ، « جالالىددىن رۇمى » ( ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ) ، 280 ـ 281 ـ بەتلەر .

⑮⑯ يى . بېرتېلس يۇقىرىقى كىتاب ، 33 ـ بەت .

⑰ ئىزۇتسۇ توشىھكو ، يۇقىرىقى كىتاب 127 ـ بەت .

⑱ كەمال ئاراسلان تەييارلىغان « دىۋانى ھىكمە . سەچمەلەر » نىڭ ئاخىرىدىكى ھەللاجى ئۇچۇن بېرىلگەن ئىزاھقا قارالسۇن ؛ شۇ كىتاب ، 371 ـ بەت .

⑲⑳ پەرىددىن ئەتتار ، يۇقىرىقى كىتاب ، 205 ـ 203 ـ بەتلەر .

㉑ سەلچۇك ئەرايدىن ، « تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر » ، 118 ـ ۋە 138 ـ بەتلەر . ( س . ئەرايدىن بۇ مەلۇماتىنى ل . ماسىگنوننىڭ كىتابىدىن ئالغان )

㉒ س . ن . گىرگوريان ، « ئوتتورا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى . VII ـ XII ئەسىرلەرگىچە » ، موسكۋا ، 1960 ـ يىل ، رۇسچە نەشرى ، 49 ـ بەت .

㉓ « جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى ، دىن قىسمى » ، 379 ـ بەت .

㉔ ئىزۇتسۇ توشىھكو ، يۇقىرىقى كىتاب 88 ـ بەت .

㉕ غەززالى ، « كىمىيايى سائادەت تۈركى » ـــ « شەرق يۇلتۇزى » ، 1992 ـ يىل ، 7 ـ سان ، 133 ـ بەت .

㉖ سكېپتىسىزم ( 怀疑论 skepticism ) ـــ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىگە قارىتا گۇمان بىلەن قارايدىغان خاھىشنى كۆرسىتىدۇ . « گۇمانخورلۇق » دەپ ئاتالغان بۇ ئېقىم ئەڭ

دەسلەپتە قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىدە بارلىققا كەلگەن . كېيىنچە پەلسەپىدىكى مۇشۇ خىل خاھىشتىكىلەرگە ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ قالغان . بۇ يەردە گېگېل گۇمانخور دېگەن مەنىدە قوللانغان .

㉗گېگېل ، « ئەسەرلەر » ، I توم ، موسكۋا ـ لېنىنگراد ، 1935 ـ يىل ، رۇسچە نەشرى ، 105 ـ بەت . ( ۋ . ۋ . نائۇمكىن ، 10 ـ بەت )

㉘㉙ئىزۇتسۇ توشىھىكو ، يۇقىرىقى كىتاب 197 ـ بەت

㉚㉛ئەھمەد ھىلمى ، I ـ جىلد ، 390 ـ بەت .

㉜جافېررى پالىندىر ، « دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم » ، 160 ـ 161 ـ بەتلەر .

㉝« ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى » ( تۈركچە ) ، 12 ـ جىلد ، 1 ـ كىتاب ، 28 ـ بەت .

㉞« ئىسلام دىنى تارىخى » ، بېيجىڭ ، جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشرى ، 248 ـ بەت .

㉟ۋ . ۋ . نائۇمكىن ، « ئېھيائۇل ـ ئۇلۇمەددىن » ، ( رۇسچە تەرجىمىسى ) ، مۇسكۋا ، 1980 ـ يىل نەشرى ، 85 ـ بەت .

㊱ئىزۇتسۇ توشىھىكو ، يۇقىرىقى كىتاب 128 ـ بەت .

㊲« ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى » ، ( جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنىستىتوتى ئىسلام دىنى تەتقىقات بۆلۈمى تۈزگەن ) شەندۇڭ ، 1991 ـ يىل نەشرى ، 124 ـ بەت .

㊳بۇ نىكولسوننىڭ سۆزى . م . ت . ستېپانيانس « سۇفىزىمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى » ، موسكۋا ، 1987 ـ يىل ، 78 ـ بەت ، 2 ـ بايقا بېرىلگەن ئىزاھلارنىڭ ① گە قارالسۇن .

㊴ئې . د . جاۋەلىدزى . « تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى . I . جالالىددىن رۇمى ( دۇنيا قاراش مەسىلىلىرى ) » ( رۇسچە ) تىبلىس ، 1979 ـ يىل نەشرى ، 16 ـ بەت .

㊵ئا . د . كىنىش ، « كېيىنكى مۇسۇلمان ئەنئەنىلىرىدە ئىبن ئەرەبىنىڭ تەلىماتى » ـــ « مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سۇفىزىم » ( ماقالىلار توپلىمى ) ، 1989 ـ يىل ، موسكۋا ، رۇسچە ، 8 ـ بەت .

㊶㊷ئا . د . كىنىش ، « ئىبن ئەرەبىنىڭ دۇنيا قارىشى توغرىسىدا » ـــ « دۇنيادىكى دىنلار » (1984 ـ يىللىق توپلام ) ، موسكۋا ، 1984 ـ يىل نەشرى ، 82 ـ 83 ـ بەتلەر .

㊸㊹ئا . د كىنىش ، « ئىبن ئەرەبىنىڭ دۇنيا قارىشى توغرىسىدا » ، يۇقىرىدىكى توپلام ، 84 ـ بەت .

㊺سەلچۇك ئەرايدىن ، يۇقىرىقى كىتاب 135 ـ 140 ـ بەتكىچە قارالسۇن .

㊻ئو . ف . ئاكىمۇشكىن ، « سوپىلىق تەرىقەتلىرى : مەسىلىنىڭ مۇرەككەپ تۈگۈنى » ، بۇ ماقالە ئىنگلىز ئالىمى ج . س . تىرىمىنگامنىڭ « ئىسلامدىكى سوپىلىق تەرىقەتلىرى » ناملىق كىتابىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە سۆز بېشى ئورنىدا بېرىلگەن . شۇ كىتاب ، موسكۋا ، 1989 ـ يىل رۇسچە نەشرى ، 6 ـ بەت .

㊼ئى . پ . پېترۇشۇسكىينىڭ قارىشىچە ، تەسەۋۋۇپنىڭ باشقا دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشىغا سېلىشتۇرۇغاندا XI ئەسىردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى تېخى ياخشى ئۆگىنىلمىگەن . ئى . پ . پېترۇشۇسكى ، « VII – XII ئەسىر گىچە ئىراندا ئىسلام دىنى » ، لېنىنگراد . 1960 ـ يىل نەشرى ، 311 ـ بەت .

㊽ئى . ھەققۇلوۋ ، « تەسەۋۋۇپ ۋە شېئرىيەت » ، تاشكەنت ، 1991 ـ يىل نەشرى ، 3 ـ بەت .

# ھىكايەئى لەزىزەئى شەككەرىستان

نەشرگە تەييارلىغۇچى : بارات رەجەپ

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن :** يېمەكلىكلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇنازىرىسىنى ئاساسىي تېما قىلغان بۇ قىزىقارلىق ئەسەر « بۇلاق » مەجمۇئەسى 1982 ـ يىلى 1 ـ سانىدا « شەكەرىستان » ( داستان ) نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان . مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ ، قولۇمدىكى تاشكەنتنىڭ غۇلامىيە مەتبەسىدە بېسىلغان چاپ نۇسخىغا سېلىشتۇرۇپ چىقتىم . ئەسەرنىڭ نامى ھەم بۇ ئەسەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئاساسىي تېما ـ يېمەكلىكلەرنىڭ بەس مۇنازىرىسى « بۇلاق » تا ئېلان قىلىنغان ئەسەرگە قىسمەن ئوخشىغاندىن سىرت ، شېئىر ھەم نەسرى قىسمى ئوخشاش چىقمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلى ئېلان قىلىنغان ئەسەرنىڭ بەزى شېئىرلىرى ئەرۇز ۋەزنىگە چۈشمەيدۇ . بىز بۇ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىدىكى شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئەرۇز ۋەزنىدە يېزىلغان ھەم شېئىر ئۇسلۇبى جەھەتتىن خېلىلا مۇكەممەللىككە ئىگە . ئەسەرنىڭ ئارقىسىدىن بىر نەچچە بەت يوق بولغان . بۇ ئەسەرنى كىم تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغانلىقى ، نامەلۇم . بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ، شېئىر ئۇسلوبى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇكەممەللىكلىكىگە قاراپ ، بۇ ئەسەر پىشقان بىرەر كلاسسىكلىرىمىز تەرىپىدىن رەتلەپ ، پىششىقلاپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ . كەسپداشلارنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىنى سورايمەن .

*　　*

كەلىماتى ئىنسانىنىڭ ئەفزەل ۋە مۇئەززەمراقى خالىقۇل ئەشيات ھەمدىدۇر كىم ، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ خەلق ئېتىپ بەنى نەۋئى ئىنسانغە ئالارنىڭ نەسىب رۇزى ئەتمىش ۋە ئانىڭ ئەتاۋە ئېھسانىدىن جەمئ مەخلۇقات مەمنۇن ۋە سىراب ئولمىشدۇرلار .

ئەي بەھارى سەنئەتىڭدىن دەھر ئولۇپ گۈلشەن سەرا ،
ئىككى ئالەم گۈلشەنى ئاندىن تاپىپ نەشئۇ نەما .

ۋە مەقۇلات بەشەرىنىڭ شىرىن ۋەلەزىزراغى بېھتەرىن مەخلۇقاتدۇر كىم ، گۇرۇھى ئاسلار ئول زاتى ئالى شەفائەتىدىن كامىياب بولمىشلار . **بېيت :**

ئەي ۋۇجۇدىڭ يائىسى ئارايىشى ئەرزۇ سەما ،
گۈل يۈزىڭدىن تاپتى ئالەم گۈلشەنى رەڭگۇ سەفا .

×　　×　　×　　×

ھەر گىياھكى يەردىن ئۈنسە ئەگەر ،
« ۋەھدە ھۇلاشەرىكە لەھ » ئايتەر .

ئەمدى تۇتنى بەيانى :
كەل ئەي راۋىكى قىل تۇتدىن ھىكايەت ،

خۇدا بەرگەن ئىدى ئاڭا بەراكەت .
كى مېۋەسى ھەمە جانغا بەرابەر ،
كۆرۈپدۇرسەن ، بۇ سۆزغە ئەيلە باۋەر .
يەنە تەۋسىف قىلساڭ تۇت سەۋابىن ،
كى ئەككەن كۆرمىگەي دەۋزەخ ئەزابىن .
كى مىڭ تەنگە خۇدايى قىلغانىڭدىن ،
زىياد ئۇلغۇسى ئىنسا فلىك ئوغۇلدىن .
كى ئىھسان قىلساڭىز ئەندەك غەرەز بار ،
تۇت ئەككەندە غەرەز يوقتۇر ، ئايا يار .
كىشى ئەكسە ئۆتەر يول ئۈستىدە تۇت ،
يۈزىن ئۆپۈپ ، قولۇن ئۇشلاپ خىزىر تۇت .
كى تۇت ئايدى : كۆرۈپسەن ئۇشبۇ ئەسرار ،
قۇرۇق بەرگۇ تېنىمدىن مېۋىلەر بار ،
دەرەختلەر ئىچرە مەنكىم پادىشاھمەن ،
كى مېۋە بارچەسىگە باش بولۇرمەن .

دەپ ئايدىكى : « مەن مېۋىلەرنىڭ سەرداردۇر مەنكى يۈزۈم قاق ۋەدىلىم توقتۇر ، ۋە ھەركىم مېنى ئىشتىھاسى بارىچە تەناۋۇل قىلسە زەرەر كۆرمەس » دەپ ئۆزىگە فەخر قىلغاندە ئارقەسىدىن نەئرە تارتىپ گىلاس ئاچچىغلانىپ قىزىل ۋە سارىغ بولۇپ كېلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى :

گىلاس ئايدى زەبانى ھال بىرلەن ،
مېنى خەلق ئەيلەدىڭ ئەي ھەققى غوفرەن .
مېنىڭ شەربەتلەرىم ھېچكىمدە بولمەس ،
ھەۋەس قىلغان كىشى ماڭا يېتەلمەس .
مېنى دانەلەرىم ياقۇتقە ئوخشار ،
ماڭا يەتمەي نېچەلەر زار يىغلار .
مېنى خەلق ئەيلەگەن كىمدۇر قىل ئىدراك ،
مېنى ھەركىم يېسە بولغاي تېنى پاك .
بەرادەر ئاچ كۆزۈڭنى ئەيلەغىل پاس ،
ئەگەر يېسەڭ بىشارەتتۇر بىئىخلاس .
قىزىل رەڭگىم سارىغ بولدى سېنى دەپ ،
مۇھەممەد ئۇممەتى بولسا يېسۇن دەپ .
قاراگىلاس ، سارىغ گىلاس ، تاپۇشتى ،
يەنە ھارماڭ دەبان ھالىن سوراشتى .
سارىغ گىلاس قولۇن ئاچتى ئۇشۇل ئان ،
مېنى ئىلگەرى قىلغىل پاك يەزدان .

ئەلقىسسە ، گىلاسلار بىر - بىرى بىلەن ھال سوراشىپ ، ھېچ مېۋەنى ئۆزلەرىغە بەرابەر كۆرمەي ، مەن - مەنلىك قىلىپ سۆزلەر ئېردى . بىناگاھ باغنى بىر تەرەفىدىن ئۆرۈك باش كۆتەرىپ سۆزغە كىردى . ئايدىكى : « ھاي - ھاي ! ئەي گىلاس ، سەن ئۆز ھالىڭغە قاراپ سۆيلە ، مېنى ئانۇرمۇسەن ، مەن كىمدۇرمەن ؟ بىلگىل ۋە ئاگاھ بولغىلكى ئۇشۇل ئۆرۈك دېگەن مەن بولۇرمەن ، ھەركىم مېنى دانەمنى يېسە ئول ئادەمنى ئىچىغە سۇركىرىپ ماما قالدىراق پەيدا بولۇر » دەپ ئۆزىنى تەئرىفىنى قىلىپ بۇل غەزەل (نى ) ئوقۇدى :

ئۆرۈك ئايدى زەبانى مال بىلان :
گۇناھىمنى كەچۇر ، ئەي پاك يەزدان .
ئۆرۈك ئاتىم ئېرۇر ئەزىز ھەمىشە ،
تەمەئ قىلغايلار ئەمما يازۇ قىشدە .
مېنى بىلسەڭ ھەمەيەردە بىتەرمەن ،
كى تاغلار تېپەسىدە كۆكەرەرمەن .
مېنى يېسە كىشى بولغاي قۇۋەتلىك ،
يەنە ئەل ئىچىدە ھاتەم سىفەتلىك .
ئۆرۈك ئاتىمنى ھەركىمكى ئىشىتسە ،
بولۇر خۇرسەند كىشى نامىم ئىشىتسە .
كى ھەريانىدىن ماڭا تاشلار ئاتارلار ،
كى باغبانلار مېنى ھەريان ساتارلار .
دانىمنى ئالماق ئۈچۈن ماڭا ، ئەي يار ،
تاياقنى باشىمە كۆپدىن ئۇرارلار ،

ئۆرۈك ئايدىكى: مەن رەئناسىدۇرمەن، ھەممە مېۋەلەرنىڭ ئەئلاسىدۇرمەن.

دەپ لاف ئۇرۇپ تۇرۇپ ئېردى، باغنى بىر تەرەفىدىن نەئرە ئاۋازى كەلدى، كۆردىكى ئالخورى كېلەدۇر، دەرھال ساچراپ تۇرۇپ قول قاۋۇشتۇرۇپ سەلام بەردى. جەۋاپ سەلام ئالىپ ئايدىكى: « ئەي ئۆرۈك، نېمە دەرسەن، مېنى تانۇرمۇسەن؟ مەن ئۇشۇل ئالخورىدۇرمەن، بەھادۇرلۇقتە يەككە ۋە تەنھادۇرمەن، ئەگەر بىر زەرب ئۇرسام ھالىڭ ئۆزگە بولۇر، ئەگەر يەرگە ئۇرسام رىزە ـ رىزە قىلۇرمەن » دەپ سەياسەتلەر قىلىپ سۆزگە كىردى ۋە ئايدى:

ئالخورى دېدى: مەن كۆپ غەيۇرمەن،
تەمامى مېۋەنى باسىپ كېلۇرمەن.
مېنى قىلسە مەراباغ نان خۇرىشى،
ماڭا كىم تەڭ كېلۇر قىلسەم ئۇرۇشى.
مۇھەببەت بىرلە ئەكسەكىم بىر ئادەم،
يەنە سۇ بەرسەلەر ئاندە دە مادەم.
كۆكەرىپ مېۋە ئەيلەرمەن ئۇشۇل ھال،
مېنى سۆزۈمغە ئەندەككىم قولاق سال.
ئايا ئەي ئادەم ئوغلى، ئەيلەسەڭ گۇش،
كىم ئۇچۇن خەلق قىلدى ئۇيلە باھۇش.
كەرەم قىلدى مۇھەممەد ئۇممەتىغە،
شوكر قىلغىل ئانىڭ نېئمەتلەرىغە.
مېنى ھەر كىم يېسە ئاچقىل يولنى،
يەنە مەقسەدىغە يەتكۇرگىل ئۆزىنى.
مېنى ناردانلىغىم ئالەمدە يوقتۇر،
يەنە دېگەن كىشىنى قارنى توقتۇر.

دەپ ئۇيان ـ بۇيان قاراماي بەھادىرلىقدىن ئۆزىغە فەخر قىلىپ: « مەن بىمار ئادەملەرغە دارۇدۇرمەن » دەپ لافلار ئۇرۇپ تۇرۇپ ئېردى. ئارقە تەرەفىدىن فەرياد ئۇرۇپ ئاۋاز كېلەدۇر، ساچراپ قاراسەكىم شافتالۇ نەئرەلەر ئۇرۇپ كېلەدۇر، دەرھال سەلام بەردى. جەۋاپ سەلامدىن سوڭرە شافتالۇ ئايدى: « ئەي ئالخورى، مېنى تانۇرمۇسەن؟ ھەزىمى تەئام شافتالۇ دېگەن مەن بولۇرمەن » دەپ سۆزگە كىردى. غەزەل:

ھەممە شافتالۇكىم دەردنى دەۋاسى،
شىفانى بېرەدۇرغان مۇلك ئىگەسى.
دېدى شافتال زەبانى ھال بىرلان،
مېنى ھەر كىم يېسە، ئەي پاك يەزدان.
غۇبارىن مەھۋ ئەيلەگىل بەدەندىن،
مېنى مەۋجۇد قىلدىڭ يوق ئەدەمدىن.
مېنى كىمكى ئېكىپدۇر باغ ئىچىندە،
قىزىل يۈزلىك قىل ئانى ئەل ئىچىندە.
ھەممە دەردغە دەۋا قىلغىل ئۇرۇغۇم،
سەبەپ قىلغىل ھۆلۈم بىرلە قۇرۇغۇم.
كىشى شافتالۇ دەپ ئاتىم ئىشىتسە،
مېنى باغچە ئىچىدە خوپ پىشۇرسە.
سەرەتاننى تابىدە قىلسە قاقى،
مۇھەببەت بىرلە گەر يېسەلەر ئانى.
كى ھەر تۈرلۈك كەسەلغە دارۇدۇرمەن،
مۇھەببەتلىك كىشىغە ياردۇرمەن.
مېنى شەربەتلەرىم ھەزىمى تەئامدۇر،
دەۋانى بەرگۇچى شافى خۇدادۇر.

ئەلقىسسە، شافتالۇ ئەندەك ئۆزىغە فەخر قىلىپ ئايدىكى: « ھەم قىشدە ۋە ھەم ياز دە

ئادەملەرغە تەنسۇختۇرمەن » دەپ گاھى بەلەند ۋە گاھى بەست بولۇپ تۇرۇپ ئېردى : « هاي ، هاي هازىر باش ، مەن يەتتىم » دەپ ئۈزۈم باش كۆتەرۈپ كېلەدۇر ، دەرهال ئاداپ بىلەن تۇرۇپ سەلام بەردى ، ئۈزۈم جەۋاپ سەلام ئالىپ ئايدىكى : « ئەي شافتالۇ ، مېنى تانۇرمۇسەن ؟ مېنى ئاتىمنى تەك دەرلار ، ئەگەر قويۇپ يېبارسەلەر ، مەغرىبدىن تا مەشرىقغىچە بارۇرمەن » دەپ سۆزغە كىردى :

كەل ئەي راۋى ، ئۈزۈمدىن سۆزلە بارى ،
زەبانىڭگە خۇدايىم بولسە يارى .
ئەرەبلەرنى زەبانىدە ئىنەبدۇر ،
تەك ئەككەننى سەخىلەردىن ساناپدۇر .
ئۈزۈم ئەئلاسىنى سورساڭ ، ئايا يار ،
چىلەگىدۇر سۆزۈمغە ئەيلە باۋەر .
هەمە ئۈزۈمدىن ئەۋۋەل يىشغاي ئەي جان ،
خۇدا فەزلى بىلەن يەردە كۆكەرغان .
هەمەل كەلسە يازىلۇر بەرگى ئولدەم ،
خۇدانى سۇنئىگە هېچ ئۇرماغىل دەم .
ئۈزۈم ئايدى زەبانى هال بىرلان :
مېنى خەلق ئەيلەدىڭ ، ئەي پاك يەزدان .
ياراتتىڭ سەن ئۈزۈمنى خاھىشچە ،
مېنى ئېكىپ ئاتىمنى قويسە باغچە ،
ئاڭا سەن تۆرت كەرامەتنى نەسىب ئەت ،
كى ئاندە ۋەسلى دىدارىڭ نەسىب ئەت .
بىرى ئەل ئىچرە بەرگىل ئىززەت ئاڭا ،
ئوشۇل روزىدە قىلغىل رەھمەت ئاڭا .
شەكەر ئەنگۇر دېدى مەن خۇب ئۈزۈممەن .
ئۈزۈملەر ئورتاسىدە يالغۇزىمەن .
كى جەننەتدىن چىقىپدۇر شەككەر ئەڭگۇر ،
كى باغبان بولساڭ ئەلبەتتە ئېكە كۆر .
كى جىبرىلى ئەمىن كەلتۇردى هەديە ،
يېسۇنلار دەپ ئانى ئول نۇرى دىدە .
هەسەن بىرلە هۇسەين ئىككى بەرادەر ،
مۇھەممەدكە ئىكىسىدۇر بەرابەر .

ئەلقىسسە ، ئۈزۈم ئۆزىغە فەخر قىلىپ : « مەن ئەزىز ، ئادەملەرغە خورەك بولۇرمەن » دەپ هېچ مېۋەنى ئۆزىغە بەرابەر كۆرمەي : « مەن قىش كۈنىدە پادشاهلارگە ئەزىزدۇرمەن » دەپ تۇرۇپ ئېردى ، باغنى بىر تەرەفىدىن ئالمە باش كۆتەرىپ : « ئەي ئۈزۈم ، هالىڭغە قاراپ سۆزلە ، مېنى تانۇرمۇسەن ؟ مېنى ئالمە دەرلار ، مەن قايەردە ياخشى باي بەچچەلەرنى قولىدە بولۇرمەن ، جەمئى مېۋەلەرنىڭ ئىچىدە يۈزۈم قىزىل ۋە سۆزۈم ئۆتكۇردۇر ، مەن هەركىمنى قولىدە بولسەم بارچە ئادەملەر كۆزى مەندە بولۇر » دەپ سۆزگە كىردى . نەزم :

دېدى ئالمە زەبانى هال بىرلەن :
نەزەر قىلغىل ، ماڭا ئەي هەيىي مەننان .
كەرەم قىلغىل ماڭا هەر خاسىيەتنى ،
ئانىڭ بىرلەن تاپايىن كاتتەلىكنى .
خۇدا ئايدى : ساڭا بەردىم نىشانە ،
ئالىپ يۈرسۇن خەلايىق هەرقايانە .
مېنىڭ ئاتىمنى دەرلەر بارچە ئالمە ،
ئاتىمغە ئىشەنىپ ئەرمانىدە قالمە .
مېنىڭ هەر كىم يېسە دەندان بولۇر تىز ،
هەمەدەردۇ ئەلەملەر كېتىغۇسى تىز .
كى ئەي دانا ئۈزۈمنى ئەيلە ئاگاھ ،
خۇدانىڭ ئىشلارىن كۆرسەڭ تەماشا .
قۇرۇپ تۇرغان يىغاچدىن گۈل چىقارىپ ،
قىلىپ مېۋە ئانى مۇنداغ قىزارتىپ .
بىهىشتە بولماغاي مەندەك سەرەفراز ،
كىشى ئىلكىدە دايىم ئايتا مەن راز .
ماڭا رەھىم ئەيلەگىل پەرۋەردىگارا ،
مېنى ئىسيانلارىم قىلغىل مۇسەففا .

ئەلـقـىـسـسـە ، ئالمە ئايدىكى :«مەن باي بەچچەلەرنى قوللاربدە يۇرسەم ، پادشاھلارغە تەنسۇخ بولـسـەم » دەپ ئۆزنى بەھادۇرلار قاتاربدە ساناپ گـويـاكى ئۆزنى رۇسـتەم ئـالۇپ تـۇ- رۇپ ئـېـردى ، بـىـر تەرەفدىن : « ھاي ، ھاي » ئاۋازى كېلەدۇر ، رەڭگى ئۆچۈپ كۆرسەكى قولىدە گۇرزىسىن كۆتارىپ : « ھازىرباش » دەپ ناك يېتىپ كەلدى . ئالمە قورققانىدىن سەلام قىلدى ، جەۋاپ سەلامدىن سوڭرە ئايدى : « ئەي ئالمە ، مېنى تانۇرمۇسەن ؟ مېنى ئاتىمنى ناك دەرلار ، ئەگـەر بـىـر زەرب ئۇرسـەم تـاكـى قىيامەتغىچە زەربىمنى ئاچچىغى بەدەنىڭدىن كەتـمەس » دەپ خۇداگە نالە ئەيلەپ سۆزگە كىردى :

ئايا ئەي قادىرى داناۋۇ ھەم خەبىر ،
سېنىڭ ھۆكمۈڭدەدۇر ۋۇھۇش ئىلە تەير .
مېنى قاقى بولۇرغە يوق مەجالىم ،
مېنى ئىززەتلىك ئەتگىل يا ئىلاھىم .
مېنى ئاتىمنى خار ئەتمە ئىلاھىم ،
ئىكى ئالەمدە سەندۇرسەن پەناھىم .
خۇدا ئەمرئەيلەدى ناكگە ئوشۇلدەم ،
سېنى سۆيسۇن كەسەل بولغان ھەر ئادەم .
دەۋاسىنى ھەمىشە مەن بېرۇرمەن ،
سەھەتلىككە سېنى سەبەپ قىلۇرمەن .
دېدىلەر ناك بىلە ناشۋاتى ئەللاھ ،
يەنە ئاتىڭ ئېرۇركىم قۇلھۇۋەللاھ .
مېنى يېگەن سەھەت تاپسۇن ئۇشۇل ھال ،
غۇبارىن مەھۋ قىلغىل بى قىلۇقال .
كى ئاتىمنى ئىشىتسە ھەر كىمەرسە ،
ھەۋەس بىرلە قۇلغە ئولدەم ئالسە .
كى يېسەلەر ھەۋەس بىرلە بىئىخلاس ،
ئاڭا كۆللى كەسەللەردىن بەرخەلاس .
ئوشۇل فازىل كىشى قىلسە خورەكى ،
زىيادە بولغۇسىدۇر ئەقلى پاكى .
قولىغە كەتمان ئالىپ ئەكسە ھەر كىم ،
گۇناھىنى كېچۈرگەيسەن ئىلاھىم .

ئەمـدى ئـىـكـكـى كەلىمە سۆزنى ئانـاردىن ئىشتىڭ . بىچارە ناك بىرلەن نەشۋاتى ئۆز - ئۆزلەرى بـىـرلـەن پـادىـشـاھـانە سۆزلەپ بەھادۇرلىكتە ھېچكىمنى ئۆز - ئۆزلەرىغە بەرابەر كۆرمەسىدىن تـۇرۇپ ئـېـردىـلـەر . بـاغـنى بىر تەرەفدىن : « ئاگاھ بول ، دانا بۇل ، مانا مەن يەتتىم ! » دەپ ئاچـچىغلانىپ ئايدىكى : « ئەي مۇشتى زورلار » دەپ ياقاسىدىن ئوشلاپ بىر مۇشت ئۇردىكى ، گـويـاكى چـاقـمـاقـدەك ئالاۋلار ھەر تـەرەفغە ساچراپ كەتدى . چۇنان ئورۇشلار بولدىكى ، قـىـيامەتلەر بولدى . ئايتىپدۇرلاركى : « ناكنى قـاراسـان بـولـمـاقى ئانارنى زەربى » دەرلەر .

غەزەل :

ئانار ئايدى : مەنەم جەننەت مېۋەسى ،
ئەمەل ئالغۇم كۇندۇز بىرلە كېچەسى .
گۇلۇمنى كۆرسەڭىز ئوتدەك يانادۇر ،
ئانى كۆرگەن كىشى ھەيران قالادۇر .
مېنى نەۋتالارىم تاسمەگە ئوخشار ،
مېنى زەربەمنى كۆرگەن زار قاقشار .
ئانار ئاتىم ئەرەبدە دېدى رۇمان ،
كەسەل يېسە تۇزالۇر ، قىلمە گۇمان .
ئانار ئاتىم كىشى قىلسە سەرەفراز ،
يەنە ئىززەت تاپاركىم قىش ئىلە ياز .
يەنە شەربەتلەرىم جەننەت سۆيىدۇر ،
كى ئەھلى ئىلمىغە ھەم بەلگۈلۈكدۇر .
ھەمە دانەلەرىم جەۋھەرغە ئوخشار ،
يەنە بۇ گۇللارىم لالەغە ئوخشار .
ھەمە مېۋەلەرى سۇلتانىدۇرمەن ،
ھەكىملەر ئاراسىدە باردۇرمەن .

ئەلـقـىـسسە ، ئانار سۆزنى : « گەپۇرسەم ئەرزىر » دەپ ئۆزىغە فەخر قىلىپ ، ماڭا بەرابەر كەل گۈدەك مېۋە يوقتۇر دەپ تۇرۇپ ئېردى ، بىر تەرەفدىن ئەنجىر جەرتەكلەر چالىپ يېتىپ كەلدى ۋە ئايدىكى : « مۇنچە ئەفسانە سۆزلەردىن نېمە هاسىل بولۇر ، مۇشتۇم زور بولسەك بىرى كەل ، بولماسە مېنى ئالدىمدە دارۇدىن سۆزلەمە . مەن هەزرەت ئادەم ئاتامغە پۇشىش بولۇپ كۆپ خىزمەت قىلغانىدىم» دېدى . ئەمدى ئەندەك سۆزنى ئەنجىردىن ئىشىتىڭ :

دېدى ئەنجىر زەبانى هال بىرلان :
ياراتقان سېنى مېنى ئەي پاك يەزدان .
مېنى ئەكسە كىشى باغىن ئىچىدە ،
قىزىل يۈزلۈك قىل ئانى ئەل ئىچىدە .
كىشى ئەنجىر يېمەكنى ئادەت ئەيلەر ،
هەمەغەمدىن ئۆزىن ئازاد ئەيلەر .
كى ئەنجىر بولسە هەر كىمنى خورەكى ،
زىيادە بولغۇسىدۇر ئەقلى پاكى .
كى يافراغى ئاتامىز پۇششىدۇر ،
هۇسۇلى ياخشىلارنى يېمىشىدۇر .
يەنە شەربەتلەرىم كەۋسەر سۈيىدۇر ،
كى ئالەم ئەهلىغە هەم بەلگۈلۈكدۇر .
كى مەن ساقلاپ سېنى ئول هۇرمەتىڭنى ،
كى ئا دەمغە قىلان كەيفىيەتىڭنى .
كى زايىئ قىلماغايسەن دەپ ئۇشۇل هال ،
سېنى بەندەڭ هەمە ۋەقتىدۇر خەتاكار .
كى مىلڭ تۇرلۇك كەسەللەرغە دەۋامەن ،
سىهەتلىك هالىغە خۇپ يەتكۇرۇرمەن .

دەپ لاف ئۇرۇپ گاهى بەهادىرلىكدىن ۋە گاهى دارۇلىكدىن دەئۋى قىلىپ تۇرغاندە : « مەن يەتتىم » دەپ ئاۋاز كەلدى ، دەرهال بىر تەرەفغەچىقىپ : « مەرهەبا ، خۇش كەلدىڭىز » دەپ تەۋازىئلار قىلىپ ئايدى : « ئەي بىهى ، مەن سېنىڭ كۆپ پەهلەۋان دەپ ئىشىتىپ ئېردىم » دېدىم . ئەمدى بىهىدىن غەزەل :

بىهى بىهراق دېمىشدۇر هەيبى سۇبهان ،
ئانىڭ ئۈچۈن تەلاشۇر بەگ ئىلەخان .
بىهىشتدە بولماغاي مەندەك سەرەفراز ،
كىشى ئىلكىدە دائىم ئايتا مەن راز .
تولۇپتۇر مەۋسۇفوم يەر ـ كۆك ئاراسى ،
مېنىڭدەك بارمۇ كىن نىئمەت سەراسى .
يەنە نەچچە دەللىلەر كۆپ بىلۇرمەن ،
خۇدا ئۈچۈن تەۋازىئلىك بولۇرمەن .
بۇ سۆزنى بارىپ ئايتىغىل ئول ياڭاقغە ،
ئۇشۇل دىيدەسى قاتتىغ زەن تەلاقغە .
بىهى ئايدى زەبانى هال بىرلەن ،
خۇداغە نالە قىلدى زار بىرلەن .
مېنى هەر كىشى يېسە خەستە قىلمە ،
قىيامەت كۈنىدە شەرمەندە قىلمە .
كىشى بىمار بولسە مېنى يېسۇن ،
كى هەر قانداغ كەسەلدىن زۇد تۇرسۇن .

ئەلـقـىـسسە ، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى يەڭاقدىن ئىشىتىڭ . چۈنانچە بىهى ئۆزىغە فەخر قىلىپ پادىشاهلار دەك سۆزلەپ تۇرۇپ ئېردى ، يەڭاق كېلىپ ئايدىكى : « ئەي بىهى ، مۇنچە فەخر قىلماقدىن هېچ فائىدە يوقدۇر ، هەر كىمنى خۇدا ياخشى قىلسە بەندەسىگە هەم ياخشى بولۇر » دەپ يەڭاق سۆزغە كىردى :

ياگاق ئۇلدەم بىھى سۆزىنى ئاڭلاپ ،
غەزەپلىك ئاتەشدەك شەقىرلاپ .
تەكەللۇم قىلماگىل كۆپ بىمەزە سەن ،
بولۇپ ئاسى ئۇلۇغ يولدىن ئازارسەن .
ئەگەر ھەركىم ئۆزىنى بالا تۇتۇپدۇر ،
يەقىن بىلگىل خۇدانى ئۇنۇتۇپدۇر .
پۇشەيمان قىلدى شەيتان ھەم ئىشگە ،
ۋەلىكىن ئايتمادى سىررىنى كىشىگە .

قىيامەتدە بۇ يەڭلىغ يىغلار ئېرمىش ،
ئىشتىكەنلەرنى باغرىنى داغلار ئېرمىش .
دېدى : يەڭاق مېنى دانەم سەمىزدۇر ،
دەرەختلەرىم ھەمەدىن خۇپ ئىگىزدۇر .
مېنى مېۋەلەرىم چۇن ئۇققە ئۇخشار ،
كى ياش بالە كۆزىغە چوققە ئۇخشار .
مېنى كۆرگەن كىشىنى كۆڭلىدە داغ ،
مېنى ئاتىم قويۇپدۇر بارچە يەڭاغ .

ئەلقىسسە ، ئاندە ياڭاغ ئايدىكى : « مەن ھەمە مېۋەلەردىن ئۆزۈمنى پەست ئالدىم ، زىراكى ئەللاھ مەن - مەنلىكنى دوست تۇتماس ، ئەمما مېنى كۆرگەن ئادەملەر پوستى تاش دەرلەر ، بىلماسلەركى ئىچىم ياغدۇر » دەپ ئايتىپ تۇرۇپ ئېردى ، ئېرسە كۆردىكى ئارقە تەرەفدىن جىدە چىرلاپ كېلەدۇر : « ئەي ياڭاق ، بىھۇدە سۆزلەمە » دەپ قىزارىپ تۇرۇپ ئېردى ، دەرھال چىلان جىدە يېتىپ كېلىپ ئىككىلەرى بىر - بىرلەرىنى ماقتاشىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى :

دېدى : جىدە مېنى رەڭگىم قىزىلدۇر ،
كى دارۇ بولماقىم روزى ئەزەلدۇر .
مېنى پوسلاقلارىم چايلارغە مانەند ،
ھەم ئانى قايناتىپ ئىچكاي دەۋامەت .
بىلىڭ نامىمنى ھەركىمكى ئۇتۇتماس ،
ھەكىم ھازىقغە ھەرگىز ئىشى تۇشمەس .

ئايا ئادەم نەزەر قىلغىل ئۆزىڭگە ،
قولاق سالغىل مېنى بىر دەم سۆزۈمغە .
تەئام قىلسە مېنى دانەلەرىمدىن ،
غۇبارلار مەھۋ بولغايلار بەدەندىن .
زىيادە بولغۇسى ئىدراكلارى ھەم ،
كى غالىپ بولغۇسدۇر سۆرلەرى ھەم .

دەپ ئەلقىسسە ، چىلان جىدە ، نان جىدە بىر - بىرلەرى بىرلەن سۆزلاشۇپ تۇرۇپ ئېردىلەر ، دەرھال پىستە ئاغزى ئاچىلىپ كەلدى ، ئايدىكى : « ئەي جىدە ، مېنى تانۇرمۇسەن ؟ مېنى پىستە دەرلەر » دەپ سۆزلەدى :

بىلىڭ مېنى مەقامىم كۆپ بەلەنددۇر ،
يەنە پىستە يېگەن تېنى سەھەتتۇر .
كى ھەركىمنى خورەكى بولسە پىستە ،
ھەمىشە سەھەتۇ بولماسدۇر خەستە .
مېنى مەغزىم يەنە ياخشى لەزىزدۇر ،
مېنى دېگەن خەلايىقلار ئەزىزدۇر .
كى ھەر تۇرلۇك كەسەلغە دارۇدۇرمەن ،

مۇھەببەتلىك كەسەلغە ياردۇرمەن .
خۇسۇسەن بىر چېچەك دېگەن كەسەل بار ،
ئاڭا دارۇ ئېرۇرمەن ، ئەي نىكۇ يار .
مېنى يېسە كىشى ئۇل خەستە بولمەس ،
خەلايىقلار ئىچىدە رەنج كۆرمەس .
مېنى ئاتىمنى دەرلەر پىستە خەندان ،
بىلىڭ ، دارۇ قاتارىدە سانالغان .

ئەلقىسسە ، پىستە ئۆزىنى ماقتاپ تۇرۇپ ئېردى ، ئېرسە بىر تەرەفدىن بادام يېتىپ كەلدى ،

ئايدىكى : « ئەي پىستە ، مەن ھەممە دەردلەرغە دەۋادۇرمەن » دەپ ئۆزىنى تەئرىف قىلىپ سۆزغە كىردى :

مېنى كىم ئەكسەلەر باغدە بىر ئادەم ،
ماڭا سۇ بەرسەلەر ئاندە دەمادەم .
كى مېھمانغە ئالىپ چىقسە لىگەندە ،
سەۋابلار بولغۇسىدۇر ئۇشبۇئىشدە .
بىراۋ ھىممەت قىلىپ ئەكسە بادامنى ،
ئانى بىتماق ئۇچۇن ئالسە قەلەمنى .
سەۋاب ھەر ھەرفىغە بۇنياد بولغاي ،
قىيامەت كۈن ئۇشۇل ئىرشاد بولغاي .

ئەلقىسسە ، بادام ئۆزىغە فەخر ئەيلەپ ئېردى ، چىرقىرلاپ ئاۋازى كەلدى ، ئېرسە كۆردىكى ئالۇچە كېلادۇر . ئايدىكى : « ئەي بادام ، مېنى تونۇرمۇسەنكى ، مەن پادىشاھزادەمەن» دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى :

ئالۇچە ئايدى : كۆپ ئېرۇرمەن ئازادە ،
مېۋەلەرنىڭ ئاراسىدە خانزادە .
مېنى ئاتىم قويۇپدۇرلار ئالۇچە ،
مېنى بىلكىم ھەق ياراتتى خاھىشچە .
كەسەللىكلەر ئىزىپ ئىچسە شىفادۇر ،
كى مىڭ تۈرلۈك كەسەللەرگە دەۋادۇر .
يائىلاھا ، جۇرمۇ ئىسيانىم تەمام ،
دىدارىڭنى نەسىب قىلغىل ۋەسسەلام .

دەپ سۆزىنى تامام قىلدى ، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى بادىرەڭدىن ئىشىتمەك كېرەك :

كەل ، ئەي راۋى ، مېۋەدىن قىل رىۋايەت ،
بادىرەڭ سۆزىدىن قىلغىل ھېكايەت .
بادىرەڭ دەر مېنى پوستىم كەبۇددۇر ،
ياراتگەن بارچەنى يەكتا ئىگەمدۇر .
مېنى سەپسە كىشى پوستىم ئۇرۇغىم ،
رەۋادۇر كۈللى دەردىگە ئۇرۇغىم .
بىلىڭ ئەكسە ئۇشۇل دىھقانى ئەشرەف ،
خۇدا دىدارىغە بولغاي مۇشەررەف .
قولىغە كەتمەن ئالىپ ئەكسە ئول ماش ،
سەخىلەرغە بولۇر ئەلبەتتە ئول باش .
كىشى ئەكسە مەدەد ئىستەپ خۇدادىن ،
ئۆزىنى قۇتقارۇر ئول ماجەرادىن .
دېدى بادىرەڭ مېنى ئەكسە بىر ئادەم ،
ماڭا سۇ بەرسەلەر ئاڭا دەمادەم .
چىقارىپ گۈل قىلۇرمەن دانەلەرنى ،
كى ھەر دەردىغە بەرگەي ئول دەۋانى .
مېنى يېسە كىشى بولۇر تەنى پاك ،
كى دەرد بەرگەن كىمىدۇر قىلغىل ئىدراك .

ئەلقىسسە ، بادىرىن مەن ـ مەنلىك قىلىپ : « بەد ئۇستىخان بولغان كىشىغە خوب دارۇ دۇرمەن » دەپ ، لاف ئۇرۇپ تۇرۇپ ئېردى ، ئېرسە كۆردىكى ئارقە تەرەفىدىن ھەندەلەك فەرياد ئۇرۇپ كېلەدۇر ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سەلام قىلدى . جەۋاپ سەلامدىن سوڭرە ھەندەلەك ئايدى : « ئەي بادىرەڭ مېنى ئالدىمدە دارۇدىن سۆزلەدىڭ » دەپ سۆزغە كىردى :

دېدىكىم ھەندەلەك رەڭگىم سارىغدۇر ،
مېنى ئەككەن كىشى كۆڭلى يارۇقدۇر .
كىشكىم ھەندەلەك ئەكسە تاپادۇر ،
ئانى يارى ھەمىشە مۇستەفادۇر .

كى بۇيى دۇر ئانىڭ جەننەت نىشانى ،
كى سۆيدىلەر كەمىنەنى ئىشانى .
ئاچىپ ئىبرەت كۆزىڭ قىلغىل تەماشا ،
تىلىمگە نەزەر قىلغىل ، ئايا شاھ .
نىشانەلەر قىلىپدۇر ساڭا ئىبرەت ،
كىم ئۇچۇن خەلق ئېتىپدۇر بىلگىل ، ئەي مەرد .
دېدىكىم ، ھەندەلەك ، ئەي سەرۋەرى شاھ .
يەراتگەن سەن مېنى ئەي قادىر ئەللاھ .

مېنى خەلق ئەيلەدىڭ بەندەلەرىڭغە ،
يېسۇنلەر دەپ مۇھەممەد ئۇممەتىڭغە ؛
سېنى خەزلىڭ بىلە مەۋجۇد بولدىم ،
ئەدەمنىڭ مۇلكىدىن فانىغە كەلدىم .
مېنى ھەركىم يېسە تاپار سەۋابى ،
مەلائىكلەر كېلىپ ئەتكەي تەۋافى .
مېنى شەربەتلەرىم جەننەت سۆيدۇر ،
ھەمەنىڭ خالىقى قادىر خۇدادۇر .

ئەلغەرەز ، ھەندەلەك : « مېن جەننەت سۆيدۇرمەن» دەپ تۇرۇپ ئېردى ، ئارقا تەرەفىدىن نەئرە تارتىپ قاۋۇننى ئاۋازى كەلدى . دەرھال تۇرۇپ سەلام بەردى . جەۋاب سەلامدىن سوڭرە قاۋۇن ئايدى : « ئەي ھەندەلەك ، مېنى ھەر ۋاھدىم سېنى ئون ئەدەدىگىدىن زىيادەدۇر » دەپ سۆزغە كىردى . غەزەل ئوقۇدى :

قاۋۇن ئايدى : مەنھەم جەننەت ئىچىدىن ،
چىقىپدۇرمەنكى جەبرئىل كۆچىدىن ،
دېدى : قاۋۇن ، ئايا ئەي سەرۋى ئازاد ،
كىم ئۇچۇن ئايتىپدۇر ئەيلەگىل ياد .
مېنى شەربەتلەرىم رەھمەت سۆيدۇر ،
كى ئەھلى ئىلىمغە خۇب بەلگۇلۇكدۇر .
قىلىپ ھىممەت مېنى ئىچسە ئوشۇل مەرد ،
بىلىڭ ئايتىم قاۋۇن قويدى ئوشۇل فەرد .
قولىغە كۆرەن ئالىپ ھەيدەسە قوش ،
كى قىلماسە بۇ سۆزلەرنى فەراموش ،
ياراتقاندىن تەلەب قىلسە ئوشۇل ھال ،
مۇرادىن يەتكۈزۈر ، ئەي نىك ئەفئال .
كىشى غەيرەت قىلىپ ئەكسە قاۋۇننى ،
يۈزى يارۇق بولۇر ئول زوفنۇننى .
توخۇمنى يەرگە سالىپ كۆمسەڭ ئولھال ،
كى يەردىنكىم چىقارۇر بىر قۇلاق سال .
ئەمەل بەرسە ئاڭا ئول ھەيىي ئەكبەر ،
ئانىڭ ھۆكمىدەدۇر پىشماق ۋە ھەم تەر .
بىلىڭ يەردىن چىقىپ قىلغاي سەرەفراز ،
كى ئىززەت تابغۇسىدۇر قىش ئىلە ياز .
ئەرەبلەر نامىمى بەتىخ ئاتارلار ،
مېنى ئەككەن كىشى ئويناپ ساتارلار .
ئۆزىدىن بولماسە ھەرگىز كۆكەرمەس ،
ئۇرۇغىم تۇرغانىچە بەلكى ئۈنمەس .
قىلەك بولسە قاۋۇن قىلماق نە ھەددۇر ،
خۇدانى بەرگەنى بىلسەڭ سەبەبدۇر .
كى ئەسلىمنى سوراسەڭ بىر ئەلەبدۇر ،
ئۆزى بەرمەسە ئاندە نە سەبەبدۇر .
بەرادەرلەر بۇ سۆزلەر كۆپ ئۇلۇغدۇر ،
ئەمەل بەرمەسە ئاندە ھۆل قۇرۇغدۇر .
قاۋۇن ئايدى زەبانى ھال بىرلەن ،
تىلىدە نالە قىلدى زار بىرلەن .
ئەدا قىلسەڭ مېنى شەربەتلەرىمنى ،
غۇبارسىز قىل ، ئەگەر يېسەڭ تېنىمنى .
كۆرۈپسىزلەر قاۋۇننى شەربەتىنى ،
تويۇپ يەرسىز ئانى نىئمەتلەرىنى .
كى شۇكرىنى يەنە كەلتۈرمىگەيسىز ،
كى شۇكرىنى تىلىڭدىن ئۆزمىگەيسىز .
مۇھەممەد ھۆرمەتى مەھمۇدى مۇختار ،
تىلىمغە جارى قىل سۇلتانى ئەبرار .
مۇھەممەد ئۇممەتى بولساڭ ئوقۇغلار ،
كۆرۈپ كۆز ياشىڭىزنى تۆكۈڭىزلار .

بولۇر كۆز ياشكىز ئاندە گۇۋاھى ، گۇناھكىنى كەچۈرگەي ئاندە قازى .

ئەلغەرەز ، قاۋۇن شەربەتلەرىنى ماقتاپ دارۇدۇرمەن ، مىنى ھەزرەت جىبرىئىل ئالىپ چىققان دۇرلار دەپ لاف ئۇرۇپ تۇرۇپ ئىردى ، ئارقە تەرەفدىن نەئرە تارتىپ تاربۇز قارنى بىر قوچاق بولۇپ كىلابەردى ، دەرھال سەلام بەردى ، جەۋاپ سەلامدىن كىيىن ئايدى : « ئەي قاۋۇن ھالىڭغە قاراپ سۆزلەگىل » دەپ سۆزگە كىردى . غەزەل :

دىدى : تاربۇز زەبانى ھال بىرلەن ،
تىلىدە نالە قىلدى زار بىرلەن .
بەرادەرلەر بۇ يەردە بولىڭ ئاگاھ ،
دەۋا بەرگۈچى بىردۇر قادىر ئەللاھ .
ئۇشۇل مەردىكى دىھقان ئەكسە تاربۇز ،
سەخى بولغۇسىدۇر بىشۇبھە بۇ سۆز .
بۇ تاربۇزدىن بەرادەر قىلسىڭىز نوش ،
زىيادە بولغۇسى ئىدراك ئىلە ھۇش .
كىشى بولسە كەسەللىك مۇبتەلاسى ،
بىلىڭ تاربۇز ھەمە دەردنى دەۋاسى .
قەنى مەردانە مەردى ئەيلەسە گۇش ،
كى قىلماسە بۇ سۆزلەرنى فەرامۇش .
ئەنە مەردۇ ئەنە دىھقان ئەنەشىر ،
يەنە ئاچ بولسەلەر قىلسە ئانى سىر .
يەنە ئۇرىيان كىشىگە بەرسە جامە ،
سەۋابىنى كۆرۇپ ئەرماندە قالمە .
كى تاربۇزنى فىلەكى بىر ئەلەفدۇر ،
ئانىڭ ئەكسە سەخىلىككە سانەبدۇر .

ئەلغەرەز ، تاربۇز قارنىن بىر قوچاق قىلىپ : « ھەر قانداق كەسەلغە دەۋادۇرمەن» دەپ لاف ئۇرۇپ تۇرۇپ ئىردى ، ئارقە تەرەفدىن گاھى قارا بولۇپ ، گاھى ئالا بولۇپ ئاشقا باق فەرياد ئۇرۇپ كىلەدۇر ، دەرھال تاربۇز بەندى قورۇدى . ئاشقا باق سۆزگە كىردى :

بىلىڭكى ئاشقاباق ئەسلى قارادۇر ،
تەئاملار ئىچرە ئاندا غكى سەرادۇر .
يەنە بەئىزلەرى پوستى ئالادۇر ،
بىلىڭ سۈتكە سالىپ يەگىلەر مەزەدۇر .
بىلىڭ بەئىزلەرى .........
كىشكىم ئاشقاباق ئەكسە سەخىدۇر .
بىرەۋ ئەۋۋەل فىلەكدە خوب پىشۇرسە ،
ئۇزۇپ ئالىپ يەنەكىم سۈتكە سالسە .
يەنە ئۇتنى قويۇپ پىشۇرسەلار خوب ،
يىسەلەر ئول ئەزىزلەر خوب ساۋۇتۇپ .
كۆزى رەۋشەن بولۇر ئول بەندەلەرنى ،
مۇرادىغە يىتۇر جويەندەلەرنى .
زىياد بولغۇسىدۇر ئەقلىلەرى ھەم ،
كى غالىب بولغۇسى فەھملەرى ھەم .
يەنە بۇ قۇۋۋەتى باھ بولغۇسىدۇر ،
كى تالىب بولسە ھەر كىم يىگۇسىدۇر ،

ئەلغەرەز ، ئاشقاباق ئۆزىنى تەئرىپ قىلىپ تۇرۇپ ئىردى ، ھەر تەرەفدىنكى سەبزە باش كۆتەرىپ كىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى :

بىلىڭ سەبزى مىنى ئەسلىم كەۋكەبدۇر ،
تومۇرىم بارچە ئەلغە مۇئتە بەردۇر .
بەرادەرلەر مىنى قوشسە بىرىنجگە ،
ئەزىزدۇرمەن بۇ سۆزغە بولغىل ئاگەھ .

يەنە گوشت ، ياغۇ مۇرچنى ھەم قوشادۇر ،
ئانى نامى فەلاۋ ئاشلار بولادۇر .
بىلىڭ سەبزى سۇيى ھەزمى تەئامدۇر ،
بىلىڭ سەبزى ھەمە دەردكە دەۋادۇر .
دېدى : سەبزى مېنى ئەكسە ئۇشۇل ناس ،

كىشى يېسە مېنى ئۇل دەم بىئىخلاس .
ئۇشۇل ئەر تاپقۇسى بىھەد سەۋابى ،
ئۇشۇل دەم يوق بولۇر ئانده جەۋابى .
كىشى دېھقان بولسە سەبزى ئەكسۇن ،
بەھاسىز گەنجخە ئۇل دەم يولۇقسۇن .

ئەلـقـسـسە ، سەبزى ئۆزىغە فەخر قىلىپ سۆزلەپ تۇرۇپ ئېردى ، بىر تەرەف شەلغەم باش كۆتـەرىـپ كـېلىپ ئايدى : « سەبزى ، ھەددىڭدىن ئاشىپ سۆز ئايتماغىلكىم ، خەتاكار بولۇرسەن . » دەپ سۆزغە مەشغۇل بولدى :

بىلىڭ ، دېھقان ئېكىپدۇر ھەر ئۇمۇلدىن ،
كى ئەشرەف بولغۇسىدۇر ئۇكۇ سولدىن ،
ئۇشۇل دېھقان ئېكىپدۇر يازدە شەلغەم ،
ئاڭا سۇ بەرسەلەر ھەردەم دەما دەم .
كۆكەرىپ سۇ بىلە ئالغاي ئەمەلنى ،
غۇبارىن مەھۇ قىلغاي بۇ بەدەننى .
كىشى يېسە ئۇشۇل شەلغەم پىشۇرۇپ ،
پىچاق بىرلە يەنە قوستىن تۇشۇرۇپ .
ئۇشۇل بەندە تاپار بىھەد سەۋابى ،
قىيامەت كۈن سورالمايدۇ ھىسابى .
دېدى : جەننەت ئىگەسى ئۇشبۇ ئادەم ،

قىيامەت بولسە ھەم تۇشمەس ئاڭا غەم .
خۇدا كەچكەي ئاڭا بارچە گۇناھىن ،
سەخىلىككە سەبەب بولغاي بۇ كارىن .
دېدى شەلغەم : مېنى ئەسلىم بولۇر شاھ ،
يەنە غەم كۆرگەنىم يوق ، بولغىل ئاگاھ .
مېنى ئىلەن بولۇر گەرشاد دىلدە ،
گى غەمدىن بولغۇسى ئازاد بەندە .
مېنى گوشتقا قوشۇپ قايناتسە قابىل ،
بىلىڭ سىز ، بولغۇسى شورپايى كامىل .
دېدى شەلغەم : مېنى پوستۇم قىزىلدۇر ،
مېنى دارۇلقىم روزى ئەزەلدۇر .

## ھىكايەت

ھىكايەت ئايتايىن سىزلەرگە ، ئەي يار ،
تەبەسسۇمۇ تەكەللۇم قىلمە زىنھار .
ئەگەر قىلساڭ تەبەسسۇم ئايتگەنىمگە ،
پۇشەيمان بولاردۇرمەن بىتكەنىمگە .
بىرىنچ ، بۇغداي ، تارىق ، ئارفە ، قۇناقلار ،
نۇخۇد ، ياسمۇق بىلەن ماش زىن تەلاقلار .
يىغىلىپ بارچەسى قىلدى ھىكايەت .
بىرىنچ ئۇردى ئۆزىدىن لاف غايەت .
مېنىڭ ئاشمنى خوشلارلار خەلايىق ،
مېنىڭ ئاشم ئېرۇر خانلارغە لايىق .
قىلۇر مېنى ھەقى مەستابە دەپ ئاش ،
ئىچىپ ، يەپ ، ئىيش ئېتەر ئانچە ئەزىز باش .
بىھەمدۇللاھكى ، مەن بۇغداي ئەمەسمەن ،

تېگۈرمەنۇ پىچاق زەخمىن يېمەسمەن .
بىرىنچ سۆزىن ئېشتىپ ئانده بۇغداي ،
كېلىپ قەھرى ئۇشۇل دەم ، دېدى : ئەي ۋاي ،
نە دەپ ئايتتىڭ بۇ سۆزنى كۆرمەك ئەھمەق ،
باشىڭدە ئۇيناماسمۇ ئېككى توخمەق .
پاتاس كۆرمەك ئارالەب كەم بولۇرسەن ،
قاچان مېنىڭ بىلە سەن تەڭ بولۇرسەن .
سېنى ئېلتىپ قۇيادۇر ئاب جوۋازغە ،
بەرابەردۇر ئۇشۇل ھەم كۆيۈ ئازغە .
بىرى چىقسە ، بىرى تۇشكەي باشىڭغە ،
تەرەھھۇم ئەتمەگەيلەر كۆز ياشىڭغە .
ماڭا ئۇل ئاقلاغاندە تەڭ بولۇرسەن ،
يوق ئېرسە ئات ـ ئېشەككە يەم بولۇرسەن .

مېنى تاشۇ كېسەككىم كەم قىلادۇر ،
تىگۇرمەنگە تۇشۇرۇپ ئۇن قىلادۇز .
سەمۇرۇپ بىبىيۇ بەگلەر بىلەكنى ،
كېتۇرۇپ ئۇستۇمە تۇرت باغ ئىلەكنى .
قىلۇر مېنى تەقى كولچە ، بوغۇرساق ،
مېنى ئۇچۇن ئەرۇ خاتۇن يورۇمساق .
ئېرۇرمەن تىشكە يۇمشاق ، تىلگە تاتلىغ ،
مېنى ئالدىمدە ئارفە ئانچە قاتتىغ .
ئىشتىپ ئارفە بۇغداينى سۆزنى ،
كى قىلتاناقغە باسبان يۇز - كۆزنى .
دېدى بۇغدايغە : مۇنچە ماختا نۇرسەن ،
ئەگەر مەن سۆزلەسەم سەن توختا يۇرسەن .
سېنى دېدى بېهىشتىن چىقتى ئادەم ،
مېنى يەپ قىلدى تائەت ئۇشبۇ ھاتەم .
جەھان ئېچرە كىشى ئاچغە ئىلىنسە ،
سۆيۇنۇرلەر مېنى باشىم كۆرۇنسە ،
دەيۇرلەركىم چىقارمىش ئارفە باشنى ،
ئېچەرمىز قارنىمىز تويغۇنچە ئاشنى .
بىھەمدۇللاھكى مەن ئەرزان ئەمەسمەن ،
سېنى ئالداغۇدەك غەددار ئەمەسمەن .
تارىق قازانغا سالىپ قايناتادۇر ،
قاۋۇرۇپ كۆزگىنەسىن ئويناتادۇر .
ئىشتىپ ئارفە سۆزىن ئاندا تارىق ،
كېلىپ قەھرى چەراكى بولدى سارىق .
سېنى ماڭا ئالىشقان زىن تەلاقلار .
سېنى يېسە تەمامى قىلتاناقلار .
سېنى بوغۇن بوغۇنىڭدە بىلىك بار ،
كىشگە ياقماغان ساۋۇق يەلىك بار .
مېنى بىمار كىشگە ئەم قىلادۇر ،
سېنى ئاتۇ ئېشەككە يەم قىلادۇر .
مېنى قىلۇر خەلايىق بوزە - بوزە ،
ئالىپ يۇزگەيلەر ئانى كوزە - كوزە .
مېنى ئېچكەن يىگىتلەر گۇلگۇن ئاچىلۇر ،
ئاغىزدىن مۇشتى كۆپۇكلەر ساچىلۇر .
بۇ سۆزۆگنى بارىپ ئايت ئول قوناقغە ،
ئۇشۇل دانىيۇ باشى يۇمۇلاققە .
قوناقنىڭ ئاشى ئېرۇر كۆپ مۇلايىم ،
ئانى ئېچكەن كىشى بولغاي شەلايىم .
مۇنى ئىشتىپ قوناقنى قەھرى كەلدى ،
ئاچىغلانىپ ئانى ھەم زەھرى كەلدى .

نە دەپ ئايتتىڭ بۇ سۆزنى پىتنە تارىق ،
ئېچىپ بولماس ئاشىڭنى سۇيى سارىق .
تەڭ ئالماسمەن ئۆزۈمنى ئول ئەسەلگە ،
دەۋادۇرمەن نەچە ياتقان كېسەلگە .
مېنى بىمار كىشلەر ئېچسە ئۇچ كۈن ،
ئايىتار دەردىغە : سەن ئەمدى كۆچكۈن .
مېنى ئاشىم تەقى بىمارنى ياقلان ،
نۇخۇتنىنىڭ تۇمشۇغىدۇر يەرغە ياتقان ،
ئېچىگدە بولماسە بىزدىن بىر - ئىكۇ ،
تارىغ بىرلە ئىكاۋىلىك ساپسارىغ سۇ .
پەزەندەلەر قىلۇر ئاش باقايلى .
سېنى بىر سۆز بىلە ئالىپ ياقايلى .
قاشۇقتىن سىلكىبان تاشلار تەبەققە ،
زەرۇرەتدىن سېنى تاشلار تاماققە .
يەنە نەچچە تەكەللۇم ئايدى بىسىيار ،
كى تۇمشۇغىن كۆتەرىپ يىغلادى زار .
دېدى : ئەي قادىرا ، دانا ئېرۇرسەن ،
كى بەئزى بەندەگە تومشۇق بىرۇرسەن .
نېچۇك ئەيلەي ئەزەل كۈندە بىتىتتى ،
ماڭا ئۇشبۇ كۈنى تۇمشۇقنى بىتتى .
بۇ سۆزۈگنى بارىپ ئايت جەۋھەرىغە ،
ئېچىپ خاتۇن يۇرۇمەس شەۋھەرىغە .
ئېرى ئانچە خاتۇنغە ياۋۇماس ،
بىرمر ئەت يېمەيىن ھەرگىز بۇيراماس .
قىلىپ تەگرىم ئەجايىب ئانى ئەھمەق ،
باشىدە بەلگۇسىدۇر ئەگرى توقماق .
ئۇشۇل دەم جەۋھەرى بوينىن ئۇزاتىپ ،
نۇخۇتقە سۆزلەر ئايتتى مىسكىن ئېتىپ :
نە دەپ ئايتتىڭ بۇ سۆزنى تاشباقاسەن ،
قىلىپ فىتنە جەھانغە ئوت ياقاسەن .
بېرىپ تەگرى ماڭا خوب قەددى بالا ،
ئېتەرمەن تەگرىغە تەسبىھ ھالا .
يىبەرىب ھەق مېنى شامى شەرىفدىن ،
كېلىپدۇرمەن تەقى مەككە شەرىفدىن .
بېلىمنى باغلادىم مەن بەندەلىكدە ،
سېنىڭدەك ياتمادىم شەرمەندەلىكدە ،
بۇ سۆزۈگنى بارىپ سەن ماشغە ئايتغىل ،
ئۇشۇل كىم رەڭگى - رويى تاشغە ئايتغىل .
كى ماش ئىشتىپ بۇ جەۋھەرنىڭ سۆزىنى ،
نېگە مۇنچە بەلەند تۇتتۇڭ ئۆزۈڭنى .....

# كەشمىر سۇلتانىنىڭ قىزى

(چۆچەك)



رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇكى، كەشمىر ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ خوتۇنى بىلەن بىللە تەختىگاھدا ئولتۇرغىنىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر دەرۋىش كىرىپ كەپتۇ. ئۇ:

— تەڭرى رىزاسى ئۈچۈن سەدىقە بېرىڭلار، — دەپتۇ.

— ئەي دەرۋىش، سەن زادى نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

دەرۋىش ئېيتىپتۇ:

— مېنىڭ مۇرادىم يۈز ئالتۇندۇر.

پادىشاھ بىلەن خوتۇنى دەرھال يۈز سەر ئالتۇننى ئەكەلدۈرۈپ دەرۋىشكە بېرىپتۇ. بۇ چاغدا دەرۋىش مەلىكىگە قاراپ:

— ئەي خانىم، سىنىڭ بىرەر ئارزۇ - تەلىپىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ بىر ئارزۇ - ئارمىنىم بار ئىدى، لېكىن دېيىشكە خىجالەت بولىۋاتىمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇيالماي ئېيتقىن، — دەپتۇ دەرۋىش.

— ئەي دەرۋىش، — دەپتۇ مەلىكە، — ماڭا بىر دۇئا قىلساڭ، تەڭرىم ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلسا.

— مەن دۇئا قىلسام، سەن «ئامىن» دېگەيسەن، — دەپتۇ دەرۋىش.

دەرۋىش دۇئا قىپتۇ، مەلىكە «ئامىن» دەپ قول كۆتۈرۈپتۇ. تەڭرىتائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇ كېچىدىن باشلاپ مەلىكە ھامىلدار بوپتۇ. ئاي - كۈنى توشقاندىن كېيىن، بىر قىز بالا دۇنياغا كەپتۇ. پادىشاھ بارلىق پۇخرانى يىغىپ شۇنداق چوڭ توي - تاماشا قىپتۇكى، ھەتتا جەمئى ھايۋاناتلارمۇ يېمەك - ئىچمەككە غەرق بوپتۇ. ئۈچ كېچە -

كۇندۇز تويى قىلىپ تۆتىنچى كۈنى بۇ قىزغا « گۈلچېھرە » دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئاندىن پۈتۈن شەھەر خەلقىغە ئالتۇن تەڭگىلەرنى ئۈلەشتۇرۇپتۇ، ھەممە ئادەم خۇشال بولۇپ، قىزنىڭ ھەققىدە نۇرغۇن دۇئالارنى قىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. قىز ئۆچ ياشقا كىرگەندە ئۇنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپتۇ. بۇ قىز شۇنداق ئالىم بولۇپ يېتىشىپتۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىلمىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەسكەن. بۇ قىز ئىلىمدىلا ئەمەس، ھۆسنى ـ جامالدىمۇ تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن. پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ پىكرى ـ زىكرى بۇ قىزنى بىر كۆرمەكتە ئىكەن. بارلىق پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەر بۇ قىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشۇدىكەن. بۇ قىز ھۆسنى ـ جامالدا، ئىلىمدە، ئەقىل ـ پاراسەتتە، نەزاكەتتە ۋە پالۋانلىقتا ھەم تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇ قىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرىنى تەۋرىتىپ بىر ئېغىز سۆزلىسە، كۆرگەنلەر بىھوش بولۇپ يىقىلىدىكەن.

گۈلچېھرە ئون ئىككى ياشقا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا بىر قانچە شاھلىقلاردىن ئەلچىلەر كەپتۇ. لېكىن پادىشاھ قىزىنىڭ رازىلىقىسىز ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. گۈلچېھرە بولسا:

ـــ ماڭا ئەلچى ئەۋەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە كىم ئىلىمدە، ھۆسنى ـ جامالدا، باتۇرلۇقتا مېنىڭدىن ئۈستۈن بولسا، مەن شۇنىڭغا تېگىمەن، ـــ دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ.

شۇندىن كېيىن نەچچىلىگەن ئالىملار كېلىپ قىز بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپتۇ. بىر مۇنچە شاھزادىلەر كېلىپ قىزنىڭ جامالىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. قانچىلىغان پالۋانلار كېلىپ، قىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە تەڭ كېلەلمەي بىچارە بولۇپ قايتىشىپتۇ. بەزى پادىشاھلار ئەسكەر ئەۋەتىپ سوقۇشۇپمۇ قىزنى ئالالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىرقانچە ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى باغدات پادىشاھىنىڭ ئوغلى يۈز تۆگىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى، يىپەك ۋە ئەتلەسلەرنى يۈكلەپ، بىرقانچىلىغان خىزمەتكار ـ قۇللار بىلەن يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ھەرتۈرلۈك ياقۇت ـ جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن تاج ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە غەرق بولغان لىباسلارنى كىيىپ، يېشىل، قىزىل، ئاق ئەتلەسلەردىن ياسالغان چېدىرىنىڭ ئىچىدىكى تەختىراۋاندا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرى قاماشىپ كېتىدىكەن. بۇ شاھزادىنىڭ يۈزى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدەك نۇرلۇق، سۆزى ھەزرىتى زۇلەيخانىڭكىدەك شىرىن ئىكەن. ئۇ گۈلچېھرىنىڭ بۇلبۇلغا ئوخشاش سۆزىگە ئەشنا بولۇپ، نۇرلۇق جامالىغا ئاشىق بولۇپ، مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ كەشمىر ۋىلايىتىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپتۇ. كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا گۈلچېھرىنىڭلا گېپى ئىمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىچارىمۇ بۇ ئىشقا مۇبتىلا بوپتۇ. ئۇ گۈلچېھرە ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەقلىدىن ئازغىلى تاس قاپتۇ. ئۇ يەنە ھۇشىنى يىغىپ ئۆزى چۈشكەن ھوجرىغا قايتىپتۇ.

شاھزادىنىڭ بىر ئەقىللىق مەسلىھەتچىسى بار ئىكەن. ئۆز ھالىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلىپ:

ـــ ئەي ۋەزىر، بۇدەردىنىڭ دەرمانىغا قانداق يەتمەك كېرەك؟ ـــ دەپتۇ.

ۋەزىر باش قاتۇرۇپ راسا ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەي شاھزادە، بىر ئاز سەۋر قىلايلى. شەھەردىكى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ باقايلى. شۇ چاغدا ئىنشائاللاھ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن. ھازىرچە ئالدىراپ ھېچقانداق ئىشقا قەدەم باسمايلى، — دەپتۇ. شاھزادە ۋە باشقىلار بۇ سۆزنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. بۇلار مەسلىھەت قىلىشىپ تۇرسۇن، بىز گەپنى گۈلچېھرىدىن ئاڭلايلى:

گۈلچېھرەگە شۇنداق خەۋەر يېتىپتۇكى:

— بۇ شەھەرگە بىر شاھزادە كەپتۇ. مال-دۇنيا ۋە ھۆسنى-جامالىنى تىل بىلەن تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى بىر كۆرگەنلەر ماڭالماي، قەدەم باسقان جايدا تۇرۇپلا قېتىپ قالىدىكەن. ئەمما ئۇ دائىم تىلىدا «گۈلچېھر» دېگەن نامنى زىكرى قىلىدىكەن. مىڭ جېنى بولسىمۇ سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا قۇربان قىلارمىش...

گۈلچېھرە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىرھازا ئويلىنىپ قاپتۇ. ئىشقى-مۇھەببەت تومۇرلىرى شىددەت بىلەن سوقۇپتۇ.

— ئۇنى بىر كۆرۈپ بېقىش كېرەك، — دەپتۇ قىز.

شاھزادە بولسا كېچىلىرى ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇلبۇل گۈل دەپ زىكرى قىلغىنىدەك، ئۇمۇ گۈلچېھرە دېگىنىچە تۈنلەرنى ئويغاق ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر گۈلچېھرىگە تونۇش بىر مومايىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا:

— ئانا، بۇ ئىشقا بىر ئامال تېپىڭ. قانداق قىلىپ بولمىسۇن شاھزادە بىلەن گۈلچېھرىنى ئۇچراشتۇرايلى. قانچىلىك ئالتۇن-كۈمۈش دېسىڭىزمۇ بېرەيلى، — دەپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپتۇ.

موماي ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان ھامان پەيدەك يۇمشاپ، تۈلكىدەك ھىيلىگە كىرىپتۇ. موماي:

— ئەي ۋەزىر، مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. مەن گۈلچېھرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، شاھزادىنى راسا ماختاي. ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭ سۆزلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ، شاھزادىگە نىسبەتەن قىزىقىش قوزغىلامدۇ ياكى تەكەببۇرلۇق ئىزھار قىلامدۇ، قانداق. شۇنىڭغا قاراپ بىر تەدبىر قوللىنارمىز، — دېگىنىچە ھىيلە كىيىمىنى كىيىپ، يالغانچىلىق چاپىنىغا ئورۇنۇپ، ئىغىۋا ھاسىسىغا تايىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

موماي شۇ ماڭغىنىچە بىر دەمدىلا گۈلچېھرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قىزلار:

— قىززىقچى موماي كەلدى، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

— كىرگۈزۈۋېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ گۈلچېھرە. دەرۋازىنى ئاچقاندا موماي «بەلكىم بىر ھىيلە قىلۇرمەن» دېگىنىچە كىرىپ كەپتۇ. ئۇ گۈلچېھرە بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتقاچ:

— ئاھ، بۇ قولنى قانداق قىلىپ شاھزادىنىڭ قولى بىلەن كۆرۈشتۈرەرمەن، — دەپتىكەن، گۈلچېھرە كۈلۈپ كېتىپ:

— قانداقلارچە شاھزادىنىڭ قولىغا مېنىڭ قولۇم لايىق كېلىدۇ؟ — دەپتۇ.

موماي دەرھال ئەقلى ـ ھوشىنى يىغىپ ، مىكرخالتىسىنى ئالدىغا يېيىپ شاھزادىنى ماختاشقا باشلاپتۇ :

— ئەي قىزلارنىڭ سۇلتانى ، يىگىتلەرنىڭ تاجى ، نەچچە مەملىكەت پادىشاھلىرىنىڭ كۆزگۇ ئەينىگى ۋە نەچچە يىگىتلەرنىڭ كۆزىنىڭ سۈرمىسى ، نەچچە شاھزادىلەرنىڭ كۆڭۈل زىكرىنىڭ كەبىسى ! يۈزۈڭ ۋە سۆزۈڭ بىلەن نەچچە مەملىكەت خەلقىنى مۇسەخخەر ئەيلە-دىڭ ، سېنىڭ ئىشقىڭدا كەسىپ ئىگىلىرى ئىشىنى تاشلاپ ، قوللىرىغا تەسبىھ ئېلىپ سېنى زىكرى قىلىشماقتا ... ھەسەل ھەرىسى بال ئىزلەپ خۇش پۇراق چېچەكلەرنى ئايلانغىنىغا ئوخشاش سېنىڭ گۈلدەك يۈزۈڭگە ئاشىق بولۇپ بىر شاھزادە كەپتۇ . ئەگەر سىز مۇۋاپىق كۆرسەڭ ، سىنى ئەمرىگە ئېلىشنى ئويلايدىكەن .

— ئۇ شاھزادىنى كۆرۈپ بېقىش كېرەك ، — دەپتۇ قىز .

— پالانى سودىگەرنىڭ قىزىنىڭ تويى بولىدىكەن . ئۇ سېنىمۇ قىز ئولتۇرۇشىغا چاقى-رىدىكەن . ئەگەر قوبۇل كۆرسەڭ ئەشۇ سودىگەرنىڭ قىزىنىڭ تويىغا بارساڭ ، شاھزادىمۇ شۇ ئەتراپتا ئىكەن ، شۇ چاغدا كۆرۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن ، ئىنشائاللاھ ، — دەپتۇ موماي .



— چاقىرسا نېمىشقا بارمىغۇدەكمەن ، — دەپتۇ قىز .

موماي ئىچىدە يەنە بىر قاپقاننى قۇرۇپتۇ . گۈلچېھرىدىن رۇخسەت سوراپ تېزدىن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ . ۋەقەنى بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ ۋە :

— مەن سودىگەرنىڭ قېشىغا بېرىپ دېدىمكى ، سەن كاتتا بىر توي قىلغىن ، تارتقان زىيىنىڭنى شاھزادە تۆلەپ بېرىدۇ . ئۇ ماقۇل بولدى . شۇڭا قانچىلىك مال ـ پۇل كېرەك بولسا شاھزادىگە ئېيتايلى . خىراجەتكە ئۇ رازى بولسۇن . ئۇ سودىگەرگە تارتقان چاپاسىنىڭ ئەجرىنىمۇ بېرىشىمىز كېرەك . سودىگەرنى تولۇق رازى قىلىپ ، چوڭ توي ـ تاماشا قىلىپ ، شۇ باھانە بىلەن گۈلچېھرىنى شاھزادىگە كۆرسىتىش كېرەك . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەگەر مەقسەتكە مۇۋاپىق كەلسە گۈلچېھرىنى شاھزادىگە ئېلىپ بېرىشنىڭ قەستىدە بولىمىز ، — دەپتۇ موماي .

ۋەزىر بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ خۇشال بولۇپ شاھزادىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالدىن خەۋەردار قىپتۇ . شاھزادە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مىڭ جېنى بىلەن شادلىنىپ ، ئىككى قولىنى قوشتۇرۇپتۇ . ئۇ :

— قانچىلىك مال ـ دۇنيايىم سەرپ بولسىمۇ مىڭ جېنىم بىلەن رازىمەن ، — دەپتۇ .

ۋەزىر شاھزادىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خوشلۇقىدىن مومايىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ-دىن سۆيۈنچە ئاپتۇ .

موماي دەرھال سودىگەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ . ۋە بارلىق ۋەقەنى باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭغا دەپتۇ . سودىگەرمۇ گۈلچېھرىنىڭ ئۆز ئۆيىگە قەدەم باسىدىغانلىقىغا خۇش بو-

لۇپ، ھەممە ئىشقا رازى بوپتۇ. موماي سودىگەرنى ئەگەشتۈرۈپ شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار كۆرۈشۈپ ئۆز ئارا ھال ـ ئەھۋال سورىشىپتۇ. قايتىش ۋاقتىدا ئۇلار پادىشاھنىڭ قىزىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ مەسلىھىتىنى پىشۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، سودىگەر بىلەن موماي ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە توي تەييارلىقى بىلەن پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي ھەر تەرەپكە چېپىشىپتۇ. نېمە كېرەك بولسا ئەپكىلىپ، نۇرغۇن-لىغان نازۇ ـ نېمەتلەرنى ھازىرلاپتۇ. نەچچىلىگەن قول ـ كېنىزەكلەر، ھۆرلەركەبى قىزلار ۋە غۇلامانلار كەبى يىگىتلەر ئالتۇن ـ ياقۇتلاردىن ياسالغان ئاياقلاردا شاراپ تۇتۇش ئۈچۈن تەييارلاپتۇ. بەشىنچى كۈنى توي ـ تاماشا باشلىنىپ، شەھەردىكى گۈزەل قىزلار كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۈنچە ـ مارجانلار بىلەن بېزەلگەن كۇرسىلارغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. گۈلچېھرە ئۈچۈن بىر ئالتۇن كۇرسى ھازىرلانغان بولۇپ، تۆت نەپەر خادىم ئالتۇن پەتنۇسلارغا تىللالارنى تولدۇرۇپ قوللىرىدا كۆتۈرگەن پېتى ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ. قىزىل ـ يېشىل ئەتلەسلەردە سايىۋەن قىلغان، تەختىراۋانغا ئوخشاش، ئالتە ئات قوشۇلغان بىر ھارۋاگۈلچېھرە ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان بولۇپ، بىرقانچە مۇلازىملار گۈلچېھرەگە خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىدە ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈشۈپتۇ. گۈلچېھرە بۇ خە-ۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇمبۇل چاچلىرىنى تاراپ، ئايدەك يۈزىنى تۈرلۈك ـ تۈمەن زىننەتلەر بىلەن بېزەپ، بېشىغا ياقۇت ـ جاۋاھىرلار قويۇلغان بىرتاجنى كىيىپتۇ. ئۇنىڭ نۇرى شەھەرنى چاقنىتىۋېتىپتۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن لىباسلار، ئۈنچە ـ ياقۇتتىن تىزىلغان مارجانلىرى ئۇنى خۇددى زىبا بىر تۇتى قۇشقا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ شولىسى پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلىپتۇ. كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىنىك ئانىلىرى ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىن يۆلەپ، قوللىرىدىن يېتىلەپ، ئىپەك ـ ئەتلەسلەردىن سېلىنغان پاياندازلارنى دەسسىتىپ، ئۇنى ھارۋىنىڭ ئىچىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. سودىگەرنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ بارغاندىمۇ پاياندازلار سېلىنىپ، ئاياغ ئاستىغا ئۈنچە ـ مارجانلارنى چېچىپتۇ. ھۆر ـ پەرىلەردەك قىزلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قوللىرىدىن تۇتقىنىچە بېشىدىن ئالتۇن تاۋاقلاردا ئۈنچە ـ مارجانلارنى چېچىپتۇ. «قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن! مەرھابا، خۇش كەلدىڭىز ...» دېيىشىپ، چۇقۇرشىپتۇ. يەنە تويغا تەكلىپ قىلىنغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈزلىرىدىن سۆيۈپ، «مەرھەبا، خۇش كەلدىڭىز خانىمىز، سۇلتانىمىز» دېيىشىپتۇ. گۈلچېھرىمۇ ئەتراپتىكى ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ، بارلىق قىزلاردىن ئەھۋال سوراپتۇ. بۇلار بۇيەردە بۇلبۇلدەك سايراپ سۆزلىشىپ تۇرسۇن. بىز شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ يېنىغا بېرىپ باقايلى:

موماي، سودىگەر ۋە ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شاھزادىنى بىر ھوجرىغا ئولتۇرغۇ-زۇپ، گۈلچېھرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كىچىككىنە بىر دېرىزىنى ئوچۇق قويۇپ ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپتۇ. چۈنكى قىزلار شوخ كېلىدۇ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قالمىسۇن، دېيىشىپتۇ ئۇلار.

شاھزادە «كۆزلىرىمگە قۇياش نۇرى قاچان چۈشەركىن» دەپ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرغىنىدا، تويۇقسىزلا گۈلچېھرىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. خوشاللىقىدىن ئۇ جان تەسلىم قى-

لىشقا تەييارلىنىپ، بىھۇش بولۇپ يىقىلىپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بولغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئۇ قىزنى كۆرۈپ مىلىك جېنى بىلەن كۆيۈپ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئەقلىدىن ئېزىشقا ئاز قاپتۇ، مىلىك بالالار بىلەن ئاران سەۋر قىپتۇ. قىزلارنىڭ ھەممىسى يېيىش - ئىچىش بىلەن بولسا، گۈلچېھرە بىلەن شاھزادە بىر - بىرىنى ئويلاپ تاقىتى قالماپتۇ. قىزلار توينى تۈگىتىپ بىر - بىرلەپ قايتىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا گۈلچېھرە مومايغا:

— شاھزادىدىن خەۋەر يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

— شاھزادە سىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ يوشۇرىۋاپتۇ —، دەپتۇ موماي مىكىر ھىيلىلەر بىلەن، — ئەتە مەن ساڭا بىر ئامال تۈگىتەي. شۇ چاغدا ئۇنى قانچىلىك كۆرۈشنى خالىساڭ كۆرەلەيسەن.

گۈلچېھرە مومايىنى ئۆز قېشىغا بېرىشقا شەرەت قىلىپ قويۇپ، كېتىشكە ھازىرلىنىپتۇ. خىزمەتچىلەر تەرەپ - تەرەپلىرىدىن ئۈنچە - مارجانلارنى چېچىپ ئۈزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە كۆزلىرىدىن ئۈنچىدەك ياشلارنى تۆكۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن تەلمۈرگىنىچە، بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئىنشائاللاھ، بۇ گۈزەل قىز چوقۇم سىزنىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە ۋەزىرنىڭ سۆزىدىن كۆڭلى تەسكىن تېپىپ، تاڭ ئاتقىچە تەڭرى تائالاغا مۇناجات قىلىپ، گۈلچېھرەنى ئۆزىگە نېسىپ قىلىشنى تىلەپ ئويغاق تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ۋەزىر شاھزادىدىن ئەھۋال سوراپ، گۈلچېھرىنىڭ ۋەسپىنى سۆزلىشىپتۇ. موماي بولسا قاچان تاڭ ئاتاركىن دەپ، گۈلچېھرە ئۈچۈن ھىيلە - مىكرىلەرنى تۈزۈپ، ئالدام خالتىسىنى تولدۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتا - ئاتمايلا موماي ھىيلە كىيىمنى كىيىپ، يالغانچىلىق رومىلىنى ئارتىپ، ئىغۋا تايىقىغا تايىنىپ گۈلچېھرىنىڭ قېشىغا قاراپ چېپىپتۇ. قىزلار مومايىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. گۈلچېھرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئىنىك ئانىلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. گۈلچېھرە بىلەن كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ. گۈلچېھرە مومايغا:

— ئەي ئانا، شۇ شاھزادىنى قاچان كۆرۈرمەن؟ — دەپتۇ. موماي دەپتۇكى:—

— ساڭا بىر مەسلىھەت كۆرسىتەي. ئاناڭغا بۇ شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى ئاناڭ ئارقىلىق يەتكۈزگىن. بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مېھمان چاقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغىن. ئاناڭ غىزا - تاماق ھازىرلىتىپ بەرسۇن. ئاناڭ شاھزادىنىمۇ چاقىرسۇن. شۇ چاغدىلا سەن ئۇنى مۇرادىڭغا يەتكۈدەك كۆرەلەيسەن.

بۇ مەسلىھەت گۈلچېھرىنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ يېقىپتۇ. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئانىسىغا ئىلتىماس قىلماقچى بوپتۇ. كەچ بولغاندا ئىنىك ئانىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ:

— سەن بۇ ئەھۋال توغرىسىدا مۇۋاپىق بىر پۇرسەت تېپىپ ئانام بىلەن سۆزلەشكىن. ئۇ ئانام بىلەن سۆزلىشىپ باقسۇن. ئانام نېمە دېمىسۇن ئۇنىڭ پىكرىدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرسۇن. ئىشقىلىپ بىر ئامال قىلىپ مېھمان چاقىرىشنىڭ يولىنى قىلسۇن...، — دەپتۇ.

ئىنىك ئانا بۇ سۆزلەرنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ كېچىسى مەلىكە قىزغا ھەمرا بولۇپ،

ئەتىسى ئۆز خانىسىغا قايتىپتۇ ، سۇلتانىنىڭ كەيپى چاغ پەيتىنى كۈتۈپ تۇرۇپ ، بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ . سۇلتانمۇ مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىگە جان ـ تېنى بىلەن قوشۇلۇپتۇ . ئۇ دەرھال مېھمان چاقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ . بىر كۈن ئاۋۋال شەھەرنىڭ ئۆلىما ـ پازىللىرىنى ، بايلارنى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىپتۇ .

ئەتىسى قىز شاختىكى كۈن نۇرى چۈشكەن ئالمىدەك قىزىرىپ ، تۈرلۈك ـ تۈمەن ياقۇت جاۋاھىرلار بىلەن بېزىنىپ يىراقتىن ماراپ تۇرۇپتۇ . ئۆلىمالار ، بايلار ، شەھەر خەلقى ھەممىسى يېتىپ كەپتۇ . بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ ئالدىغا يەنە ئادەم ئەۋەتىپتۇ . شاھزادە بولسا ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئورنىتىلغان تاجنى كىيىپ ، ئالتۇن ئۆزەڭگە ، يىپەك چۇلۋۇرلۇق ھەيۋەتلىك بىر ئاتقا مىنىپ ، ۋەزىرىنى يەنە بىر ئاتقا مىندۈرۈپ ، پادىشاھلار كەبى يېتىپ كەپتۇ . ئۇنى كۆرگەنلەر :

— بۇ پەرىشتە سۈپەت ئادەم كىمدۇ ؟ — دېيىشىپ ھەيران بولۇپ سۆزلىشەرمىش . گۈلچېھرە شاھزادىنى كۆرگەن ھامان بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ ، يۈرىكىگە ئىشىق ئوتى تۇتىشىپتۇ .

شاھزادىنى سۇلتان بىلەن ۋەزىرلەر قارشى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئورۇن كۆرسىتىپتۇ . دۇئادىن كېيىن ھال ـ ئەھۋال سورىشىپتۇ . گۈلچېھرە شاھزادىنى كۆرىدىغانغا بىر كىچىككىنە يوچۇق ئېچىلغان خانىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن . ئۇ شۇ يەردىن شاھزادىگە قاراپ قانغۇدەك كۆرىۋاپتۇ . ئۇنىڭ ئىشقى مۇھەببىتى ئەسلىدە بىر ھەسسە بولسا ، ئەمدى مىڭ ھەسسە بوپتۇ .

سورۇن ئەھلى ئۆلىمالار ۋە بايلار ئۆز ئارا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ، شاھزادىدىنمۇ بىر سوئال سوراشقا توغرى كېلىپ قېلىپ ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ . شاھزادە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا مەجلىس ئەھلىگە ناھايىتى مۇۋاپىق جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ . ئۇلار قايىل بولۇشۇپ ھەممىسى « بارىكاللا » دەپ ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ . بۇ چاغدا گۈلچېھرە يوچۇقتىن قاراپ تۇرغان ئىكەن ، ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن :

— تازىمۇ ئەخمەق نېمىكىنە ، سۆزلىمەي تۇرۇپلا كۈلۈۋاتىدۇ ، دەپتۇ مەسخىرە قىلىپ ۋە ، — مەن قانداقمۇ بۇنداق شاھزادىگە لايىق بولاي ، — دەپ تەكەببۇرلۇق قىلىپتۇ .

زىياپەت ئاخىرلىشىپ ، كۆپچىلىك تارقىلىپتۇ . شاھزادىمۇ ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەپتۇ . ئۇ « گۈلچېھرىنىڭ خەۋىرىنى قانداق ئالارمەن » دەپ بىقارار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ . بۇ چاغدا ۋەزىر يېتىپ كەپتۇ . ئۇ :

— ئەي شاھزادە ، ئەمدى نېمە ئامال قىلماق كېرەك ؟ گۈلچېھرىنى سىزگە سورىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى كىمدىنمۇ بىلگىلى بولار ؟ — دەپتۇ . شاھزادە :

— سەن بىلسەن ، ھەر نېمە قىلساڭ بىر چارە تېپىپ مېنى نائۇمىد قويمىغىن ، — دەپ ئۈنچىدەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ . ۋەزىر ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ . ئۇ « ھېلىقى مومايىنى تېپىش كېرەك . چوقۇم ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى بىلىدۇ » دەپ ئويلاپتۇ . ئۇ دەرھال ئاتلىنىپ مومايىنى تېپىپتۇ ۋە :

— ئەھۋال قانداق ؟ سەن ئەمدى ماڭا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى قىلچە يالغان قوشماي بايان

قىلغىن . مەن سىنىڭ گېپىڭگە قاراپ شاھزادىگە مۇۋاپىق بىر جاۋاب بېرەي ، — دەپتۇ ۋەزىر .

— ئەي ۋەزىر ، مەن ساڭا ھەققى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي . گۈلچېھرە ئالدىنقى قېتىم شاھزادىنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانىدى . ھەتتا ئاشىقى بىقارار بولغانىدى . ئەمما بۇ قېتىملىق زىيابەتتە شاھزادىنىڭ سۆزلەشتىن بۇرۇن تەبەسسۇم قىلغىنىنى كۆرۈپ ، « بۇ يىگىت سۆز قىلماي تۇرۇپ ئاۋۋال كۈلۈۋاتىدۇ ، خۇددى ئەخمەقلەردەك » دەپ تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ . ھەتتا « بۇنداق شاھزادىگە مەن قانداقمۇ لايىق بولاي » دەۋاتىدۇ . ئەمدى ئۇنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلمەكچى بولساڭلار بىر ئەلچى ئېپىپ سۇلتانغا ماڭدۇرۇپ بېقىڭلار . سۇلتان قىزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ ، — دەپتۇ موماي .

ۋەزىر مومايىنىڭ سۆزى بويىچە بىر چوڭ بايغا يالۋۇرۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ يۇرۇپ ئۇنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ماڭدۇرۇپتۇ . شاھزادىگە بۇ خەۋەرنى ناھايىتى دەككە دۇككىدە مەلۇم قىپتۇ .

— ئەي شاھزادە ، — دەپتۇ ۋەزىر ، — مەن سىزدىن بىر گەپنى سورىماقچىمەن . سۆزۈمنى سەۋرى قىلىپ ئاڭلىغايسىز . سىز بۇ قىزدىن باشقا بىرەر گۈزەل قىزنى كۆرمىگەن ئوخشىمامسىز ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادە بىر ھازا ئويلىنىپ كېتىپتۇ . ئاخىر ئۇ « بۇ قىزدىن ماڭا تۈزۈك جاۋاب بولمىغان ئوخشايدۇ . شۇڭا ۋەزىر مەندىن مۇشۇنداق گەپ سوراۋاتىدۇ » دەپ ئويلاپتۇ . ئۇ ۋەزىرگە قاراپ :

— سەن مەندىن بىر نامۇۋاپىق سۆز سورىدىڭ . خۇددى گۈلچېھرە مېنى ياراتمايدىغاندەك ، — دەپتۇ . ۋەزىر :

— ياقەي ، ئۇ ياقتىن ھېچبىر خەۋەر ئىشتمىدىم . ئۆزۈمچە گۈلچېھرە سىزگە تەكەببۇرلۇق قىلىپ قالارمىكىن ، دەپ بۇ گەپنى دەۋاتىمەن ، مەن سۇلتاندىن قىزىنى سىزگە سوراتىپ ئەلچى ماڭدۇردۇم ، ئەمدى ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان جاۋابىغا قاراپ باقايلى ، — دەپتۇ .

— ئەي ۋەزىر ، — دەپتۇ شاھزادە كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ ، — ماڭا بۇ قىزدىن باشقا ھېچقانداق قىز گۈزەل كۆرۈنمىدى .

ئەلچى سۇلتاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ، خىلۋەت ھۇجرىدا سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ .

— ئەي خانلارنىڭ ۋە سۇلتانلارنىڭ پادىشاھى ، مەن بىر ئۆزرە بىلەن ئالدىڭىزغا كەلگەندىم . كەرەم قىلىپ ئىجازەت قىلسىلا سۆزۈمنى دەپ باقسام ... ، — دەپتۇ ئەلچى .

— ئېيتىڭ ، ئاڭلاپ باقايلى ، — دەپتۇ پادىشاھ ، — مۇۋاپىق مەسلىھەت بولسا قوبۇل قىلاي .

— مەن سىلىگە بىر سۆزنى دېمەك ئۈچۈن كەلگەندىم . قىزلىرى گۈلچېھرىنى ھىلىقى شاھزادىگە بېرىشكە مەسلىھەتلىشىپ باقسىلا قانداق بولار ؟ — دەپتۇ ئەلچى . پادىشاھ دەپتۇكى :

— مەن ئۇ شاھزادىنى كۆرۈپلا گۈلچېھرىگە لايىق تاپقانىدىم . مېنىڭ كۆڭلۈم شۇ يىگىتكە تارتىۋاتىدۇ . ئەمما قىزىم نېمە دەركىن ؟ ئەتە ئىچكىرىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ

ئاندىن جاۋاب بېرەي .

كەچقۇرۇن پادىشاھ گۈلچېھرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن :

— مەن سىزنى ئەشۇ شاھزادىگە بەرسەم ماقۇل بولامسىز قىزىم ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئەي ئاتا ، مېنى نېمىشقا ئۆزۈم خالىمىغان كىشىگە لايىق كۆرۈپ قالدىڭىز ؟ — دەپتۇ گۈلچېھرە ، — مەن ئۇنى كۆردۈم . سۆزىنى باشلىماي تۇرۇپلا ئەخمەقلەردەك ھىجىيىۋاتىدۇ .

پادىشاھ قىزىغا نېمە دېيىشنى بىلمەي قاپتۇ . ئاخىر :

— ئۆزۈڭ بىلگىن ، — دەپتۇ . ئەتىسى ئەلچى يېتىپ كەپتۇ . ئۇ شاھتىن خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭغا :

— ئۆزۈمدىن كېتىپ قالدى ، گۈلچېھرە بۇ ئىشقا قوشۇلمىدى ، — دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئەلچى قاتتىق ئۈمىتسىزلىنىپتۇ . قايتىدىن بىر نېمە دېيىشكىمۇ ئامال بولماپتۇ . ئاخىر ئۇ ۋەزىرگە بولغان گەپ - سۆزلەرنى بايان قىپتۇ . ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەمدى بۇ جاۋابنى شاھزادىگە قانداقمۇ دېگۈلۈك ، — دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ . ئەلچى كەتكەندىن كېيىن ۋەزىر ئۆز - ئۆزىگە « ھەرقانچە يوشۇرغىنىم بىلەنمۇ بەرىبىر ئاشكارە بولىدۇ . شۇڭا قالغان ئىشنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ راست گەپنى ئېيتاي » دەپ ئويلاپتۇ .

ئەتىسى ۋەزىر شاھزادىنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام - سائەت قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپتۇ . شاھزادە ئۇنىڭدىن :

— ئەلچى قايتىپ كەلمىدىمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . ۋەزىر :

ئەي شاھزادىلەرنىڭ شاھى ، ۋاي يىگىتلەرنىڭ ماھى ، ئەلچى قايتىپ كەلدى . ئەمما قىز تەكەببۇرلۇق قىلىپ قوبۇل كۆرمەپتۇ ، — دەپتۇ . شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ جان بەرگىلى تاس قاپتۇ .

— ئاھ ، بۇ ئىش ئەمدى قانداق بولۇر ؟ بۇ قىزنى جېنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتىم ، — دەپ زارلىنىپتۇ ئۇ ، — قولىمىزدىكى بارلىق پۇل - مېلىمىز كەتسىمۇ ئەمدى سەن بۇ ئىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكىن ، — دەپتۇ ۋەزىرگە .

ۋەزىر ماقۇل بولۇپ :

— ئەي شاھزادە ، جېنىم سىزگە پىدا بولسۇن ، — دەپتۇ .

ۋەزىر بۇ ئىشقا نەچچىلىگەن ئادەملەرنى قويۇپتۇ ، ھېسابسىز مال - دۇنيانى سەرپ قىپتۇ . ئەمما ھېچ نەتىجە چىقماپتۇ ، شۇ ئەھۋالدا بىر يىل ئۆتۈپتۇ . شاھزادە تولا قايغۇرۇپ ھالى قالماپتۇ . قولىدىكى مال - مۈلۈكمۇ تۈگەپتۇ . ئامالسىزلىقتىن ئاخىر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بولۇشۇپتۇ . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار شەھەر خەلقى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ . شەھەر خەلقى شاھزادىنى يىغلاپ ئۇزىتىپتۇ ، ئۇلار : « بۇقىز تەكەببۇرلۇقىدىن شاھزادىنى قوبۇل قىلمىدى » دېيىشىپتۇ .

شاھزادىنىڭ قىياپىتى مەلىكىنىڭ كۆزئالدىدىن زادىلا كەتمەپتۇ . بىرقانچە كېچە - كۈندۈزنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپتۇ . بىر كېچىسى شاھزادە ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ . تۈرلۈك - تۈمەن گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن بىر كۆكلەمزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر

چاھارباغ بارئىمش . چاھارباغنىڭ ئىچىدە يېشىل ئەتلەسلەر بىلەن يېپىلغان تەختتە ، يىپەك يېپىنچىلار بىلەن پۈركەنگەن بىر ئادەم ياتارئىمش ، قىز يېقىن بېرىپ تەختكە قارىسا ئۇ يەردە ياتقان شاھزادە ئىمىش . شاھزادە قىزغا قاراپ :

— ئەي ئەسكى قىز ، — دەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالغانىمىش .

قىز چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە ئىشق ئوتىغا تاقەت قىلالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ . ئەمما بۇ ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتىشنى بىئەپ كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە « ھەي ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىمدىن شاھزادىگە ماقۇل بولمىدىم . ئەمدى ئۇنىڭغا يېتىدىغان باشقا بىرنى ھەرگىزمۇ تاپالمايمەن ... ئەمدى ھېچ كىشىگە تېنىمىي شاھزادىنىڭ كەينىدىن مېڭىشىم كېرەك . ماڭا شۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ... بۇ دەردىمگە باشقا دەرمان تېپىلمايدۇ » دەپتۇ . بىر كېچىسى ئۇ ئاللا تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ ، بىر يۇگرۈك ياخشى ئاتنى ئالتۇن ئىگەرلەر بىلەن توقۇپ ، ئۆزى پالۋانلارنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ نۇرغۇن مال - دۇنيانى ئاتقا ئارتىپ ، يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادىنىڭ شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ .

شاھزادە بۇ چاغدا ئۆز شەھرىگە يېتىپ بارغان بولۇپ ، ئاتا - ئانىسى ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ . شاھزادىنىڭ مىسكىن ھالىنى كۆرۈپ پۈتۈن شەھەر خەلقى يىغلىشىپتۇ . ئاتا - ئانىسى تولىمۇ قايغۇرۇپتۇ . ئۇستا تېۋىپلارنى چاقىرىپ شاھزادىنى داۋالىتىپتۇ . ئەمما شۇنچە قىلغان داۋا ۋە دارىلار شاھزادىگە قىلچىمۇ مەنپەت قىلماپتۇ .

بىر كۈنى ئەتىگىنى شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ . شاھزادە ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپتۇ . ئۇلار قارىغۇدەك بولسا شاھزادىنىڭ ئەھۋالى باشقىچە . ئۇ « ئاھ ، بۇ نېمە ئىش » دېگىنىچە جان تەسلىم قىپتۇ . ئاتا - ئانىسى زار - زار يىغلىشىپتۇ ، ۋەزىر ۋۇزرالار ، ئۇرۇغ - تۇغقانلار ھەممىسى يىغلىپتۇ ، « شاھزادە ۋاپات بوپتۇ » دېگەن خەۋەر بىردەمدە شەھەر ئىچىگە تارقىلىپتۇ ، بۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن شەھەر خەلقى يىغا - زارە قىلىشىپتۇ . بىر كېچە - كۈندۈز ھېچكىم ھېچنېمە يېمەي يىغلاپتۇ ، بىرقانچە كۈن شۇنداق ئۆتۈپتۇ . شەھەر خەلقىنىڭ بەزىلىرى ئۆيلىرىدە ، بەزىلىرى يوللاردا ، بىرسى ئۇياقتا ، بىرى بۇ ياقتا بىقارار بولۇپ يىغلاپ ياتقانىمىش . بۇ چاغدا قىزمۇ بۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ . قارىسا يىغلىمىغان بىرمۇ ئادەم يوق ، ھەممەيلەن يىغلىماقتا ئىكەن ، « بۇ نېمە ئىشتۇ » دەپ ئەجەبلەنگەن قىز بىر ئادەمدىن سوراپتۇ .

— بۇ شەھەر خەلقىغە نېمە ئىش بولدى ؟

ئۇ ئادەم جاۋاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىپتۇ . ئاخىر قىز يەنە بىر ئادەمدىن سوراپتۇ .

— ئەي يىگىت ، نېمىشقا يىغلىمايلى ، سۇلتانىمىزنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولۇپ ، كەشمىر سۇلتانىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ ، ئۇ يەرگە كەتكىلى بىر يىل بولغانىدى . ئۇ قىز ئۇنى قوبۇل كۆرمىگەن ئىكەن . ئۇ شۇ قىزنىڭ ئىشقىدا كېسەل بولۇپ قالغان ئىدى . بۈگۈن ئۇ ۋاپاتى بولدى ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم . قىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ . قىز بىر ئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ . ئۇ بىر كېچە - كۈندۈزنى يىغا بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ .

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن سۇلتان مېيتنى كۆمۈشكە تەييارلىنىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن ناماز بامداتتىن يېنىپ شاھزادىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمگىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. بارلىق شەھەر خەلقى تاۋۇتنىڭ كەينىدىن يىغلاپ مېڭىپتۇ. قىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىدىن ئامالسىزلىقتىن يىغلىغىنىچە ئەگىشىپتۇ. شەھەر خەلقى كەچكىچە يىغلاپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىشىپتۇ.

ئۇ زامانلاردا پادىشاھلار يەرلىك قازدۇرسا ئايرىم بىر ئۆي قازدۇرۇپ ئادەمنى تاۋۇت بىلەنلا شۇ ئۆيگە ئەپكىرىپ قويىدىكەن، شاھزادىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن تاۋۇتقا سېلىپ يەرلىككە قويۇپتۇ ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئوغرى ئېلىپ كەتمىسۇن دەپ تۆت نەپەر قاراۋۇلنى قويۇپتۇ. قىز: «كىشلەرنى قايتىپ كەتسۇن، سەۋر قىلاي. ئەمدى ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈۋالمىسام بولمايدۇ» دەپ يېرىم كېچىگىچە ساقلاپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا قاراۋۇللار ئۇخلاپ قاپتۇ. قىز قاراۋۇللارنىڭ ئۇخلىغانلىقىنى كۆرۈپ تاۋۇتنىڭ قاپقىقىنى ئېچىش ئۇچۇن ئاستا يېقىن بېرىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا قاپقاقنى كۆتۈرەي دېگەندە بىر قاراۋۇل ئويغىنىپ قاپتۇ. قارىسا بىرسى تاۋۇتنى ئاچقىلىۋاتقان، تېزدىن باشقا قاراۋۇللارنىمۇ ئويغىتىپتۇ. ئۇلار «ئوغرى كەپتۇ» دېيىشىپ سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزنى تۇتۇپ، پۇت ـ قولىنى باغلاپتۇ. تاڭ ئاتسا سۇلتانغا ئەرز قىلىمىز دەپ زىندان بېشىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپتۇ.

قىز «ئىشىم ئەمدى نەگە بارار؟» دەپ زارلىنىپ كۆتۈپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىرلەر يىغىلىپ سۇلتانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ، سۇلتان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

— ئەي ۋەزىرلەر، — دەپتۇ سۇلتان، — بۇ كىشىنى قانداق جازا بىلەن ئۆلتۈرۈش كېرەك؟

— بۇنى دارغا ئاساق كېرەك. ئۇ شۇ ئېسىلغىنىچە تۇرسۇنكى، سۆڭەكلىرى ئۇۋۇلۇپ ـ ئۇزۇلۇپ چۈشسۇن، بارچە ئالەم خەلقىغە ئىبرەت بولسۇن. ئۇلار سۇلتانلارغا خىيانەت قىلغان كىشىگە قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلسۇن، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر. سۇلتان بۇ ھۆكۈمگە رازى بوپتۇ ۋە قىزنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئەتىسى خەلقلەرنى يىغىپ، جارچىلارنى جار سالدۇرۇپتۇ. قىزنى دارنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ كەپتۇ. جارچىلار:

— بىلمىگەنلەر بىلىۋالسۇن! بۇ كىشى شاھزادىنىڭ تاۋۇتىنى بۇلاشقا كەلگەندە تۇتۇلۇپ قالغان!... — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. سۇلتاننىڭ ئەمرى بىلەن قىزنى دارغا ئېسىپتۇ ۋە يېنىغا بىر قاراۋۇلنى قويۇپ قويۇپتۇ. كەچ بولۇپ يېرىم كېچە ئۆتۈپتۇ. قاراۋۇل «ئۆلگەن ئادەمنى تاڭ ئاتقىچە ساقلىغاندىن نېمە پايدا» دەپ ئويلاپتۇ ۋە نېرىراق بېرىپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

دارغا يېقىنراق يەردە بىر كۆل بار ئىكەن. كۈندۈزى قويلارنى كۆل بويىغا يېقىن ئەپكەلسە ئادەملەردىن ئۈركۈپ كېتىدۇ، دەپ قويچى ھەر كۈنى كېچىسى قويلارنى بۇ كۆلگە ئەپكىلىپ سۇغۇرىدىكەن. بۇ كېچىسىمۇ قويچى قويلارنى ھەيدەپ كۆلنىڭ بويىغا ئېلىپ

كـەپـتۇ . قويلار سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ . قويچى بىر چەتتە ئارام ئېلىپ ئولتۇرماقچى بولۇپ كېـ
تنۆپتىپ ، دارغا كۆزى چۈشۈپتۇ . قارىسا بىر كىشى ئېسىغلىق تۇرغان .



— ئەي بـىـچارە ، نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنسە ؟ —
دەپ ئىچ ئاغرىتقىنىچە دار ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇ-
رۇپ ئويـلـىـنـىـپ قـاپـتۇ . ئۇ يۆلىنىپ تۇرغاندا
دارياغـىـچـى ئازراق تىترىگەندەك بىلىنىپتۇ . «بۇ
نـېـمە ئىش ؟ بۇ ئادەم ئۆلمەي قالدىمۇ يا ؟ » دەپ
ئويلاپ ، ئۇنـىـڭ بـويـىـنـدىكى ئاغامچىنى يېشىپ
يەرگە چۈشۈرۈپتۇ . تېزدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇ
ئەكـېـلـىـپ ، قـىـزنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈپتۇ . بىر
ئازدىن كېيىن قىز ھوشىغا كەپتۇ . ئۇ :
— ئەي ئادەم ، بـۇ نـېـمـە ئىش ؟ — دەپ
سوراپتۇ .
— سەۋر قـىـلـىـپ تـۇرغـىـن . قويلارنى
ھەيـدەپ تـېـززەك كـېـتەيلى . تاڭ ئاتقاندا سۆزلە-
شەيلى ، — دەپتۇ قويچى .
قـىـز بـۇ قـويـچـىـنىڭ ئۆزىنى داردىن بۇ
يـەرگـە چـۈشۈرگەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلىپتۇ .
قـويـچـى قـويـلىرىنى ھەيدەپ تېزدىن بۇ يەردىن
يىراقلىشىپتۇ . ئۇلار بىخەتەر بىر جايغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قويچى سوراپتۇ :
— ئەي ئادەم ، نېمە سەۋەبتىن دارغا ئېسىلدىڭ ؟
— ئەي يـارۇ ۋاپـادار ئـىـنسان ، — دەپتۇ قىز ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ، — مەن ساڭا بارلىق
سىرىمنى بايان قىلاي ...
قىز قويچىغا بارلىق ۋەقەنى بايان قىپتۇ . چوپان ھەيران قېلىپ :
— ئەي قـىـز ، ماڭ يولۇڭغا كەت ، سەنمۇ ئامان بولغىن ، ماڭىمۇ زىيىنىڭ تەگمىسۇن ،
— دەپتۇ ۋە قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ . ئۇ مېڭىشىدا قىزغا باشقا بىر شەھەرگە
بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ . قىز ئۇ كېچىسى ناھايىتى تىرىشچانلىق بىلەن توختىماي
يـول يـۈرۈپ ھېرىـپ - چارچاپ ئاران جېنى قالغاندا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ . شەھەرنىڭ
سـىرتىدا بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانىكەن . قىز شۇ بىنانىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەپلا ، قاتتىق
چارچىغانلىقىدىن يەرگە بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قاپتۇ . ئەتىسى كۈن چىققاند كۆزىنى ئېچىپ
قـارىسا ، يېنىدا بىر بېشى يوق ئادەم ياتقۇدەك . بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ ئىش - ھە ، دەپ ئورنى-
دىـن تـۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ . بېشىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىلاردا قاراۋۇللار تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ .
ئۇلار دەرھال كېلىپ قىزنى تۇتۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۇت قولىنى باغلاپتۇ .
— ئەي بـەدبـەخـت ! ۋەزىـر ئەزەممىزنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى
ئالغىلى كەلدىڭمۇ ، — دەپ قاراۋۇللار قىزنى سۆرىگىنىچە زىندانغا ئاپىرىپتۇ . ئاندىن بۇ ئىشنى

ۋەزىرگە خەۋەر قىپتۇ.

— ئوغلىمىزنى ئۆلتۈرگەن ئوغرى بوگۈن كېچە مال - دۇنيانى ئوغرىلىغىلى كەلگەنىكەن، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ زىندانغا سالدۇق، — دېيىشىپتۇ قاراۋۇللار.

شۇ كۈنلەردە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ئوغرىلار ئۆلتۈرگەنىكەن. نەچچە كۈندىن بۇيان شەھەردە قاتىلنى ئىزدەپ زادىلا دېرىكىنى ئالالمايۋاتقانىكەن. قىز دەل شۇ كۈنلەردە بۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆلتۈرۈلگەن جايدا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىكەن. شۇڭا ئۇ ناھەق تۇتۇلۇپ زىندانغا سېلىنغانىكەن. «ۋەزىرزادىنى ئۆلتۈرگەن چوقۇم مۇشۇ» دەپ ئۇنىڭغا قارا چاپلىنىپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر:

— ھېلىقى ئوغرىنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرۇڭلار. مەن ئۇنى ئۆزۈم بىر جايغا جايلايمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ مۇستەھكەم ياسالغان بىر قورغىنى بار بولۇپ، قىزنى شۇ جايغا سولاپ، بىر قاراۋۇلنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويۇپتۇ. ئاندىن قورغاننىڭ ئاچقۇچىنى يېنىغا سېلىپ خوتۇنىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

— ئەي خوتۇن، — دەپتۇ ۋەزىر، - ئوغلىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل تۇتۇلدى.

خوتۇن يىغلىغان پېتى ئېرىگە:

— ئۇ بەد بەشرە ئوغرىنى مەنمۇ بىر كۆرۈپ باقسام بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:

— بولىدۇ، كۆرۈپ باققىن، — دەپتۇ.

ۋەزىر خوتۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ قورغانغا بېرىپتۇ، سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. خوتۇن قارىغۇدەك بولسا زىبا بويلۇق بىر گۈزەل يىگىت تۇرغان. خوتۇن ئۆز كۆڭلىدە «ئوغلۇم ئۆلدى، كەتتى. ئەمدى تىرىلىپ قايتىپ كەلمەيدۇ. بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلىمىز؟» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئۇلار سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ ئۆز ھوجرىلىرىغا قايتىپتۇ. خوتۇن ئاچقۇچنى ۋەزىردىن ئېلىۋاپتۇ. كەچ بولغاندا ۋەزىر يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تۈن يېرىمى بولغاندا خوتۇن زىنداننىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، قاراۋۇل ئۇيقۇغا غەرق بولغان، ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ، يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىرتقا چىقىرىپتۇ — دە، يەنە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ، بۇ خوتۇن قىزنى يىگىت دەپ ئويلاپ ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ، بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. سارايىنىڭ ئاچقۇچىنى ئاستا ئاپىرىپ ئۆز جايىغا قويۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا:

— ئەمدى بۇ ئوغرىنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش كېرەك؟ — دەپتۇ.

— سەن قانداق قىلىشنى خالىساڭ شۇنداق قىل، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى.

ۋەزىر سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ ۋە ئوغرى توغرىسىدا ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپتۇ.

سۇلتان ئۇنىڭدىن:

— سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنى دارغا ئېسىشنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

يىگىتنى دارغا ئاسماقچى بولۇپ، ئۇنى ئالغىلى زىندانغا بارسا، زىندان قۇلۇپلاغلىق،

قاراۋۇل ئۆز جايىدا ئىكەن. قۇلۇپنى ئېچىپ قارىسا يىگىت يوق. ئۇ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن. ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا نېمە دېيىشلىرىنى بىلمەي قاپتۇ.

— بۇ بىر ھېكمەتتىن خالىي ئەمەس، بۇ بىرجىن ياكى ئالۋاستى بولسا كېرەك، — دېيىشىپتۇ ئۇلار. پۈتۈن خالايىق شەھەردىن يىگىتنى ئىزدەپ قېزىۋېتىپتۇ، ئەمما ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئامالسىزلىقتىن بولدى قىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بولسا ۋەزىرنى سۇلتاننىڭ مەھكىمىسىگە كەتتى، دەپ قىزنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. ئۇنى يىگىت دەپ ئويلاپ ھوزۇر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. قىز بولسا ئۆزىنى ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا سەزدۇرمەي، ئۇنىڭغا شىرىن سۆزلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى خوتۇن يىگىتكە:

— مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم، ئەمدى سەن مۇرادىمنى ھاسىل قىلغىن، — دەپتۇ، قىز دەپتۇكى:

— مەن بىرقانچە كۈنلەر جاپا-مۇشەققەت چەكتىم. شۇڭا سىنىڭ مۇرادىڭنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بېرەلمەيمەن، سەن ماڭا قىرىق كۈن مۇھلەت بەرگىن. مەن بىر ئاز يەپ-ئىچىپ ماغدۇرۇمغا كېلىۋالاي، كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈلسۇن...

خوتۇن ئۇنىڭغا قىرىق كۈن مۇھلەت بېرىپتۇ. ئەمما ئۇلار ۋەزىر يوق چاغلاردا پەيتنى تاپسىلا كېچە-كۈندۈز قۇچاغلىشىپ، سۆيۈشۈپ، ھۇزۇر قىلىشىدىكەن. خوتۇن بۇ «يىگىت» كە شۇنچىلىك ئاشىق بوپتۇكى، ئۇنى بىر سائەت كۆرمىسە چىدىمايدىكەن.

بىر كېچىسى خوتۇن ئېرى بىلەن ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. قارىسا ۋەزىر ئۇخلاپ كەتكەن. خوتۇن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا قىز ئۇخلىماي ياتقانىكەن. چۈنكى قىزنىڭ ئۆز ئىشقى-مۇھەببىتى، خوتۇننىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بولغاچقا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي ياتقانىكەن.

— نېمىشقا بۇ چاققىچە ئۇخلىماي ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇن قىزدىن. قىز:

— ئەي جېنىم، سېنىڭ ئىشقى-پىراقىڭدا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپتۇ، — ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ مەن سېنىڭ قېشىڭغا بېرىشنى ئويلاۋاتقانىدىم.

خوتۇن بەكمۇ خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا:

— ئەي كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى، سەندىن باشقىسى بىلەن بىللە يېتىش ماڭا ھارام بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ۋەزىر ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بىر ئاز ساقلىسا خوتۇن كىرمەپتۇ. «بۇ نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ، ھەممە ھوجرىلارغا بىر قۇر قاراپتۇ. لېكىن خوتۇنى كۆرۈنمەپتۇ. ئىچكىرىدە بىر ئايرىم ھوجرا بارئىكەن. شۇ يەردىمىكىن، دەپ ئويلاپ بارسا، خوتۇن بىر «يىگىت» بىلەن ئويۇن-كۈلكە قىلىشىپ ئوينىشىۋاتقۇدەك. ۋەزىر غەزىپىگە پايلىماي يۇگۈرگەن پېتى ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ قىلىچىنى ئاپتۇ-دە، خوتۇنى ئولتۇرغان ھوجرىغا ئۇدۇل كىرىپتۇ. قارىسا راستىنلا خوتۇنى بىر «يىگىت» بىلەن ئويناۋاتقان. ئاچچىغىدىن دەرھال خوتۇنىنىڭ بېشىغا قىلىچ بىلەن بىرنى چاپقانىكەن، بېشى تېنىدىن ئۈزۈلۈپ

چۈشۈپتۇ. ئاندىن يىگىتنىمۇ چېپىشقا تەمشىلىپتۇ. ۋەزىر قىلىچنى كۆتۈرۈشكە قىز ئۇنىڭغا:

— ئەي ۋەزىر، بىر ئېغىزلا سۆزۈم بار، دەۋالاي. قىلىچىڭنى قويغىن، — دەپتۇ ۋە دەرھال ئۈستىدىكى ئەرەنچە كىيىملىرىنى ساپتۇ. ئۇنىڭ ئالمىدەك كۆكسى كۆرۈنۈپتۇ.

— بۇ نېمە ھېكمەت؟ — دەپتۇ ۋەزىر. قىز:

— مەن ساڭا بۇ ھېكمەتتىن خەۋەر بېرەي، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى سۆزلەپتۇ. ۋەزىر ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ قىزغا:

— خوتۇنۇم بىئەجەل ئۆلدى. ئەمدى ئۇ تىرىلمەيدۇ. سەن ماڭا خوتۇن بولغىن، — دەپتۇ.

— ياخشى بولىدۇ، — دەپتۇ قىز. ۋەزىرمۇ «قوبۇل قىلدىم» دەپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر خوتۇنىنى تېزدىن دەپنە قىلدۇرۇپتۇ، بۇ ئىشنى ناھايىتى مەخپى تۇتۇپ، ھېچكىمگە خەۋەر قىلماپتۇ. ئاندىن قىزنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ، ئۇ قىزغا يېقىنچىلىق قىلماقچى بوپتۇ، قىز ئۇنىڭغا:

— ئەي جېنىم، سەن ماڭا ئون كۈن مۇھلەت بەرگىن. مېنىڭ كۆڭلۈم تېنىم بىر ئاز ئەسلىگە كەلسۇن، شۇندىن كېيىن قانداق قىلساڭمۇ رازىمەن، — دەپتۇ. ۋەزىر ماقۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر پادىشاھنىڭ سارىيىدا زىياپەتكە قاتنىشىپتۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ كەينىدىرەك، كەيىپ بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۆيگە كېلىپلا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قىز ۋەزىرنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېلىدىكى ئالماس خەنجىرىنى ئاپتۇ. خەنجەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بار كۈچى بىلەن ۋەزىرنىڭ بېشىغا چېپىپتۇ. ۋەزىرنىڭ بېشى توپقا ئوخشاش ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

قىز تېزلىك بىلەن بىر ياخشى ئۇچقۇر ئاتنى توقۇپتۇ. ئاتقا يول خىراجىتى ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئارتىپ شاھزادىنىڭ شەھرىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلمەپتۇ. باشقا ۋەزىرلەر دەرھال ۋەزىرى ئەزەمنىڭ ئۆيىگە ئۇنى سوراپ كەپتۇ. ئىشىكنى ئىتتىرسە ئىشىك ئىچىدىن تاقالغان. ۋەزىرلەر ئەھۋالنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ.

— بۇ يەردە چوقۇم باشقىچە ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىرلەر ئىشىكنى بۇزۇپ كىرسە ۋەزىر ئەزەم باشسىز ياتقۇدەك. بۇ ئىشتىن ئەجەبلەنگەن ۋەزىرلەر ھەممە ئادەمگە خەۋەر قىپتۇ. ئەمما بۇ ئەھۋالنى بىلىدىغان ھېچكىم چىقماپتۇ، ئاخىر ۋەزىر ئەزەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپتۇ.

قىز شاھزادىنىڭ شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئېتىنى بىر جايغا قويۇپ قويۇپ، ئۆزى شاھزادىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپتۇ. كەچ بولغاندا قەبرىگە كىرىپ تاۋۇتنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپتۇ. شاھزادىنىڭ چىرايى ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن ھالدا ياتقۇدەك، قىز:

— ئەي جېنىم، ھالىڭ قانداق؟ — دەپ شاھزادىنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ. شاھزادە كۆزىنى ئېچىپتۇ. قارىسا ئۆزى قەبرىستانلىقتا ياتقىدەك.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت. قىز:

— بۇ ئەھۋال سورىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، تېزدىن ئارقامغا يېپىشىڭ، — دەپتۇ.

شاھزادە قىزنىڭ دۈمبىسىگە يېپىشىپتۇ. قىز ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆزى چۈشكەن ھوجرىغا ئاپىرىپتۇ. بىرقانچە كۈن ياخشى بېقىپ، يىگىتنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندا ئۇنى ئۆز شەھرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

«قىزىڭىز قايتىپ كەلدى،» دەپ سۇلتان بىلەن مەلىكىگە خەۋەر قىلىشىپتۇ، كەشمىر سۇلتانى بىلەن مەلىكە بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ، خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلەرگە سۆيۈنچىلەر بېرىپتۇ، قىزى ۋە شاھزادە بىلەن يىغلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سۆيۈپتۇ. ھال - ئەھۋال سورۇشۇپتۇ. قىزى بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى بىرىنى قالدۇرماي بايان قىپتۇ. سۇلتان بىلەن خوتۇنى زار - زار يىغلاپتۇ.

— شاھزادە مۇشۇ يەردە چاغدىلا ماقۇل بولغان بولساڭ بۇ ھەسرەتلەرنى تارتمىغان، بۇ جاپالارنى كۆرمىگەن بولاتتىڭ، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

كەشمىر سۇلتانى شاھزادىنىڭ ئاتىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر بىرقانچە كۈنلەر يول يۈرۈپ شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋەقەنى باشتىن ئاياغ بايان قىلىپ، خۇشخەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شاد - خۇراملىققا چۆمۈپتۇ.

— تېزدىن كەشمىر شەھرىگە يولغا چىقايلى، — دەپ ئەمر قىپتۇ پادىشاھ. بىرقانچە كۈن يول ھازىرلىقىنى قىلىپ كەشمىرگە قاراپ يولغان چىقىپتۇ، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ كەشمىر شەھرىگە يېقىنلىشىپ بىر قونالغۇغا چۈشۈپتۇ. خەۋەرچىلەر كەشمىر سۇلتانىغا خۇشخەۋەرنى يەتكۈزۈپ ئۇنىڭدىن سۆيۈنچە ئاپتۇ. «شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى پالانى قونالغۇغا چۈشۈپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ كەشمىر سۇلتانى، شاھزادە ۋە قىز بىرمۇنچە شەھەر چوڭلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. شاھزادە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاياقلىرىغا سۆيۈپتۇ. قىزمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول - پۇتلىرىغا سۆيۈپتۇ. سۇلتانمۇ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار ھەممىسى بىرەر سائەتكىچە قۇچاغلىشىپ يىغلىشىپتۇ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى باشتىن - ئاياق سۆزلىشىپتۇ. ئاڭلىغان خالايىق ھەممىسى ھەيران بولۇپتۇ. ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ بىر - ئىككى كۈن مېھمان بوپتۇ. شۇ جەرياندا ئىككى سۇلتان مەسلىھەتلىشىپ شاھزادە بىلەن گۈلچېھرىنىڭ تويىغا قوزغىلىپتۇ، گۈل ۋەسلى بىلەن بۇلبۇلنى خۇشنۇد قىلىپتۇ، دۆلەت قۇشى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قونۇپتۇ. بىر يىلغىچە ئەيش - ئىشرەت بىلەن خاتىرجەم ياشاپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن گۈلچېھرىنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. بارلىق شەھەر خەلقى ماتەم تۇتۇپتۇ، پادىشاھنىڭ يەتتە نەزرىسىدىن كېيىن شەھەر خەلقى شاھزادىنى كەشمىر شەھرىگە سۇلتان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى خوشلىشىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق پادىشاھ بولۇپ، يۇرت سوراپ ئۆمۈر سۈرۈپتۇ. بىرقانچە ئوغۇللارنى قاتارغا قوشۇپتۇ. ئىنشائاللا، بالىلىرىنىڭ قىسسىلىرىنىمۇ كېيىنچە سۆزلەپ بېرەرمىز.

قول يازمىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

# لەتىپىلەر

## نېمىلەرنى ئۆگەندىڭ ؟

ئەپەندىم كىچىك ۋاقىتلىرىدا كۈتمىگەن جاۋابلارنى بېرىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتىكەن، ۋە ئويغا سالاتتىكەن. ئانىسى ئوغلىنىڭ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغان بولۇپ قېلىشىنى ئويلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنى بىر تىكىمچىگە شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. ئۇزاق مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئانىسى:

— قېنى نەسىردىن، دەپباقچۇ، نېمىلەرنى ئۆگەندىڭ، — دەپ سوراپتىكەن، كىچىك نەسىردىن:

— ئانا، ئەمدى ئىشنىڭ يېرىمىنى ئۆگەندىم دېسەم بولىدۇ. تىكىلگەن كىيىملەرنى سۆكۈۋاتىمەن، ئۆمرۈم يەتسە كىيىم تىكىشنىمۇ ئۆگىنىمەن ھەر ھالدا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بېلىق تۇتۇشتا

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئاغىنىلىرى بېلىق تۇتۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ ۋە ئەپەندىمنىڭمۇ بىرىشىنى تەكلىپ قىپتۇ. ئەپەندىم يۈز كىلەلمەي ماقۇل بولۇپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، پەقەت ئاغىنىلىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۇلارنىڭ كۆلگە قارماق تاشلىغانلىرىنى تاماشا قىلىپ بىردەم تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئاغىنىلىرىنىڭ قارمىقىغا يوغان بىر بېلىق ئىلىنىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم بېلىققا بەك ئىچ ئاغرىتىپتۇ. بېلىقنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپتۇ-دە، پۈلتۈڭ قىلىپ ئۆزىنى كۆلگە ئېتىپتۇ. بېلىق شۇ پاتىپاراقتا قارماقتىن قۇتۇلۇپ قېچىپتۇ. ئاغىنىلىرى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. ئەپەندىم بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ:

— ھېچنېمە قىلمىدىم، ئۆزەمنى بېلىق سانىدىم، — دەپتۇ.

## ئەگەر ئۈستىدە مەنمۇ بولغان بولسام ...

ئەپەندىم بىر كۈنى ئېشىكىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم ئېشىكىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بېرىچە توۋلاپ شۈكرى ئېيتىپ مېڭىپتۇ، كۆرگەنلەر:

— ئەپەندىم، ئېشىكىڭىزنىڭ يۈتكەنلىكىنى ئۇقتۇق، ئەمما نېمىشقا شۈكرى ئېيتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم شاشماي-تېرىكمەي شۇندا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەي ئاغىلار ، نېمىشقا شۈكرى ئېيتمىغۇدەكمەن . ئەگەر ئېشەكنىڭ ئۈستىدە مەنمۇ بولغان بولسام ، ئېشىكىم بىلەن تەڭلا يۈتۈپ كەتمەمتىم .

## ئاللا بەرسۇن

ئەپەندىم بىر كۈنى تام بېشىغا چىقىپ تېمىنى ئوڭلاۋاتسا ، پەستە بىرسى ئېشكىنى قې- قىپتۇ . قارىسا بىر تىلەمچى تۇرغان . تىلەمچى ئەپەندىمگە :

— مەيەگىرەك كېلەمسىز ؟ — دەپ ئۈنلۈك چاقىرىپتۇ . ئەپەندىممۇ ھەر ھالدا بىرەر ئىشى باردۇر ، چۈشۈپ باقاي دەپ تامدىن تەسلىكتە پەسكە چۈشۈپتۇ . تىلەمچى ئەپەندىمگە :

— ئاللا ھەققى ئۈچۈن بىر سەدىقە ، — دەپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقى تۇتقان ئەپەندىم ئاغزىنى تىلەمچىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن قىلىپ تۇرۇپ :

— يۇقىرىراق چىقامسىز ؟ — دەپتۇ . ئىككىسى تەڭلا تام بېشىغا چىقىپتۇ . ئەپەندىم :

— ئاللاغا يېقىن كەلدىڭىز ، ئاللا بەرسۇن ، — دەپ تىلەمچىنى يولغا ساپتۇ .

## يە، يەكتىكىم يە

ئاقشەھەرنىڭ بايلىرىدىن بىرى زىياپەت بېرىپتۇ . ئەپەندىمنىمۇ زىياپەتكە چاقىرىپتۇ . ئەپەندىم ھەر كۈنى كىيىپ يۈرىدىغان چاپىنىنى كىيىپ زىياپەتكە كېلىپتۇ . ئۇنى بۇ كىيىمى بىلەن كۆرگەنلەر ئۇنىڭ يۈزىگە قارىماپتۇ ، داستىخانغىمۇ تەكلىپ قىلماپتۇ . ئەپەندىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاستاغىنە ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ . يېڭى يەكتىكىنى كىيىپ ، سەللىسىنى يۆگەپ ، سالاپەتلىك دەسسەپ يەنە زىياپەت بولغان يەرگە كەپتۇ . ئۆيگە كىرە - كىرمەيلا ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىشىپتۇ ، تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ ، تاماقنىڭ ئەڭ ئې- سىللىرىنى ئەڭ ياخشىلىرىنى ئالدىغا قويۇپتۇ . ئەپەندىم قولىنى داستىخانغا ئۇزارتماستىن ، يەكتىكىنىڭ ئېتىكىنى داستىخانغا تەككۈزۈپ :

— يە ، يەكتىكىم ، يە ، — دەپتۇ .

## قىرىق يىللىق سىركە

بىر كۈنى قوشنىلىرىدىن بىرى :

— ئەپەندىم ، سىزدە قىرىق يىللىق سىركە بارمۇ؟ — دەپ سوراپ كىرىپتۇ . ئەپەندىم :

— بار ، — دەپتۇ . قوشنىسى :

— بىر چىنە بېرەمسىز ؟ — دەپتىكەن ، ئەپەندىم قىلچە ئىككىلەنمەستىن :

— بەرمەيمەن ، ئەگەر سورىغانلا كىشىگە بېرىۋەرگەن بولسام ، قىرىق يىلدىن بۇيان سىركە قالاتتىمۇ ؟ — دەپتۇ .

## ئىشەنمىسەڭلار ئۆلچەپ كۆرۈڭلار

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ قوشنىلىرى ئەپەندىمدىن چاقچاق قاتارىدا :

— ئەپەندىم، سىز ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممىنى كۆرگەن ئادەم. كۆكۆل خوشى، دۇنيانىڭ مەركىزى نەدىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— مەن تۇرغان يەر شۇ، — دەپتۇ. قوشنىلىرى كۈلۈشۈپ كېتىپ:

— ۋاي ئەپەندىم، بۇ قانداقچە جاۋاب، — دەپ ئەپەندىمگە قارىشىپتۇ. ئەپەندىم قىلچە پەرۋا قىلماستىن تەمكىنلىك بىلەن:

— ئىشەنمىسەڭلار ئۆلچەپ كۆرۈڭلەر، — دەپتۇ.

## كونا ئاي

ئەپەندىمنىڭ چاقچاقچى ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، يېڭى ئاي چىققاندا، كونا ئاي نەگە كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم بىر ئاز ئويلىنىپ كۈلۈمسىرەپتۇ، ئاندىن ئالدىرىماي:

— يېڭى ئاي چىققاندا، ئاللا كونا ئاينى توغراپ، پارچىلاپ يۇلتۇز ياسايدۇ، ئۇنداق قىلمىسا يۇلتۇز نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئادەم نېمىدىن ئەسنەيدۇ؟

ئەپەندىم يېزىدا بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بوپتۇ. بالدۇر كەلگەنلەر ئەپەندىمنىڭ ئەتراپىنى ئېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. پاراڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپتۇ. «ئاچمۇ سىلەر، توقمۇ سىلەر؟» دەيدىغان كىشى چىقماپتۇ. بۇ ئارىدا بىرسى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، ئادەم نېمىدىن ئەسنەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، ئەپەندىم بۇ سوئال بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ:

— ۋاللاھۇ ئەلەم، ئادەم بالىسىنىڭ ئەسنىشىنىڭ سەۋەبى يا ئاچلىقتىن، يا ئۇيقۇسىز-لىقتىن بولىدۇ، — دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا ئىككىلىرىنى كېرىپ ئاچايىپ بىر خىل ئەسنەپتۇ. ئەسنەپ بولۇپ:

— ئەمما مېنىڭكى ئۇيقۇسىزلىقتىن، ئەمەس، — دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپتۇ.

## بىر ئازدىن كېيىن بىزمۇ ئۆلەيلى

ئەپەندىمنى بىرسى ئاخشاملىق تاماققا چاقىرىپتۇ. ئالدى بىلەن داستىخانغا ئىسسىق تا-ماقلار كەلتۈرۈپتۇ. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ئۆينىڭ ئىچى دىمىقتا بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىر پىيالىدىن مۇزدەك شەرۋەت كەلتۈرۈپتۇ. ئۆزىگە بولسا يوغان بىر كاسىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئۆي ئىگىسى شەرۋەتنى ئىچىۋېتىپ:

— ئۇھ ... ئۆلدۈم، — دەپ غالداڭلاشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم بىلەن مېھمانلار كىچىك پىيالىلاردىكى شەرۋەتلەرنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ نېمە قىلارنى بىلمەي ئولتۇرۇشۇپتۇ. بىر چاغدا ئەپەندىم ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ كاسىنى ئالدىغا تارتىپ:

— ھوي تەقسىر، بۇ كاسىنى بېرىڭ — دە، بىر ئازدىن كېيىن بىزمۇ ئۆلەيلى، —

دەپتۇ .

## قايسىمىز ساتىمىز

ئەپەندىم بىر كۈنى مەھەللىدە ئاچا سەي سېتىپتۇ . ئەپەندىم : « ئاچا سەي ، ئاچا سەي » دەپ توۋلىسا ، ئىشىكمۇ تەڭلا ھاڭراشقا باشلىغۇدەك . ئەپەندىم ئاخىرى چىداپ تۇرالماي ، ئاچچىقى بىلەن :

— ياللا ، نېمە ۋارقىرايسەن ، ئاچا سەينى سەن ساتامسەن ، مەن ساتامدىمەن ، — دەپ چىچاڭشىپ كېتىپتۇ .

## ئۈيقۇسىزمۇ سىز ، ئۇسسۇزمۇ ؟

ئەپەندىمنىڭ يولى بىر كۈنى تونۇمايدىغان بىر يېزىغا چۈشۈپتۇ . ئەپەندىم نەگە بېرىشىم كېرەك دەپ ئويلىنىپ ، ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ . ئاخىرى ئۆزى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىغان بىر يېزىنىڭ ئىمامىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ . ئىمام ئەپەندىمنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىپ ، بىر ئازدىن كېيىن :

— ئەپەندىم ، ئۈيقۇسىزمۇ سىز ، ئۇسسۇزمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئەپەندىم ئىمامنىڭ قانچىلىك پىخسىق ئادەم ئىكەنلىكىنى يېمەك - ئىچمەكتىن سۆز ئاچمىغانلىقىغا قاراپ دەرھال بىلىۋاپتۇ - دە :

— ئىمام ئاخۇنۇم ، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋال بىر بۇلاقنىڭ بېشىدا تازا راھەت ئۇخلىۋالغانىدىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

## ئادەم بولۇشنىڭ يولى

بىر كۈنى بىر سۆھبەتتە كىشىلەر ئەپەندىمدىن شۇنداق دەپ سوراپتۇ :

— ئەپەندىم ، ئادەم بولۇشنىڭ يولى نېمە !

ئەپەندىم ئويلاپ - ئويلاپ ، بېشىنى بىر ئۇياققا ، بىر بۇياققا ئىغاڭشىتىپ :

— سۆزلىگۈچى بولسا تىڭشىماقلىق ، تىڭشىغۇچى بولسا سۆزلىمەكلىك كېرەك ، — دەپتۇ .

## خىيالنىڭ پۇرىقى

ئەپەندىمنىڭ بىر كۈنى شورپا ئىچكۈسى كېلىپ ، خوتۇنىغا :

— شۇ تاپتا دورا - دەرمەكلىرى تېتىغان ، تازا مەزىلىك شورپا بولغان بولسا - ھە ، — دەپتۇ . دەل شۇ چاغدا ئىشىكنى بىرسى چېكىپتۇ . چىقىپ قارىسا ، قوشنىسىنىڭ ئوغلى قولىدا بىر كاسىنى تۇتۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان :

— ئانام ئاغرىق ئىدى ، بولسا بىر ئاز شورپا بەرگەن بولسىڭىز ، — دەپتۇ بالا .

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئۆز ئۆزىگە :

— ياﺋاللا ، بىزنىڭ قوشنىلار خىيالنىڭ پۇرىقىنىمۇ بىلىۋالدۇ ، — دەپتۇ .

## ئالدىنىش دېگەن قانداق بولىدۇ ؟

ئەپەندىمنىڭ باللىق چاغلىرىدا ھاكاۋۇر ، ماختانچاق ۋە جاھىل بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن . بۇ ئاغىنىسى ھەممىشە : « مېنى ھېچكىم قايىل قىلالمايدۇ ، ھېچكىم بوي ئەگدۈرەلمەيدۇ » دەپ ماختىنىدىكەن . كىچىك نەسرىدىن بۇ ئاغىنىسىنى ياخشى كۆرىدىكەن ، ئەمما بىر جاڭنى بېرىپ قويمىسام بولمايدۇ دەپ يۈرىدىكەن . بىر كۈنى :

— ھەي ئاغىنە ، مەن سېنى قايىل قىلىمەن ، تولا كۆرەڭلىمە جۇمۇ ، — دەپتۇ ئەپەندىم ئاغىنىسىغا . ئاغىنىسى يەنىلا گېپىدىن يانماي :

— سەن تۇگۇل ، سېنىڭ پادىشاھىڭ كەلسىمۇ مېنى قايىل قىلالمايدۇ ، — دەپتۇ . ئەپەندىم ، شۇئان :

— خوپ ئەمىسە ، مېنى بۇ يەردە بىر ئاز كۈتۈپ تۇر ، مۇھىم ئىشىم بار ، ئاۋۇ يەرگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆر ، سېنى قانداق قايىل قىلىمەنكى ، — دەپ يولغا كېتىپتۇ . ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپتۇ ، ئەپەندىم كەلمەپتۇ . ئاخشام بوپتۇ . مەھەللىنىڭ باللىرى ئۆيلىرىگە قايتىشقا باشلاپتۇ . باللاردىن بىرى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، بۇ ھاكاۋۇر ، ماختانچاق بالىنىڭ كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئۆزى يالغۇز بىرسىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ :

— نېمە قىلىپ تۇرىسەن بۇ يەردە ؟ — دەپ سوراپتۇ . ماختانچاق بالا كىچىك نەسرىدىن بىلەن دېيىشكەن ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . ھېلىقى بالا كۈلۈپ كېتىپ :

— دېمەك ، سېنى ئالداپتۇ — دە ، ئالداش دېگەن يانا قانداق بولىدۇ ، — دەپتۇ . ماختانچاق بالا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ .

## ئاغرىق يوقلاش

ئەپەندىم بىر كۈنى ئاغرىپ قاپتۇ . خولۇم — قوشنىلىرى كېلىپ بېشىغا ئولىشىپتۇ . ھەر ئىشىكتىن بىر ئاۋاز دېگەندەك ، ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان سوئاللارنى قويۇشۇپتۇ . پۈتۈن مەھەللىنىڭ سۆز — چۆچەكنى يىغىۋاشتىن تەرگەۋ قىلىشىپتۇ . شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى ، ئاغرىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشۇپتۇ . ئەپەندىم بىر ياقتىن ئاغرىقنىڭ دەردىدىن ، يەنە بىر ياقتىن گەپ — سۆزنىڭ توللىقىدىن شۇنداق بىزار بوپتۇكى ، بىر ئاغرىقى ئىككى بوپتۇ . كەلگەنلەر ئۆيدىن چىقىش ۋاقتىدا ئۇلاردىن بىرى :

— ئەپەندىم بۇيرۇيدىغان بىرەر ئىشىڭىز بارمۇ ، بىرەر تىلىكىڭىز بارمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ھەي ، — دەپتۇ ئەپەندىم ، — ئاغىنىلەر ، قوشنىلار ، مېنىڭ سىزلەردىن سورايدىغان بىر تىلىكىم بار ، بىر ۋەسىيىتىم بار ، ئاغرىقنىڭ يېنىدا ئاز گەپ قىلىڭلار .

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : **ئەكبەر غۇلام**

# قوشاقلار

قاغىلىقتىن ئات بېلىپ ،
مىنىپ كالدىم يۈگەنسىز .
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم ،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز .

ئالما بەردىم قولۇڭغا ،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا .
ھەپتە بولدى كەلمىدىڭ ،
قاراپ قالدىم يولۇڭغا .

ۋاي ئاپلا ، يامان بولدى ،
بۇغدايلار سامان بولدى .
ئىككى يارى بار مازلار ،
سارغىيىپ سامان بولدى .

ئىرىقىڭدىن ئۆتمەيمەن ،
بەتىنىكەمنى لاي قىلىپ .
سەندەك يارنى سۆيمەيمەن ،
يۈرىكىمنى داغ قىلىپ .

قارمان ① سايدا بۇلاق يوق ،
قاتىنغىلى ئۇلاق يوق .
جاۋاب يازغىن خېتىمگە ،
قوشتاغ ② لىقتا چولاق يوق .

يالاڭ ئاياغ يول يۈرسەك ،
تاپىنىڭغا تاش پاتار .
كۆڭۈل بەرسەڭ ئىككىگە ،
خاپىلىقتا باش قاتار .

باغقا كىرىپ ئالما يەڭ ،
باغنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ .
ماڭا مەيلىڭىز بولسا ،
جاندىن باشقىسى سىزنىڭ .

مەن بىلىمنى باغلىدىم ،
يەتتە قەۋەت سىم بىلەن .
ۋەدىڭىزدە تۇرسىڭىز ،
ئۆمرۈم ئۆتەر سىز بىلەن .

توپا يولدا بوخۇناق ،
ئاغامچىدە توقۇناق .
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن ،
خۇما كۆزلۈك يومۇلاق .

چامدايقۇ يېتەلمىدىم ،
يۈگرەپمۇ يېتەلمىدىم .
ئوتىڭىز يامان ئىكەن ،
تەلمۈرۈپ ، كېتەلمىدىم .

① گۇمىدىكى يېزا ناملىرى .

يۈزىڭىز ئىننا پەتەھنا ،
كۆزىڭىز زىرۇ زەۋەر .
ئىشقىڭىزدا بىمار ئۇلدۇم ،
سىز ئۇنىڭدىن بىخەۋەر .

ئۇ يانمۇ ئېقىن يارىم ،
بۇ يانمۇ ئېقىن يارىم ،
ئۆيىمىز يىراق بولسا ،
كۆڭلىمىز يېقىن يارىم .

يارىنىڭ بېغى شاپتۇللۇق ،
چالما ئېتىپ قاققان يوق .
پۇتۇشكىلى يىل بولدى ،
بىرنى سۆيۈپ باققان يوق .

قىزىل ئالما ئاقلىدىم ،
كۆك ئالمىمۇ ئاقلىدىم .
ئالمىلارغا تەگمەڭلار ،
ئۆز يارىمغا ساقلىدىم .

داۋان ئاشتىم ، قىر ئاشتىم ،
يارنى كۆرۈپ كەلگىلى .
چىدىيالماي ئوتۇڭغا ،
تاسلا قالدىم ئۆلگىلى .

قاغىلىق بازارىدىن ،
ئات ئالايمۇ ، تايچاقمۇ .
چىن گېپىڭنى قىلغۇەت ،
راست كۆيدۇڭمۇ ، چاقچاقمۇ ؟

قوغۇنلۇقتا كىرمەيمەن ،
توك سويمىنى ئۈزمەيمەن .
قەدىناسىم يارىم بار ،
سەن سەتەڭنى سۆيمەيمەن .

يامانىنىڭ يامانىمەن ،
ياخشىنىڭ گادايىمەن .
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق ،
سەن يارىنىڭ خۇمارىمەن .

بېغىڭدىكى قوناقنى ،
ئۆزۈم بېرىپ تاقلايمەن .
سېنىڭ قىلغان گېپىڭنى ،
يۈرىكىمدە ساقلايمەن .

تۇمۇزمۇ بولۇپ قاپتۇ ،
چورۇغۇڭنى سېلىۋەت .
يار بولامسەن ، بولمامسەن ،
راست گېپىڭنى قىلىۋەت .

ناخشا ئېيتىمەن دەرتلىك ،
سېنى ئەسلىگەن ۋاقتا .
ئۇ دۇنيادا قانارمىز ،
بۇ دۇنيا ئىكەن ساختا .

بوزلاچىن كۆككە ئۇچۇپتۇ ،
كۆكتىكى كەپتەر ئۇچۇن .
مەن ئەجەب ئاۋارە بولدۇم ،
سەن قەلەمقاش يار ئۇچۇن .

تام ئۈستىدە ئولتۇرادۇر ،
غۇنچە بويلۇق بىر خېنىم .
لەۋلىرىدىن بال تامادۇر ،
خۇپمۇ تاقەتلىك خېنىم .

تاقىتىڭگە گۈل تېرىدىم ،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىن .
ماڭا قاراپ قويمساڭمۇ ،
سەندىن ئۈمىد ئۈزمىدىم .

توپلاپ رەتلىگۈچى : **غوجەمەمەت مەمەت**

کل اولدم قامچی لاب ایلکاری حشیشی    ایکی اوچین برار اوق بیرله سغی



کوروب ارسلان لار اول ارسلان شکار    باری ایلدی قرانو براق سیکه پست
برافدین کورسه لار تیلبو کیشی نی    سالور جان تولیدین بیر کاک تشتی




**源泉** (布拉克)(维吾尔文)总57期 بۇلاق ( پەسىللىك ژۇرنال ) ئومۇمىي 57 - سان

**MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 108 ، باھاسى : 4.40
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q1118

国内统一刊号:CN65—1063/I
本刊代号:58—108定价:4.40元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

9 771005 087006 1 1>